شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرى-
ياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2003 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

7-يىللىقلار ئۈچۈن

2-قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

س: لۇغەتنىڭ تەركىبى دېگەن نېمە؟

س: ئادەتتىكى لۇغەت بىلەن ئاتالغۇ
لۇغىتىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى
قايسى؟



بۈركۈت







يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بېتخوۋېن



بېتخوۋېن ئاخىرقى قېتىم ئىشلەتكەن پىئانىنو



ئۇلۇغبەگنىڭ ھەيكىلى



جۇڭگو ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك
ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى



ئات



ياۋا تۆگە



پۇشكىن



دۇ فۇ



سەيپىدىن ئەزىزى



ئاپاق خوجا مازىرى



ئاپاق خوجا مازىرى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى
تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

7 - يىللىقلار ئۈچۈن

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

义务教育课程标准实验教科书

# 语 文

七年级 下册

经新疆维吾尔自治区中小学教材
审定委员会 2003 年审查通过

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

http://www.xjjycbs.com

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى: 1240×890، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 9.625

2003 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

2009 - يىل 10 - ئاي 7 - بېسىلىشى

تىرازى: 100 001 — 126 079

ISBN 978 — 7 — 5370 — 4807 — 1

---

باھاسى: 6.26 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2863761, 2870654

# مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : غوپۇر ھاشىم   جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ   ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن   ئابدۇرازاق سايىم

ما شېڭشۇ   ئابلىمىت قاسىم

شياپىن   نۇرباقىت قادىر

ئەكبەر سىراجىدىن   مجىت مۇھەممەد

جاڭ يۈجيې   ئەخەت سالى

قابىلقاق سادىق   ماقاداس ئاقان

دىلشات خالىدىن

تۈزگۈچىلەر : ئابدۇقادىر جالالىدىن

يالقۇن روزى   تەلئەت قادىرى

ئەلى غوجاخۇن   ئەھەت ئامان

مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى : پەرھات ئىلياس

مەسئۇل كوررېكتورى : ئايشەم ئاۋۇت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ھۆرىيەت يۈسۈپ

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇ-

تۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوتسېنت ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى . قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئازاد رەخمۇتۇللا سۇلتان ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن جېلىل ئابدۇراخمان ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن هامۇت ياسىن ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىهاجى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىدىن هامۇتجان ھەكىم ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىيە ئابدۇراخمان قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى . بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا ، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز !

قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 7 - يىللىقلىرىنىڭ 2 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ . كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

2003 - يىلى دېكابىر

قەدىرلىك ساۋاقداش :

7 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» تەجرىبە دەرسلىكىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، بەلكىم ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . مانا ئەمدى 7 ـ يىللىقنىڭ 2 ـ قىسىم يېڭى دەرسلىكى قولىڭىزدا تۇرۇپتۇ ، ئۇ سىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشتە يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ .

قولىڭىزدىكى بۇ قىسىم دەرسلىكنى ئوقۇسىڭىز ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تەسىرات ئالالايسىز ، بالىلىق ھاياتىنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلالايسىز . جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان بىناكارلىق سەنئىتىگە مەپتۇن بولىسىز ، ۋەتەن كۈيلەنگەن تەسىرلىك شېئىرلارغا ئاپىرىن ئوقۇيسىز ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر ئاخبارات ۋە ئۇچۇرلار سىزنى روھلاندۇرىدۇ ؛ ھايۋانات دۇنياسىدىكى سۆيۈملۈك تىيىن ، ياپونىيە ماي قوڭغۇزى قاتارلىقلار سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ .

ئەدەبىيات ئۆگىنىشتە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەش كېرەك . مۇستەقىل ھالدا ئىجادىي ئۆگىنىشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا — ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاللاش ، شۇ جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە يەكۈنلەشتىن ئىبارەت . ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ جېنى — «جانلىق بولۇش»تا . بۇ ، ئەدەبىيات ئۆگىنىش ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى . ئوقۇش ، يېزىش ، ئاڭلاش ، سۆزلەش ، پائالىيەت ، مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ . مۇشۇ قىسىم دەرسلىكنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ سىزنىڭ ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى ئىگىلەپ ، ئەدەبىيات قەسرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشىڭىزغا تىلەكداشمىز .



# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## مەشھۇر شەخسلەر

1 . ئۇلۇغبەگ ······················ ئابدۇقادىر جالالىدىن (2)
2 . مۇزىكا پېشۋاسى بىتخوۋېن ················ خې ۋېي (10)
3 . بۈيۈك بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋا ····························
······························ ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر (16)
4 . مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى ························
································· سەيپىدىن ئەزىزى (23)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

فلوبېرنىڭ ئۆيىدە يەكشەنبە ························· (38)

### يېزىقچىلىق

شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىپ ، خاسلىقىنى
يېزىش ························································ (44)

### ئاغزاكى ئالاقە

سىزمۇ مۇخبىر بولالايسىز ·························· (47)

ئىككىنچى بۆلەك

# باللىقتىكى ھەۋەسلەر

5 . ئىغىر كۆنلەردە ............... ئۆمەر مۇھەممىدى (51)
6 . ئائىلىمىزدىكى ئەزىمەت .............. ۋاڭ ئەنيى(63)
7 . بىز نېمىشقا كېسەل بولىمىز .....................
......................... جورجى ۋىتولكاس (70)
8 . بۇزغۇنچى ........................ ئەخەت ھاشىم (79)

## ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

بالىلار................................................ (90)

## يېزىقچىلىق

ئادەم ۋە ئىشلارنى يېزىشتا يىپ ئۇچى ئېنىق بولۇشى
لازىم.................................................. (93)

## ئاغزاكى ئالاقە

بۇ بالا ۋەتىنىنىڭ ئوغلى .................................. (96)

ئۈچىنچى بۆلەك

# بىناكارلىق سەنئىتى

9 . ئۇيغۇر مىچىتلىرى ...............................
............ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (103)

10 . ۋېرسال سارىيى ······························· جى زۈيىڭ(110)
11 . ئاپاق خوجا مازىرى ········ راھىلە داۋۇت ئەلچىن (114)
12 . زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى ····························
····························· ئابدۇقەييۇم خوجا(119)

## ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى········· (128)
قەدىمكى رىمدىكى گلادىئاتورلار مەيدانى ················ (132)

## يېزىقچىلىق

شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش···(134)

## ئاغزاكى ئالاقە

گەپ ئوبرازلىق بولغاندىلا ، ئادەمنى تەسىرلەندۇ-
رەلەيدۇ ································································ (138)

**تۆتىنچى بۆلەك**

# ھايۋانات دۇنياسى

13 . تىيىن ······························· بۇفون (142)
14 . قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە ·········· ساتتار سالىخ (146)
15 . ياپونىيە ماي قوڭغۇزى (تاللانما) ··········· فابىر (151)
16 . (ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تېپىشت
تونۇشتۇرۇش) ······························ (158)

## ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىڭ

بۈركۈت·························· (159)

گۇناھكار ئېشەك ………………………………… (163)
يېزىقچىلىق
ھايۋانلارنى تونۇشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى
تۇتۇش لازىم ………………………………… (165)

### ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشقا دائىر بىر قېتىملىق
پائالىيەت ………………………………… (168)

### مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«كەلىلە ۋە دىمنە» ………………………………… (171)

### بەشىنچى بۆلەك

## ئاخبارات ۋە ئۇچۇر

17 . ئۇلۇغ تراگېدىيە ………………… ستېفان زىۋېگ (187)
18 . ھەقىقىي قەھرىمان ………………… رېگان (199)
19 . كىرىشتۇرمە خەۋەر ……………………………
……………… مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى (206)
20 . جۇڭگو ـ ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ
ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش
مۇراسىمى شياڭگاڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ……… (213)

### ئوقۇپ ھوزۇرلىنىش

زېمىنىنىڭ كۆزى ............................................ (222)

### يېزىقچىلىق

خەۋەر يېزىش ............................................ (226)

ئەسەر تونۇشتۇرۇش ھەققىدىكى مەخسۇس مەشىق ............ (228)

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

توردا ئوقۇش، يېزىش ۋە ئالاقىلىشىش ............ (233)

## مەخسۇس تېما

ئات ............................................ (239)

## ئالتىنچى بۆلەك

# شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى

21 . چەت ئەل شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ............ (257)

ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى ............ پۇشكىن(257)

مېڭىلمىغان يول ............ روبېرت فروست(258)

ھېكايەت ............ شەيخ سەئدى(259)

22 . كلاسسىك شېئىرلاردىن نەمۇنە ............ (261)

ھۆكۈمدار ۋە قانۇن ............ يۈسۈپ خاس ھاجىپ(261)

چېگرا ناخشىسى ............ دۇفۇ(263)

سەۋرچانلىق ھەققىدە ............ ئەھمەد يوكنەكى(263)
23 . ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن نەمۇنە............ (265)
ئايرىلمىغىل ............ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر(265)
ئالمىدەك يورەكتە ئالەمچە سۆيگۇ ............
............ ئوسمانجان ساۋۇت(266)
قۇچاقلا ، ئۇ — سىنىڭ دادالڭ ............
............ مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن(267)
24 . ناخشا تېكىستلىرىدىن نەمۇنە ............ (271)
تۇگىمەس ناخشا ............ تېيىپجان ئېلىيېف(271)
تار كوچا ............ ياسىن مۇخپۇل(272)
سادىر پالۋان ناخشىسى............ (273)

## يېزىقچىلىق

ئىختىيارىي ئەسەر يېزىش............ (275)

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

مۇشائىرە ............ (277)

ئۇيغۇر تىلى ............ (280)

### قوشۇمچە Ⅰ

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ............ (287)

### قوشۇمچە Ⅱ

خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە ............ (288)

### قوشۇمچە Ⅲ

خەتتاتلىق ............ (291)

بىرىنچى بۆلەك

# مەشھۇر شەخسلەر



دۇنياۋى شەخسلەر ئاسمىنىدا ، كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرغۇن چولپانلارمۇ ، شۇنداقلا ئۆز ئورنىدا ئۈن - تىنسىز چاقناپ تۇرىدىغان سانسىز كىچىك يۇلتۇزلارمۇ بار . ئۇلار ئىنسانلار مەدەنىيتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان . بۇ بۆلەكتە سىز شۇ شەخسلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن تونۇشىسىز .ئۇلار : ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇلۇغ ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ ، بۇددا نوملىرىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بۈيۈك ئالىم ۋە تەرجىمشۇناس كۇماراجىۋا ، جاھالەتكە قارشى مەرپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن مەمتىلى ئەپەندى ، قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە شاد - خۇراملىقنى كۈيلىگەن مۇزىكا پېشۋاسى بېتخوۋېن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . سىز بۇ شەخسلەر بىلەن تونۇشقىنىڭىزدا ، روھىڭىز ۋە پەزىلىتىڭىزنى يۈكسەلدۈرەلەيسىز .







# 1 . ئۇلۇغبەگ

ئابدۇقادىر جالالىدىن①

مۇھەممەت تاراغاي ئۇلۇغبەگ (1394 — 1449) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەنجى ئويغىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئاسترونوم . ئۇ ھاياتىدا دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنى بىرلەشتۇرۇپ ، نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆزى قۇرغان رەسەتخانا ۋە مەدرىسىگە جەم قىلغان . ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇش قارا نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوغلى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى چۆكۈشنىڭ تارىخىي بېشارىتى بولۇپ قالغان .

دۆلەتپاناھ مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرەگانى رەسەتخانىسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى كۈتۈپخانىغا چىقتى ـ دە ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى . ئافراسىياپ قەلئەسىنىڭ شىمالىي ئۇدۇلىدىكى دۆڭگە جايلاشقان رەسەتخانىدىن پايتەخت سەمەرقەندنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ چوڭقۇر خەندەكلەر بىلەن ئورالغان كۆكسارايىنىڭ كۈنگۈرىلىك تاملىرى ، تام ئارقىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ساراي گۈمبەزلىرى ، ئاسمانغا بوي تارتقان مۇنارلىرىغا خىيالچان تىكىلدى ۋە مىيىقىدا

① ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964 ـ يىلى قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان . شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى . شائىر ، ماارىپچى . «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ، «شاراب تومۇرى» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە بىر تۈركۈم تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان . بۇ ئەسەر «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى» ۋە «ئويغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلارغا ئاساسەن يېزىلغان .

كۆلۈپ قويدى . 40 يىلغا يېقىن سەلتەنەت ھاياتى ئۇنى چارچىتىپ
قويغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مىس رەڭ ، سوزۇنچاق يۈزىدىكى سولغۇن-
لۇق ، كەڭ پېشانىسىدىكى ۋە سەل ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدى-
كى قورۇقلار قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى مەغرۇر كۆزلەر بىلەن
بىرلەشكەن ھالدا رىيازەتلىك ، قەتئىي بىر ھاياتتىن دېرەك بېرىپ
تۇراتتى . رەتلىك چار ساقاللىرى ئۇنىڭ تۇمۇرىيلەرگە خاس بېجىرىم
قامىتىدىن كەلگەن سۆلىتىگە ئۆزگىچە بىر سالاپەت بېغىشلىغان ئى-
دى. ئۇ قىلىچ بىلەن قەلەمنى تەڭ تۇتقان يوغان قوللىرى بىلەن
ساقاللىرىنى پات - پات سىيپاپ قوياتتى . يىراقتىكى يېشىل باغلار ،
ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەن قىرلار نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ مەيلىنى تارتات-
تى . سەييارىلەر بىلەن تولغان كائىنات ، رەڭدار تەبىئەت ، مەيىن
شامالLاردا يەلپۈنۈپ تۇرغان قىرلار ۋە ئېدىرلار كىشىگە ئارامبەخش
ھېكمەت لەززىتىنى بېرىدۇ يۇ ، نېمىشقا سەلتەنەت ، تاج - تەخت
دېگەن نەرسىلەر كىشىگە شۇنچە بىئاراملىق ئەكېلىدۇ ؟ شاھلار ھاياتى
ئۇلار بەرپا قىلغان ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرگە ئوخشايدۇ ، ئۇ يىراقتىن
ۋاللىداپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ ، لېكىن ئىچىگە كىرسە زەي ھەم قاراڭ-
غۇلۇقتىن تەن سىرقىرايدۇ . ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ پادىشا-
ھى بولمىسا ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ ؛ ئۇنىڭ غېمىنى يەيدى-
غان ، قىلىچتىن قانداق ۋاقىتتا قان تېمىتىشنى ، قانداق ۋاقىتتا گۈل
ئېچىلدۇرۇشنى بىلىدىغان شاھى بولۇشى كېرەك ، بۇنداق شاھ ئەل
بېشىغا سايىۋەندۇر ، بىر ئەل شۇ تۇپەيلى ئىللەتتىن ، خار ۋە زەبۇن-
لۇقتىن خالىي بولىدۇ ؛ ئاۋامنىڭ كۆپلىرى نادان بولغاچقا ، سېنىڭ
ھېكمەت - پەزلىڭگە ئەمەس ، تاجۇ ئەمىلىڭگە ساداقەتمەنلىك ئىزھار
قىلىدۇ . دېمەك ، قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتقان قولنىڭ ياخشىلىقى
قىلىچنىڭ ئۆچىدىن ئايان بولۇشى كېرەك ، دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھاياتىنى پىتنە - پاساتقا تولغان كۆكسارايى
بىلەن رەسەتخانا ئوتتۇرىسىدا ئۆتتى دېيىشكە بولاتتى . ئۇنىڭ رەسەتخا-
نىدا ئۆتكەن سائەتلىرى كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك بىلىنەتتى . ئۇ ئويۇق-
لارغا تىزىلغان كىتابلارغا ، ئاتا - بوۋىسى ۋە ئۆزى تا ھازىرغا قەدەر

ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن سارايى ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى . ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن ، زەرباب تون يېپىنغان پادىشاھ ھەزرەتلىرى چىقىپ كەلدى ۋە شاگىرتىغا مېھرى بىلەن سەپسالدى .

— بەلكىم ، خەۋرىڭ باردۇ ، — دېدى شاھ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ ، — ئابدۇللېتىپنىڭ قارا بۇلۇتلىرى سەمەرقەند ئاسمىنىغىمۇ يېتىپ كېلەي دېدى...

— خەۋىرىم بار ، ئۇستاز .

— شاھزادە ئابدۇللېتىپنىڭ خۇي - پەيلى ماڭا ئايان ، ئۇز ئوغلىدىن زەخمەت يېتىشى كىشىگە ئەلەم قىلىدۇ . مەن تەختىمنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەمەس ، رەسەتخانام ، كۇتۇپخانام ، ئەتىۋارلاپ يىغىپ كەلگەن قوليازمىلىرىمنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى جاھىللارنىڭ قولىدا بەربات بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن . ئۇلارنى ئاسراپ قېلىش ساڭا تەئەللۇق ئىش بولۇپ قالدى . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ خەتەرلىك ئىش!

— بىلىمەن ، ئۇستاز .

— قېنى ، كەينىمدىن ماڭ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ تەختنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، تامدىكى قارامتۇل يىپەك پەردىنى ئاچتى ، كىچىك بىر ئىشىك كۆرۈندى . ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ ، شام ياندۇرۇپ ئىچكىرىلەپ كىردى . قاتمۇ قات زەي خانىلار-دىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يوغان بىر ساندۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى تەستە ئاچتى . ساندۇق ئالتۇن ۋە ھەرخىل ئۈنچە - مارجانلار بىلەن لىق تولغان ئىدى .

— بۇنى بوۋام ئەمىر تۆمۈر[①] باغداد ۋە قاھىرە خەزىنىلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن . سەن ئۇچۇن بۇ بايلىق ئەمەس . لېكىن ، ئۇ ساڭا مەن تاپشۇرغان بايلىقلارنى قوغداپ قېلىشىڭدا ئەسقاتىدۇ ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ، — ئال بۇلاردىن ، — دەپ ئەلى قۇشچىغا كۆز

① ئەمىر تۆمۈر (1336 — 1405) — چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان تۈرك ئىمپېرا-تورى . ئۇ ئۆز زامانىسىدا ھەربىي ئىستىراتېگىيىدە ئەڭ مۇكەممەل ، تەڭداشسىز ھۆكۈمدار بولغان . ئۇنىڭ قوشۇنى ھەممىلا يەردە نۇسرەت قازانغان ، ئىمپېرىيىسى غايەت كەڭ بولغان . ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ نەۋرىسى .

خالتىنى تۇتقۇزدى. ئەلى قۇشچى ئالتۇن، ئۇنچە ـ ياقۇتلاردىن ئۇستازىنىڭ دېگىنىچە ئالدى.

— رەسەتخانا ۋە ئۇنىڭدىكى كىتابلارنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى. پەلەك مېنى ئاجىز قىلىپ، سەلتەنەت قولدىن كەتسە، خۇراپات ئەۋج ئالىدۇ. سېنىڭ ۋەزىپەڭ تولىمۇ مۇشكۇل، — دېدى ئۇلۇغبەگ ئۆز شاگىرتىغا تاپىلاپ.

— چۈشەندىم، — دېدى ئەلى قۇشچى.

* * *

«كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز ماكاندا ئۆز ئوغلۇمنىڭ پۇشتىغا تۇتقۇن بولدۇم، بۇ ماڭا نى دەرد، نى ئەلەم!» دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز - ئۆزىگە زەردە بىلەن. ئۇ ئالدىدىكى غىزا ۋە شەربەتلەردە زەھەر بار دەپ گۇمانلىنىپ، ئېغىزىغا ئالمىدى. ئۇ ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇ تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قارىدى.

— ئەي، يۇلتۇزلار، بەلكىم، سىلەرنىڭ سىرىڭلارنى بىلگىلى بولار، لېكىن ئادەم بالىسىنىڭ سىرىنى بىلمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس، — دېدى ئۇ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ.

توساتتىن ياساۋۇلنىڭ كىرىپ كېلىشى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ياساۋۇل تەزىم قىلدى ۋە گەپ - سۆز قىلمايلا ئىشىكنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. ياساۋۇلنىڭ تەكەللۇپسىزلىقى ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىگە يەنىلا سىغىپ كەتتى. ئۇ سالامخانىغا كىردى ۋە تۆردە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان شەيخ نىزامىددىننى، ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان سەللىلىك ئىشانلارنى كۆردى.

— گۇناھكار مۇھەممەد تاراغاي... — دېدى شەيخ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. ئۇ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولىۋىدى، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تاشلىدى:

— شاھزادە قېنى؟

— ئۇ سەندەك دەھرى شاھ بىلەن كۆرۈشمەيدۇ.

— كىمنىڭ دەھرىلىكى ۋە كىمنىڭ ئازغۇنلۇقى قىيامەت كۈنى ئايرىلىدۇ .

— بولدى ، بەس . بۇ يەر مۇنازىرە سورۇنى ئەمەس .

— ئىلىمدىن خەۋىرى يوق سەندەك ئاسىيلارنىڭ قولىدىن مۇنازىرىلىشىش كەلمەيدۇ . ئاتىسى بىلەن بالىسىنى زىندىيەتلەشتۈرۈپ ، ئەلگە خاتىرجەمسىزلىك سېلىش ئېغىر گۇناھ ئەمەسمۇ ! ؟

— ھەي ، تەكەببۇر بەندە ! — دەپ توۋلىدى شەيخ ئاۋازى بوغۇلۇپ ، — يۇلتۇزلارنى تەتقىق قىلىمەن دەپ شەرىئەتتىن تايدىڭ ، ئايالىلارنىمۇ ئوقۇتىمەن دەپ ئۇلارنى ھاياسىز قىلىۋەتتىڭ .

— ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر ئەر - ئايالغا ئوخشاشلا پەرزدۇر ، دېگەن سۆزنى ئۇنۇتتىڭمۇ ؟

شەيخ بوغۇلۇپ ، جىمىپ قالدى . ئارىنى سۈرلۈك سۈكۈت باستى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىغا مېڭىپ ، بىر ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى زەردە بىلەن تارتتى . ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرارنى ھەمراھ قىلىپ ئولتۇرغان شاھزادە داڭقېتىپ قالدى .

— مەن سەن بىلەن تەنھا سۆزلەشمەكچىمەن ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەپسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا تىكىلىپ .

ئىشان ئۈن - تىنسىز ھالدا چىقىپ كەتتى .

— سەن ئۆز ئاتاڭنى بۇ يەردىن قوغلاشنى نىيەت قىپسەن ... ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى قەتل قىلغىنىڭ تۈزۈك ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ .

ئابدۇللېتىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ، جىم تۇرۇۋالدى .

— ئوغلۇم ! — دەپ چاقىردى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭغا قاراپ . شاھزادە جاۋابەن :

— كەچۈرگەيسىز ئاتا ، مەن ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىنى يىرالمايمەن ، — دېدى .

— رەسەتخانىغا چىقىلىما !

— سىز رەسەتخانا دەپ يۈرۈپ ، كۆپۈرلۈققا يول ئاچتىڭىز . دەھرىلەر ماكانى بولغان رەسەتخانىغا ئوت قويىمەن ، ئوت !

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىغا تىكىلىپ ، ئەلەملىك كۆلۈمسىرىدى .

— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي ، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن ، — ئىلىم ئەھلىلىرى قاراڭغۇدا ئادىشىپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن يورۇق مەشئەلدۇر ! مەشئەلنى ئۆچۈرمەكچى بولغان شاھ ئۆزى قاراڭغۇدا قالىدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ تېكىستتە ئۇلۇغ ئاسترونوم ئۇلۇغبەگنىڭ ھاياتىدىن بىرقانچە تەپسىلات بېرىلگەن. سىز تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگنىڭ قانداق شەخس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق مەنە ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدە ئۆز قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ:

1) — ئەي، يۇلتۇزلار، بەلكىم، سىلەرنىڭ سىرىڭلارنى بىلگىلى بولار، لېكىن ئادەم بالىسىنىڭ سىرىنى بىلمەك ئانچە ئاسان ئەمەس، — دېدى ئۇ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ.

2) — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن، — ئىلىم ئەھلىلىرى قاراڭغۇدا ئادىشىپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن يورۇق مەشئەلدۇر! مەشئەلنى ئۆچۈرمەكچى بولغان شاھ ئۆزى قاراڭغۇدا قالىدۇ.

3. شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ، يەنى دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىشنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

4. «قوشۇمچە I » دىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە، قايسىلىرىنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىڭلار ۋە نېمە ئۈچۈن شۇ تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭلار:

رەسەتخانا، سەمەرقەند، قويۇق، سۇلتان، شاھزادە، پىتنە ـ پاسات، خەۋپ، مەدرىسە، مەھرەم، ساندۇق.

# 2 . مۇزىكا پېشۋاسى بېتخوۋېن[1]

خې ۋېي

*«تەقدىر سىمفونىيىسى» قەلب تارىڭىزغا ئۇرۇلغاندا ، تەقدىرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان ئۇلۇغ مۇزىكانت بېتخوۋېننى يادىڭىزغا ئېلىشىڭىز مۇمكىن . سىز ئۇنىڭ مۇزىكىدىن باشقا ئىشلىرىنى بىلەمسىز ؟ ئۇ گاس بولۇپ قالغاندىن كېيىن قانداق ياشىغان ؟ بىز تۆۋەندىكى ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق بېتخوۋېننىڭ روھىغا بىللە كىرەيلى .*

مېھمانلار بېتخوۋېننىڭ ئىشىكىنى چەكتى .

— ئۇنىڭ سىلەر بىلەن كۆرۈشكىسى يوق ، — دېدى ئايال خىزمەتكار بوسۇغىدا تۇرۇپ ئوڭايسىزلانغان هالدا ، — ئۇ هېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ . باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن بىزار ، ئۇ هازىر يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىققا موهتاج ...

لېكىن ، كۆڭۈلچەك ئايال خىزمەتكار مېھمانلارنىڭ يالۋۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، پەرتۇقلىرىنى غىجىملىغان هالدا يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرۈشكە ماقۇل بولدى .

— سىلەر دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىڭلار ، — دېدى ئۇ .

ئايال خىزمەتكار مېھمانلارنى بېتخوۋېننىڭ خىزمەت ئۆيىگە باش-

---

[1] بېتخوۋېن (1770 — 1827) — گېرمانىيىلىك كومپوزىتور . 1798 - يىلى ئاڭلاش سېزىمى ئاجىزلىشىشقا باشلاپ ، 1820 - يىلىغا كەلگەندە ئاڭلىماس بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «دالا سىمفونىيىسى» ، «تەقدىر سىمفونىيىسى» قاتارلىقلار بار . بۇ تېكىست «جۇڭگو هازىرقى زامان ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نىڭ 7 - تومى (خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى ، 1983 - يىل نەشرى )دىن ئېلىندى .

لاپ كىردى. ئۇ بەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ قويۇلغان ئىككى پىئانىنو ئىدى. ئايال خىزمەتكار پىئانىنونى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ ماۋۇ پىئانىنودا خىزمەت قىلىدۇ، ئاۋۇ پىئانىنودا مۇزىكا چالىدۇ. بۇ ئۆينى ئەرەختەم ـ پەرەختەم ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئەسلىدە رەتلىۋەتسەم بولاتتى. لېكىن، بۇ بىكارلا بىر ئاۋارىچىلىك. ئۇ بۇ ئۆينى رەتلىشىمنى خالىمايدۇ، رەتلىسەممۇ هايال ئۆتمەي مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئۆينىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئاشخانىسى ئىدى. ئۆزى بىر نېمىلەرنى قىلىپ يەيتتى، يەيدىغانلىرى ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، هەمكارلىشىشىمغا ئۇنىمايتتى. بىچارە تامامەن دېگۈدەك گاس بولۇپ قالدى، تېنىمۇ دېگەندەك ساق ئەمەس. ئۇ ئاۋازلارنى ئېنىق ئاڭلىيالمايدۇ. كىشىنىڭ راستىنلا ئىچى ئاغرىيدۇ. ئۇنىڭ بىر لۈكچەك جىيەنى بار، هەمىشە ئۇنى ئاۋارە قىلىدۇ. ئەنە، ئۇ چۈشتى. ئۇ ماڭا كايىمىسا بولاتتى.

پەلەمپەيدىن ئېغىر ئاياغ تىۋشى ئاڭلىنىپ ئىككىنچى قەۋەتكە كەلگەندە تىنچىپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. ئۇنىڭ بويى بەش ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كېلەتتى. مۈرىسى شۇ قەدەر كەڭكى، گويا تەقدىرنىڭ بارلىق ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالماقچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىمۇ بۇ خىل يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغاندەك ئىدى.

بۈگۈن ئۇ سېرىق تۈگمىلىك سۇس كۆك رەڭلىك كىيىم، ئىچىگە ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان بولۇپ، ئۈستىۋاشلىرى كونا هەم مەينەت ئىدى. چاپىنىنىڭ كەينىدە نېمىدۇر بىر نەرسە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئايال خىزمەتكارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇ ئاڭلاتقۇچ بولۇپ، ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ بولغان ئىكەن.

ئۇ ئۆيدىكى ئادەملەرگە قارىماستىنلا گەۋدىسى چوڭ ئېيىققا ئوخشاپ كېتىدىغان پىئانىنونىڭ قېشىغا ئۇدۇل كەلدى ـ دە، ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇپ، قولىغا قەلەم ئالدى.

مېهمانلار ئەيمىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە ئۇنىڭغا ئۇن ـ

تىنىسىز قاراپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە جاسارەتنى ئۆزىگە يوشۇرغان چىراي ئىدى. ئۇنىڭ ئوت يالقۇنلىرىدەك جۇشقۇن چاچلىرى ئەزەلدىن تارغاق كۆرمىگەندەك قىلاتتى. تىنىق كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن كىشىنى تەپ تارتقۇزىدىغان ئۆتكۈر نۇر چىقىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ھەم قوپال قاڭشىرى ئاستىدىكى چىڭ يۇمۇلۇپ تۇرغان ئاغزى، گەۋدىلىنىپ تۇرغان چاسا ئېڭىكى ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئايال خىزمەتكار ئازراق ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سەۋرىسى توشقاندەك قىلاتتى.

— نېمە؟ يەنە نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — پالاكەت باستىغۇ بۈگۈن مېنى! بالىلار مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، كولدۇرلاتتى، مېنىڭ تۇرقۇمنى دورىدى، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا ئۆز ـ ئۆزىگە.

خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭغا مېھمانلارنى ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى.

— كىملەر ئۇ؟ — دېدى بىتتىخوۋېن، — چىڭراق گەپ قىلىڭلار، مەن گاس، — دېدى ئۇ يەنە تۇم ئاۋازدا.

مېھمانلار بىر ۋاراق قەغەزنى ئاۋايلاپ سۇنۇشتى. بىتتىخوۋېن كۆزەينىكىنى تاقاپ، بىر پەس تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— سىلەر شىرنىڭ ئۇۋۇسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ توكىنى يۇلۇشقا پېتىندىڭلارمۇ، — دېدى. گەرچە ئۇ سۇرلۇك بولسىمۇ، چىرايىدىن سەمىمىي تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى، — سىلەر ئىنتايىن باتۇر ئىكەنسىلەر… ئەمما، سىلەر مېنى چۈشەنمەيسىلەر، ئۆزۈڭلارنىمۇ ماڭا چۈشەندۈرەلمەيسىلەر. يېقىنراق كېلىڭلار، قۇلىقىمنىڭ پالڭ ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

ئۇ قۇلىقىنى ئىما قىلدى ـ دە، مېھمانلارغا قەغەز بىلەن قەلەمنى ئۇزاتتى.

مېھمانلار مۇنداق يېزىشتى: «ھاياتىڭىزنى بىلگۈمىز بار، بىز

ئۇنى مىلليونلىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ھەقىقىي ياخشى روھىڭىزنى ئۇلارغا چۈشەندۈرمەكچىمىز».

يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۈيۈك مۇزىكانتنىڭ كۆزىدە ياش يالتىرىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ھەي، مېنىڭ كۆڭلۈمنى كىممۇ چۈشىنەر! كىشىلەر مېنى تەركىدۇنيا دەپ قارايدىغان تۇرسا، سىلەر قانداقسىگە مېنى تونۇشتۇرۇشنى ئويلاپ قالغانسىلەر! مەن بۇ يەردە تەنھا ئولتۇرۇپ، نوتا يازىمەن، مەن مەڭگۈ مۇزىكا ئاڭلىيالمايمەن. لېكىن، مېنىڭ قەلبىمدىن چىققان سادالار ھەرقانداق چالغۇنىڭ ئاۋازىدىن گۈزەل. مەن بەزىدە ئاھ ئۇرۇپمۇ قالىمەن. مەن ھەقىقەتەن ئاجىز... ئاڭلاش سېزىمىمنى يوقىتىش بىر مۇزىكانت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پاجىئە.»

بېتخوۋېن ئويچان ھالدا ئېيتتى:

— دالىغا يالغۇز چىققانلىرىمدا، بىر توپ دەرەخ ئادەمدىنمۇ ياخشى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، — ئۇ ئارقىدىنلا، — سەن مېنى ماگمىنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋېتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان يانار تاغ دەپ قىياس قىلساڭ بولىدۇ، — دېدى.

بېتخوۋېننىڭ ھاياجانلىق، مەيۈس كەيپىياتى زىيارەتچىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇلار توختىماي خاتىرىلەيتتى.

تەقدىر بېتخوۋېننىڭ روھىنى «گاسلىق»نىڭ گىرانىت تېشى ئىچىگە بەند قىلىۋەتتى. ئۇ بەجايىكى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان تۈرمە ئىدى. «گاسلىق» ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز بەختسىزلىك ۋە ئازاب ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە پانىي دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن يىراق تىنچلىقنى بەخش ئەتتى. ئۇ تەنھا ئىدى. لېكىن، «ئەبەدىيلىك» ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى.

بېتخوۋېن مېھمانلارنى ئۆز خانىسىنىڭ ئاددىي تاماقىغا تۇتۇپ قالدى. تاماقلىنىش جەريانىدا، ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ

بەردى . بالىلىق چاغلىرىدا هايتون[1] ۋە باخلار[2] دىن مۇزىكا ئۆگەنگەنلىرى ، جان بېقىش ئۈچۈن يېزا مۇزىكا ئەترىتىدە دىرىژورلۇق قىلغانلىرىنىمۇ سۆزلىدى . رومىن روللاند[3] نىڭ «يوهان كرىستوف» ناملىق رومانىغا قارىسىڭىز ، بىر ئەزىم دەرياني كۆرىسىز ، بۇ ئەزىم دەريا دەل بىتخوۋېننىڭ ۋۇجۇدىدىن چىققان ۋە ئۇلغايغان .

بىتخوۋېن مېهمانلارغا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق دىرىژورلۇقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى . ئۇ قېتىم «فىدېرىئو»[4] ئورۇنلانغاندى . ئۇ رېتىمغا چۈشۈرۈپ دىرىژورلۇق قىلىۋاتاتتى . تاماشىبىنلارنىڭ چىرايىدا غەلىتە ئىپادە بار بولۇپ ، هېچكىمنىڭ بۇنى دېيىشكە ئاغزى بارمايتتى . نومۇر ئاخىرلاشتى . گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى . بىتخوۋېن هېچنېمىنى ئاڭلىمىغان هالدا ئاممىغا كەينىنى قىلىپ ، دىرىژورلۇق سۇپىسىدا تۇراتتى . ئاخىر بىر قىز چىقىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاممىغا تەزىم قىلىشقا ئۈندىگەندە ، ئۇ ئامما تەرەپكە بۇرۇلدى . ئەسلىدە ئۇ گاس بولۇپ قالغان ئىدى ! ئۇ ئەمدى دىرىژورلۇق قىلالمايتتى !

بىتخوۋېن مېهمانلارغا چوڭ ئاۋازدا دېدى :

— يۈرىكىمدىكى مۇزىكىنى ئاڭلاڭلار ! سىلەر يۈرىكىمدىكى تۇيغۇلارنى بىلمەيسىلەر ! بىر ئوركېستىر پەقەت مېنىڭ بىر مىنۇت ئىچىدىلا يازماقچى بولغان مۇزىكامنى ئورۇندىيالايدۇ .

---

① هايتون (1732 — 1809) — ئاۋسترىيە كومپوزىتورى . «ۋىدا» ، «هەيرانە» ، «سائەت» قاتارلىق يۈزلىگەن سىمفونىيىلىرى ۋە كۆپلىگەن مۇزىكىلىرى بار .

② باخ (1685 — 1750) — گېرمانىيە كومپوزىتورى . ئۇنىڭ هايتون ۋە بىتخوۋېنلارغا بولغان تەسىرى چوڭ بولغان .

③ رومىن روللاند (1866 — 1944) — فرانسىيە يازغۇچىسى ، مۇزىكانت ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى . «يوهان كرىستوف» ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى بولۇپ ، باش پېرسوناژ يوهان كرىستوفنىڭ نۇرغۇن ئىش - ئىزلىرى بىتخوۋېننى ئەندىزە قىلغان .

④ «فىدېرىئو» — بىتخوۋېن بولىيارنىڭ شۇ ناملىق دراممىسىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان ئوپېرا .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئوقۇپ، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇندالڭ:

1) مېھمانلارنىڭ بىتخوۋېننى زىيارەت قىلىش جەريانىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىڭ، بۇ جەرياندا قانداق ئىشلار يېزىلغان؟

2) تېكىستتىكى بىتخوۋېننىڭ ئوبرازىنى بىرقانچە جۈملە بىلەن ئىخچاملاپ كۆرسىتىڭ.

3) سىزگە بىتخوۋېننىڭ قايسى سۆزلىرى تەسىر قىلدى؟ سىز بۇ سۆزلەرنى قانداق چۈشەندىڭىز؟

2. بىتخوۋېننىڭ كىيىنىشى ۋە ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ھەققىدىكى تەسۋىرگە ئوبدان دىققەت قىلىڭ، ئاندىن بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىڭىزگە تونۇش بولغان بىرەر ساۋاقدىشىڭىزنىڭ تاشقى قىياپىتىنى بىرقانچە جۈملە بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىڭ. باشقا ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇ- رۇش ئارقىلىق، كىمنىڭ جانلىق تەسۋىرلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

3. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، بىتخوۋېننىڭ «تەقدىر سىمفونىيىسى»نى ئاڭلاڭ، ئاندىن تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇزىكىدىن نېمىنى ھېس قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ.

4. بۇ تېكىستتە تىنىش بەلگىلەردىن سىزىق (—) كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. سىزىق قانداق جايلاردا قويۇلىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق رولى بار؟

# 3. بۈيۈك بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋا

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر[1]



ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە بۇددىزم غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنى سىڭىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى 1000 يىللار داۋامىدا ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ئانا ماكانى سۈپىتىدە بۇددىزمنى شەرققە تارقىتىشنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلى بولغان. يۇرتىمىزدىن چىققان بۇددا ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلىرى بۇددىزمنىڭ روناق تېپىشىغا، ئومۇملىشىشىغا، بۇددا سەنئىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

كۇماراجىۋا ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇددا نوم ـ ئەھكاملىرىنى

---

① ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر 1965 ـ يىلى باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى. «مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز»، «كۇماراجىۋا»، «كۆسەن تاشكېمىرلىرى ۋە دەريا، ئېقىنلار» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ تېكىست ئۇنىڭ 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «كۇماراجىۋا» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

تەرجىمە، تەپسىر[1] قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇشقا ئاجا-يىپ زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك ئالىمدۇر.

كۇماراجىۋا مىلادىيە 344 - يىلى كۇسەن (كۇچار)دە تۇغۇل-غان. ئۇنىڭ دادا تەرەپ بوۋىسىنىڭ ئىسمى دارتا بولۇپ، ھىندىستاز-لىق ئىدى. دادىسى كۇماراتان تالانتلىق ھەم زېرەك كىشى ئىدى. كۇماراتان ھىندىستان ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنسەپ - ئەمەلە-نى ۋە ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە، كۇسەن خانى ئاقارى پاك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ، دۆلەت ئۇستازى قىلغانلىقى مەلۇم. كۇمارا-جىۋانىڭ ئانىسى جىۋا كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، 20 يېشىدا كۇماراتانغا ياتلىق قىلىنغان.

دېمەك، «كۇماراجىۋا» دېگەن بۇ ئىسىم ھىندىستانلىق دادا كۇ-ماراتان بىلەن كۇسەنلىك ئانا جىۋانىڭ نامىدىن ئېلىنغان. كۇماراتان بۇددا دىنىنىڭ ئوچىقى بولغان ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئىستىبداتلىق بۇددىست ئىدى. جىۋا مىلادىيە 324 - يىلى كۇسەندە تۇغۇلغان. ئۇ خان جەمەتىدىن بولغاچقا، ياخشى شارائىت ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا ھەرقايسى تەرەپلەردە ئوبدان تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. كېيىن ئۇ ئېرىدىن بۇددا دىنى ۋە سانسكـ-رىت تىلىنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن.

جىۋا تەلەپچان، زېرەك، بۇددا بىلىملىرىگە كامىل، بۇددا دىنى ئەقىدىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئايال ئىدى. كۇماراجىۋا بۇنداق ياخشى ئائىلە شارائىتىدا ھەرقايسى تەرەپلەردىن يۇكسىلىشكە باشلىغان. ئۇ ئانىسىنىڭ تەسىرىدە يەتتە يېشىدىلا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ راھىب بولۇپ، كۇسەندىكى خانلىق ئىبادەتخانىسىدا مەشھۇر بۇددىست بوتۇشما ئاقارىدىن تەلىم ئېلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا قېتىرقىنىپ نوم ئۆگەن-گەن. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش داۋامىدا مىليون سۆزلۈك

[1] تەپسىر — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ، شەرھ دېگەنلىك.

مۇناجاتنى سۇدەك يادلاش بىلەنلا قالماي، مەنىسىنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. شۇڭا، ئۇستازى ئۇنى «كارامەت تالانتلىق» دەپ ماختاپ كەتكەن.

بالىسىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم خۇمار قىلىپ تەربىيىلىگەن جىۋا ئۆزىمۇ راھىبەلىك يولىغا ماڭغان ھەمدە بالىسى توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئېلىپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كەشمىرگە بېرىپ، بىرلىكتە ئىلىم تەھسىل قىلغان. كۇماراجىۋا ئاز كۆرۈلىدىغان تالانتقا ئىگە بولغاچقا، ئۇ يەردىمۇ نامى چىققان.

كەشمىر خانى كۇماراجىۋانىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ راھىبلىرىغا ئۇنىڭ بىلەن بۇددا ئىلمى جەھەتتە مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنى بۇيرۇغاندا، ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن كۇماراجىۋا ئۆزىنى بالا چاغلاپ مەنسىتمىگەن راھىبلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭىۋالغان.

ھەرقايسى دۆلەتلەر كۇماراجىۋانىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ دانىشمەن بالا كۇماراجىۋاغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز مەملىكەتلىرىدە ئىلمىي پائالىيەتلەردە بولۇشقا تەكلىپ قىلىشقان. نەتىجىدە، ئۇ ئانىسى جىۋا بىلەن بەلخ قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان.

كۇماراجىۋا كەشمىردە 3 يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ يۇقىرى مەنسەپ، كۆپلەپ ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى تۇتۇپ قېلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

مىلادىيە 356 - يىلى كۇماراجىۋا ئانىسى جىۋا بىلەن بىللە كۇسەنگە قايتىش سەپىرىدە قەشقەرگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. ئۇ قەشقەردە بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك، ئىلمى نۇجۇم قاتارلىق ئىلىملىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن.

ئانا - بالا ئىككىسى كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خان،

ئوردا ئەمىرلىرى ، راھىبلار ھەمدە ئاۋام قاتناشقان كاتتا مۇراسىم ئۆيۈشتۇرۇپ كۈتۈۋېلىنغان . كۇسەن خانى ئاقارى پاك مەخسۇس كۇ- ماراجىۋا ئۈچۈن شىر شەكىللىك ئالتۇن پۇتلۇق تەخت ياسىتىپ ، ئۇنى رۇم كىمخابلىرى بىلەن بېزەپ ، ئۆزى ئاشۇ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا دۈم يېتىپ ، كۇماراجىۋانى ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ تەختكە چىقىپ بۇددا نوم - سۇترىلىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان . بۇ ۋاقىتتا چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان ، نامى يىراق - يېقىنلارغا پۇر كەتكەن ئىستېداتلىق بۇ ئالىم ئەمدىلا 20 ياشلارغا كىرگەن يىگىت ئىدى .

كۇسەن خانى ئاقارى پاكنىڭ كۇماراجىۋانى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىززەتلىشىدىكى سەۋەب قانداقتۇر كۇماراجىۋانىڭ ئۆز سىڭلىسىنىڭ بالىسى بولغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى كۇماراجىۋانىڭ كامالەتكە يەتكەن بىلىم ئىگىسى بولغانلىقىدىن ئىدى .

كۇماراجىۋا 39 يېشىغىچە كۇسەندە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان .

مىلادىيە 379 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك راھىبلىرىدىن سېڭ چۈن ، تەن چۇڭ قاتارلىقلار كۇسەندە زىيارەت ھەم ئۆگىنىشتە بولۇپ ، چاڭئەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، كۇسەندە ماھايانا① بۇددىزمىنىڭ قالتىس روناق تاپقانلىقىنى ، ماھايانا نوملىرىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىغان ، غەربىي يۇرتقا داڭلىق كۇماراجىۋا دەپ ئاتىلىدىغان ئاجا- يىپ تالانتلىق بىر ئەۋلىيانىڭ بارلىقىنى ئالدىنقى چىن② پادىشاھى فۇجيەنگە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ بەرگەن .

شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەت ئىزالىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يۇرتنى ئىدارە

---

① ماھايانا — بۇددىزم تەلىماتىدىكى بىر مەزھەپ . ئۇ چوڭ كۆلوڭكو ياكى ئۇيۇق راۋان تەلىماتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە كۇماراجىۋانىڭ «ھەقىقى ئالەم» دېگەن ئەسىرىدە مۇپەسسەل بايان قىلىنغان .

② ئالدىنقى چىن — مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بارلىققا كېلىپ ، قىسقا مۇددەت دەۋران سۈرگەن خانلىقنى كۆرسىتىدۇ .

قىلىشتا كۇماراجىۋادەك مەنىۋى داھىيغا تولىمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ فۇجيەن شىرمەت سانغۇنى لۈي گۇاڭنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— غەربىي يۇرتتىكى كۇسەندە كۇماراجىۋا ئىسىملىك ناھايىتى بىلىملىك ياش بىر ئۆلىما بارمىش، پۈتكۈل بۇددىزم دۇنياسىدا تەڭداشسىز كامالەت ئىگىسىمىش. بۇ كامالەت ئىگىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە قانچىلىك ھەربىي چىقىم كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، غەربىي رايونغا لەشكىرىي يۈرۈش قىلماي بولمايدۇ. شەرت، كۇماراجىۋانى ساق - سالامەت ئېلىپ كېلىش، — دەيدۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا.

مىلادىيە 381 - يىلى سانغۇن لۈي گۇاڭ خىللانغان 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۇسەنگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ، كۇسەن خانى ئاقارى پاك قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، كۇسەن دۆلىتىنىڭ «دۆلەت گۆھىرى» بولغان كۇماراجىۋانى لياڭجۇغا ئېلىپ كەتكەن.

كۇماراجىۋا لياڭجۇدا ھاياتىدىكى زور بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈرگەن. لۈي گۇاڭ لياڭجۇدا كۇماراجىۋاغا ئاتاپ مەخسۇس ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ بەرگەن (بۇ ئىبادەتخانا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە) ھەم دائىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىشقان. كۇماراجىۋا بۇ مەزگىلدە خەنزۇ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە يۈزلىنىپ، خەنزۇ تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى ۋە تارىخىنى ئۆگەنگەن. يەنە كۆپ خىل دىئالېكتلارنىمۇ ئۆگىنىپ خەنزۇ تىلى ئاساسىنى پۇختىلىغان. كۇماراجىۋا لياڭجۇدا تۇپتوغرا 16 يىل خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا كۇماراجىۋانىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى خانلىقلار ئۇنى ئۆز خانلىقىغا ئېلىپ كېلىشكە تەقەززا بولغان ۋە قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرغا قەدەر ھاكىمىيەت، زېمىن، بايلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرى كۆپلەپ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۇماراجىۋانى تالاشقاندەك «ئادەم

تالىشىش» ئۇرۇشلىرى كەمدىن ـ كەم كۆرۈلگەن.

401 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۇماراجىۋا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەشھۇر شەھەر چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇماراجىۋا كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئۇستازى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ باشقۇرۇش ۋە غايەت زور تەرجىمە ئاپپاراتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، دەرس ئۆتۈش خىزمىتىنى باشلىغان. ئۇ ھەرقايسى جايلاردىكى راھىب-لارنى چاڭئەنگە يىغىپ، 800 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان غايەت زور تەرجىمە ئاپپاراتى تەسىس قىلغان. بۇ ئاپپارات كۇماراجىۋا-نىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇددا نوم ـ بىتىكلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە شەرھلەشكە كىرىشىپ، مىلادىيە 401 ـ يىلىدىن مىلادىيە 413 ـ يىلىغىچە بولغان 12 يىل ئىچىدە جەمئىي 300 جىلدتىن ئارتۇق بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىكتە ئومۇملىشىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

كۇماراجىۋانىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ خەنزۇچە شېئىر ـ نەزمىلەرنى يېزىشقىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ ئادەتتە دىئالېكتلارنى ئۆگىنىشكە ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە، تەرجىمە قىلغان سۇترىلاردا مەزمۇن توغرا ئىپادىلىنىپلا قالماي، سۆزلىرى ئىخچام، راۋان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تەرجىمە ئۇس-لۇبى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

كۇماراجىۋا گەرچە چوڭقۇر بىلىملىك بولۇپ، باشقىلاردىن ئې-شىپ چۈشسىمۇ، ئەمما ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرگە ھەمدە يىراقتىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ چاڭئەندىكى 12 يىللىق تەرجىمە ھاياتىدا چوڭقۇر مەلۇماتلىق بىرمۇنچە خەنزۇ راھىبلارنى يېتىشتۈرۈپ چىق-قان. ئۇ مىلادىيە 413 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كۇماراجىۋا ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «مەن قازا

قىلىپ، تېنىم كۆيدۇرۇلسە كۆيدۇرۇلسۇنكى، تىلىم كۆيمىسۇن» دېگەن. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆز تەرجىمىلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

كۇماراجىۋانىڭ جەسەت كۆلى چاڭئەندىكى ئۇ تۇرغان ساۋياۋ باغچىسىغا دەپنە قىلىنغان. پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى، چەت ئەل ئەلچىلىرى، كۇماراجىۋانىڭ شاگىرتلىرى كاتتا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ مەرھۇمنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقان. كۇماراجىۋانىڭ ئىبادەتخانىسى ھېلىمۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ ۋېي شەھىرىدىكى شىمالىي چوڭ كوچىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

1994 - يىل 9 - ئايدا كۇماراجىۋا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1650 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە كۇماراجىۋانىڭ مىس ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو، ياپونىيە، كورېيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 140 تەك مۇتەخەسسىس، ئالىم كۇماراجىۋانىڭ جاھانشۇمۇل ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ تېكىستىمۇ ئالدىنقى ئىككى تېكىستتىكىگە ئوخشاشلا مەشھۇر شەخس يېزىلغان. سىز ئاۋۋالقى ئىككى تېكىست بىلەن بۇ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىدا قانداق پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىڭىز؟ سۆزلەپ بېقىڭ.

2. تېكىستتىن بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋانىڭ بۈيۈكلۈكىگە ئائىت ۋەقەلەرنى تېپىپ چىقىپ بايان قىلىڭ.

3. سىز ئۆز يۇرتىڭىزدا قانداق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىسىز؟ ئۇلار توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

4. تېكىستتە ئىشلىتىلگەن سىزىقچىلار (-) قانداق جايدا ئىشلىتىلگەن؟

## 4 . مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى

سەيپىدىن ئەزىزى[1]



1934 ـ يىلى ئاتۇشتا تا-
رىختا كۆرۈلمىگەن بىر مائارىپ-
چىلىق ھەرىكىتى باشلاندى . بۇ
يالغۇز ئاتۇش تارىخىدىلا ، قەش-
قەر تارىخىدىلا ئەمەس ، بەلكى
پۈتۈن شىنجاڭ تارىخىدا ، ئۇي-
غۇرلار تارىخىدا ئىلگىرى بولۇپ
باقمىغان بىر يېڭى مائارىپچى-
لىق ھەرىكىتى بولدى . 20 ـ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى ئا-
تۇشتا ۋە كېيىن ئىلى ، چۆ-
چەك ، تۇرپانلاردا يېڭى مەكتەپ-
لەرنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭدا
يېڭى مەرىپەتچىلىكنىڭ — مائارىپنىڭ باشلىنىشى بولغان تارىخىي
ۋەقەلەر ئىدى . لېكىن ئۇ مائارىپچىلىقنىڭ دائىرىسى تار ، ۋاقتى

[1] سەيپىدىن ئەزىزى 1915 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان . 2003 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 88 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولغان . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان . «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتناشقان . مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ، سىياسىئون ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى ، تونۇلغان يازغۇچى ، دراماتورگ ، شائىر . ئۇنىڭ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ، «ئامانىساخان» ، «ئۆمۈر داستانى» ، «ئەۋلىيا ئاتا» قاتارلىق ئون پارچىگە يېقىن كىتابى نەشر قىلىنغان . بۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ «ئۆمۈر داستانى»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

قىسقا بولدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭى مائارىپچىلىققا ئىز سېلىپ بەردى . بۇ دورقى يېڭى مائارىپچىلىق بولسا ، دائىرىسى كەڭ ، مەزمۇنى مول ، قۇرۇلۇشى چاققان ، روھى ئۆتكۈر مائارىپچىلىق بولدى .

1934 ـ يىلىنىڭ يېزىدا قەشقەر تىنچلاندى ، ھەربىي ، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىندى . ئەمدى قەشقەردە ئىگىلىك ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىندى . مەھمۇد شىجاڭ تۈركىيىدىن كەلگەن بىرنەچچە ئەپەندىلەر ئارقىلىق مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى .

بىز دېمەكچى بولغان ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپچىلىقنى ئاشۇ تۈركىيىدىن كەلگەن ئەپەندىلەر ئىچىدىكى مەمتىلى ئەپەندى (قەلەم ئىسمى تەۋپىق ) دېگەن كىشى باشچىلىق قىلىپ ئېلىپ باردى . مەمتىلى ئەپەندى مەن بىلەن تۇغقان بولۇپ ، دادامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىلىم ئىزدەپ شىمالىي شىنجاڭغا چىقىپتۇ ، كېيىن چۆچەك ئارقىلىق تاشكەنتكە بېرىپ ، ئۇ يەردە ھەم ئىشلەپ ، ھەم ئوقۇپتۇ . كېيىن يېڭىدىن جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغان تۈركىيىدە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قارا دېڭىز بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ ، شۇ يەردە تۈركىيىدىن كەلگەن بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ تۈركىيىگە بېرىپتىكەن . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، تۈركىيىدە ئاۋۋال خېلى كۆپ قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ ، دائىم بىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەپ يۈرىدىكەن . ئاشخانا خوجايىنى ئۇنىڭ تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ (مەمتىلى ئەپەندى ئەسلىدە تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا ھەم ئوبدان ناخشىچى بولۇپ ، قەشقەردىن ئېلىپ ماڭغان تەمبۇرنى تاشلىماي تۈركىيىگىچە ئېلىپ بارغانىكەن ) . ئۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا ھېلىقى خوجايىننىڭ تەلىپى بىلەن ئاشۇ ئاشخانىدا تەمبۇر چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بوپتۇ ، ئاشخانىنىڭ خېرىدارىمۇ كۆپىيىپتۇ ، بارا ـ بارا ئۇ تۈرك سازچى ـ ناخشىچىلىرى بىلەنمۇ دوست بوپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ھېلىقى خوجايىن ئۇنى بىر ئەمەلدارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ ، ئۇ ئەمەلدار مەكتەپكە

كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ، ئوقۇپ ياخشى بىلىم ئاپتۇ.

1933 ـ يىلى شىنجاڭدا مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى خەلق قوزغىلىڭى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئايرىلغىنىغا 10 يىللار بولغان ۋەتىنىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. 1934 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا قەشقەر ۋەزىيىتى، جۈملىدىن پۈتكۈل شىنجاڭ ۋەزىيىتى نىسپىي تىنچلانغان بولۇپ، شېڭ شىسەي دوبەن، خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولغان ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە يېڭىدىن كاتىپلىققا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى مېنى تېپىپ: «كاتىپلىقىڭىزنى تاشلاڭ، ئاتۇشقا بارىلى» دېدى. «نېمە ئىش قىلىلىمىز؟» دېسەم، «مەكتەپ ئاچىمىز» دېدى. ئەتىسىلا بىز ئاتۇشقا ماڭدۇق. ئىككىمىز بىر مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىققانىدۇق، ئۇ يول بويى ئاتۇشتا قانداق يول بىلەن مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى، مەن بەك روھلاندىم.

بىرەر ھەپتە دېگۇدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىلغار مۇتىۋەرلەر، ياش دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ پىلانى جىددىي ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش ئىدى. بىرى، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىش؛ يەنە بىرى، ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىنىڭ ھەممىسىدە 24 مەكتەپ سېلىش؛ ئالتە ئاي ئىچىدە ھەممە تەييارلىقنى تۈگىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشىنى باشلاش. بۇ بەك مۇھىم، لېكىن جىددىي پىلان ئىدى. بىز بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوللىغان بولساقمۇ، بۇ پىلاننى مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجرا قىلىشقا كۆزىمىز يەتمەيتتى. لېكىن، مەمتىلى ئەپەندى بىزنى بۇ پىلاننى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قەتئىي بەل باغلىغان جاسارىتى، ئىشەنچى، چاقماقتەك ھەرىكىتىگە قاراپ بىزمۇ ئەگەشتۇق. مۇئەللىملەر مەكتىپى دەرھاللا ئاستىنئاتۇش ئوغۈبرىقتىكى بىر مەدرىسىدە

ئېچىلدى. بىز بۇنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى تەييارلىقنى قىلىپ بوپتىكەن. ئۇ بىرقانچە ئىلغار زىيالىيلار ۋە بايلاردىن «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرۇپ تەييارلىق قىپتۇ. مەن بىرنەچچە دوستلىرىمنى يىغىپ يۇرت ـ يۇرتقا بېرىپ، ئوقۇغۇچى تەييارلاشقا كىرىشتىم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى دېگەندە ئوقۇش باشلىۋەتتۇق.

ھەممىمىز ياش تەلەپكارلار بولۇپ، 60 تەك بالا ئىدۇق. ئاخشىمى ئاشۇ مەدرىسىدە ياتاتتۇق، تامىقىمىزدىن تارتىپ خىراجىتىمىزنىڭ ھەممىسى «ئاتىلار ھەيئىتى» بايلاردىن توپلىغان ئىئانە بىلەن تەمىن ئېتىلەتتى.

مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندى ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ بىردىنبىر ئوقۇتقۇچىسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى بولۇپ، تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتەتتى. دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆزى بېرىشتىن تاشقىرى، دەرس تەييارلاش، بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، تۇرمۇش تەرتىپىنى باشقۇرۇش، «ئاتىلار ھەيئىتى» بىلەن مەسلىھەتلىشىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ چېپىپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى. تېخى بۇلاردىن باشقا، ئەتىگەندە بىر سائەت، چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىر ـ ئىككى سائەت تەنھەرىكەت مەشغۇلاتى (مەش دەسسەش)غا باشچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى تېخى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيتتى. كەچلىكى ئۇلگۈرسە تاماق يەپ، بولمىسا ناننى ئېلىۋېلىپ، ئات مىنىپ چىقىپ كېتەتتى. كېچىچە كەنتلەرگە بېرىپ، ئۆزى تەشكىل قىلغان «ئاتىلار ھەيئىتى» بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى مۇزاكىرە قىلاتتى. پۇلدارلارنى يىغىپ ئىئانە توپلايتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر جاي تېپىپ ئۇخلىسا ئۇخلاپ، ئۇخلىمىسا كېچىلەپ قايتىپ كېلىپ بىزگە دەرس بېرەتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ باشقا كەنتلەردىن قايتىپ كېلىپ توپتوغرا دەرسخانىغا كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاياتتۇق. لېكىن ئۇنىڭدا تەتۈرىچە، روھىي ئۇستۇنلۇك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا ئاۋۋال بىزگە خۇشاللىق بىلەن كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ ياخشى كېتىپ

بارغانلىقىنى، پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچى بارلىقىنى سۆز-لەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكە-تى، ئاشۇ ئۇمىدۋار، جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى.

بۇنداق مۇھىم ھەم جىددىي پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن جاپالىق كۆرەشلەردىن كېيىن پىلان ئالتە ئايدا ئەمەس، ۋاقىتتىن ئىلگىرى بەش ئايدا ئەمەل-گە ئاشتى. ئەمەلگە ئاشقاندىمۇ ئويلىمىغان دەرىجىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. بىز مۇئەللىملەر كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلىشىدا «بىز — مۇئەللىم» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ كەنت -كەنتلەرگە بېرىپ، يېڭىچە سېلىنغان مەكتەپلەردىكى سىنىپتا پاكىز رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇستەل ئۈستىدى-كى تىزىم بىلەن تونۇشۇپ، دوسكا ئالدىدىكى بورنى قولىمىزغا ئېلىپ دەرس باشلاپ كەتتۇق. بۇ، ھەقىقەتەن كارامەت ئىش، ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئىش بولغانىدى. ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ياقتىن 60 مۇئەللىم تەييارلاش، بىر ياقتىن 24 كەنتتە 24 مەكتەپ سېلىش، 10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنى يېڭى پارتىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس ئاڭلاشقا تەييار قىلىش راستىنلا قالتىس ئىش ئىدى.

لېكىن ئاتۇشتىكى بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ پىلانى ئاسانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. ماددىي، تەشكىلىي جەھەتتىكى بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش قىيىن بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىك خەلق، ئاتىلار، ئاتىلار ھەيئىتى، ئىلغار بايلار چوڭ ياردەم قىلدى. ئاساسىي قىيىنچىلىق — قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ، دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن پەن - مەدەنىيەتنىڭ ئارىسىدىكى كۆرەش بولدى. قالاق كۈچلەر، خۇراپاتچىلار بۇ ھەرىكەت-كە تۈرلۈك يوللار بىلەن قولىدىن كەلگەنچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، كۆرەش جىددىي بولدى.

مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇشى باشلانغاندىن ۋە يې-زىلاردا مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ دىنىي

كۆچلەر ئاۋۋال ھەرخىل تەتۈر تەشۋىقات ۋە ئىغۋالارنى قىلىشقا باشلى-
دى . «كالتە قۇيرۇقلار ، دەھرىيلەر دىنىمىزغا قارشى ھەرىكەت باش-
لىدى ، بولشېۋىكلارنىڭ مەكتەپلىرىنى سالغىلى ۋە ئاچقىلى تۇردى .
بۇلار ھەممىسى مۇناپىق ، ئىمانسىز ، كالتە قۇيرۇق ، ئۇزۇن چاچ ،
ساقىلى يوقلار . دىنىمىزنى قوغدايلى ...» دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر
تارىلىپ تۇردى . مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ نەزىرىدە بىز ئاشۇ ئۆكتەب-
رىنقىلا توپلانغان ئوقۇغۇچىلار گوياكى دىنغا قارشى گۇرۇھ ، بولشې-
ۋىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كالتە قۇيرۇقلار ، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق
يامان ئادەملەر بولۇپ قالدۇق . دېمىسىمۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزدا بىراقلا
ئۆزگىرىش بولغانىدى : كالتە چاپان كىيدۇق ، بېلىمىزدە پوتا يوق ،
ساقال - بۇرۇت قويماي چاچ قويدۇق ۋە بېشىمىزغا غەيرىي رەسمىي
شەپكە كىيۋالدۇق . ئېيتىدىغىنىمىز يېڭىچە شېئىر ، مېڭىشىمىز باش-
قىچە . قىياپىتىمىز ، ھەرىكىتىمىز بىلەن ئادەتتىكى پۇقرادىن ئالاھى-
دە بولۇپ ئايرىلىپلا قالدۇق ، ئەمما كۆپچىلىك خەلق بىزنى قوللايت-
تى ، ياشلار قوللايتتى ، ئاتا - ئانىلار قوللايتتى . ئەمما مۇتەئەسسىپ-
لەر ئەزۋەيلەپ ، كۈرەش جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، يېزى-
لاردا سېلىنىۋاتقان بىرمۇنچە مەكتەپلەر ئۇلارنىڭ تەھدىت سېلىشى
بىلەن توختاپ قالدى . بىزنىڭ ئوقۇشىمىزمۇ توختاش خەۋپىگە دۇچار
بولۇپ قالدى . ئاشكارا - يوشۇرۇن تىللاش ، ئۇرۇش كۆپەيدى .
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدىغاندەكلا بولۇپ قالدى .
ئەمدى يۇقىرى رەھبەرلىكتىن ياردەم ئالمىغاندا ، پۈتۈن ھەرىكىتىمىز
توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالدى .

شۇ ئەھۋالدا مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇد شىجاڭغا ئەھۋالىدىن
دوكلات بېرىش ئۈچۈن ، بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قەشقەر شەھرىگە
بارىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر قىلدى . مەھمۇد شىجاڭنىڭ : «كەل-
مەي تۇرۇڭلار» دېگەن جاۋابىغا قارىماي ، ئوقۇشنى توختىتىپ قويۇپ
بىر ھەپتە تەييارلىق قىلدۇق . تەييارلىق : شېئىر - ناخشا ئۆگىنىش ،
مەشكە مېڭىشنى ئۆگىنىش ، يېڭى كىيىم تىككۈزۈش (ئوخشاش فور-
ما) ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى كىشىلىك ، بىر كۆرۈنۈشلۈك شىكا-

يەتنامە تەييارلاش بولدى . قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئەترەت تەييارلاندى . بىز شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق . بىز يولغا چىققاندا يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك ، ئەر - ئايال يىغىلىپ ئۇزاتتى . كىشىلەردە بەك ھاياجانلىنىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بىزنىڭ ئەترىتىمىز راستتىنلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك ، روھلاندۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى . تۆتتىن بولۇپ تىزىلغان ئۇزۇن ئەترەتنىڭ ئالدىدا بىر بالا مەشئەل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ، «ئىزچىلار»[1] دەپ خەت يېزىلغان قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى . ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى چوڭ ، ئىككى كىچىك دۇمباق ، ئىككى سۇناي ، بىر نەيلىك سازچىلار مارش ئاھاڭىغا ئەتراپنى ياڭرىتىپ چېلىپ ماڭدى . كىيىملىرىمىز ماش رەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن قايرىما ياقىلىق ، ئىككى يانچۇقلۇق كۆڭلەك ، بېلىمىزدە تاسما ، شالۋۇرمۇ ماش رەڭدە ، بېشىمىزدىمۇ شۇ رەڭدىكى قۇلىقى ئۈستىگە قايرىلغان ، چېكىلىكلىك شەپكە بار ئىدى . سول قولىمىزدا بىر دەپتەر - قېرىنداش ، ئوڭ قولىمىزدا ئىزچىلار كالتىكى دەپ ئاتالغان نوغۇچتەك چىرايلىق ياسالغان كالتەك كۆتۈرگەندۇق ، يەڭلىرىمىز شۇمىدەكلەنگەن ، بېشىمىز ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ، مەيدىمىزنى كېرىپ ، ھەربىيلەرچە ھەيۋەت بىلەن شېئىر ئېيتىپ مارشقا ماڭىمىز . ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىدۇ . دىلىمىزدا ياشلاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . تەڭ ئاۋاز بىلەن قەدىمىمىزگە كېلىشتۈرۈپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيمىز :

بىز ئىزچىلارمىز قوللىرىمىز گاڭ ،
كۆزىمىز نۇرلۇق ، قەلبىمىز ساغلام .
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز ،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام .
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

---

[1] «ئىزچىلار» — يول ئاچقۇچىلار دېگەن مەنىدە

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا ،
ئېشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا .
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا .
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شېغىل تاش ،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش .
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى ،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش .
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ شەكىلدە كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ يۇرتتىن چىقىپ ، قۇمال تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى بايراقتىن كېيىنرەك ئەترەتكە ياندىشىپ ماڭاتتى . مەن ئەترەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق يانداپ شېئىرغا باشلامچىلىق قىلىپ ھەم «بىر — ئىككى — ئۈچ» دەپ ئاياغلارنى تەڭشەپ ماڭدىم .

بىز چۆللەردە ئىختىيارىيراق ، يۇرتقا كىرگەندە يەنە ھېلىقى ھەيۋەتىمىز بىلەن ماڭىمىز ، شۇنداق قىلىپ ، بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئۆتۈپ ، كەچقۇرۇنلۇقى ئاپاق خوجا مازىرىغا كېلىپ توختىدۇق . ئۇ يەردە مەجىددىن ئەپەندى بىلەن مەھمۇد شىجاڭنىڭ ئىككى — ئۈچ كادىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن . ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە شەھەرگە كىرمەي مۇشۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىپتۇ . بۇ مەھمۇد شىجاڭنىڭ پىكرى ئىمىش . نېمە ئۈچۈن قايتىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى مەن ئۇقمىدىم ، لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىماپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق . يەنە تۇنۇگۇنكىدەك تىزىلىپ ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ، تېخىمۇ ھەيۋەت

بىلەن ماڭدۇق.

بىز دۇمباق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۈنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ناخشا ئوقۇپ، مەھمۇد شىجاڭنىڭ قوماندانلىق باش شتابىنى ياڭرىتىپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇد شىجاڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. ئۇ بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ھويلىنىڭ ئۆزىمۇ بىر دەمدىلا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىرەك بىر ئۈستى يېپىق سۇپا بار ئىكەن، مەھمۇد شىجاڭ شۇ يەرگە چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ قىسقىچە سۆز قىلدى. ئۇ بەك ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى بىزنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىكى قوللىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىچە، بىز ئۇنىڭ تولۇق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەھمۇد شىجاڭ سۆزلەپ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى دوكلات تەرىقىسىدە قىسقىچە سۆزلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ يوللىرىمىزنى جاھىللار توسماقتا، بىزگە ياردەم كېرەك» دەپ، ئاخىرىدا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرنى چوڭ ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۈمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.
ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ،
جەڭ - چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.
ئەي ئانا يەر، پاك - مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ - مېھرىڭ ۋە سۇتۇڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.
جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم - ئىرپان يولىدا،
ئاھ! لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا.
بەلنى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم،
ئەمما بىزگە باشپاناھدىن بەكمۇ لازىم ياردەم.

مەمتىلى ئەپەندى دېكلاماتسىيىنى شۇنداق جانلىق قىلدىكى، پۈ-
تۈن ھويلىدا ئولتۇرغانلارنى ھاياجانغا كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ يەردە تۇر-
غانلار ئۈزلۈك چاۋاك چېلىشتى، بەزىلەر كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشتى.
مەمتىلى ئەپەندى سۇپىدىن چۈشكەندە، مەھمۇد شىجاڭ قول ئېلىشىپ
كۆرۈشۈپ ئاندىن ئولتۇرغۇزدى. كىشىلەردە شۇنداق بىر خۇشاللىق
كەيپىيات پەيدا بولدىكى، ھەممەيلەننىڭ مەكتەپ ھەرىكىتىگە توسقۇن-
لۇق قىلغۇچىلارنى تىتمۇەتكۈسى كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ مەمتىلى
ئەپەندىگە، بىزگە بولغان زوقى، سۆيۈنچى تېخىمۇ ئاشتى.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككى كىشىلىك ئويۇنىمىز باشلاندى. بۇنى ئو-
يۇن دېسىمۇ، بىر - بىرى بىلەن تالاشقان ئىككى كىشىلىك سۆھبەت
دېسىمۇ بولاتتى. ھەرىكەتلىرىمىز، سۆز - ئاھاڭلىرىمىز ئارتىسقا
ئوخشايتتى. ئەگەر ئويۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ بىرىنچى
قېتىم سەھنىگە چىقىشىم، ئەگەر نۇتۇق دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ
مېنىڭ مۇشۇنداق سەھنىدە بىرىنچى قېتىم سۆزلىشىم ئىدى.

مۇھەممەد ھۇسەيىن دېگەن ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ سۆز
باشلىدى. ئۇ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ھەرىكىتى، مۇئەللىملەر يېتىشتۈ-
رۈش كۇرسىنىڭ ئۇتۇقلىرى، يۇرت - يۇرتتا مەكتەپلەر سېلىنىۋاتقان-
لىقى ۋە يېڭى ئىلىم - ئىرپان يولىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا
تەنتەنىلىك سۆزلەپ كېلىپ: «بىز ئاتلاندۇق، بىز قولـىمىزغـا
قەلەم - كىتاب ئالدۇق، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا قەدەم تاشلىدۇق.
يولىمىز پارلاق...» دېگەندە مەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن قوپۇپ:
«توختا ساۋاقداش» دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم، ھەممە ئادەم ھەيرانلىق
بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن ھەربىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، قولۇمدا قەلەم - دەپتەر ۋە
ئىنچى كالتىكى بىلەن سەھنىگە چىقتىم ۋە مۇھەممەد ھۇسەيىنگە:
«سېنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، لېكىن ئاخىرقى
سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن» دېدىم. خەقلەر ھەيران قېلىپ ماڭا قا-
راشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سۆز باشلىدىم:

— راست، بىز ئىش باشلىدۇق. ئىلىم - مەرىپەت، مائارىپ

ئۇچۇن باتۇر قەدەم تاشلىدۇق . پۈتۈن خەلق ، ئاتا - ئانىلار ، بالىلار-نىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ . بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا ، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا ، بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا ، ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا . بىزنىڭ ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا ، يولىمىز توسۇلۇپ قالغىلىۋاتىدۇ . ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن ، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ ، كۆيدۈرۈشى مۇمكىن . بىز يولىمىز-دىن ھەرگىز يانمايمىز ، لېكىن بىزگە ياردەم كېرەك ...

سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، مەھمۇد شىجائىڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە : «قانداق نېمىلەر ئۇ سىلەرگە قارشىلىق قىلىدىغان ؟ » دەپ ۋارقىرىدى . مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇردۇم :

— بىر قىسىم قازى ھاجىم ، مۇپتى ئاخۇنۇم ، بەگ - بايلار ، يوغان قورساق ھاراماماقلار ، خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇشتۇم-زورلار . ئۇلار بىزنى دەھرىي ، كالتە قۇيرۇقلار ، دىنىمىزنى بۇزۇۋا-تىدۇ ، دەيدۇ . بۇ بىزگە بوھتان ، بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق . بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ھەممە ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرزدۇر » دىگەن سۈننىتىنى ئادا قىلماقتىمىز . خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك . نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ، ئالغا بېسىشى كېرەك . بۇنىڭ ئۇچۇن ئىلىم كېرەك ، ئوقۇش كېرەك ، مەكتەپ كېرەك . بىز باشلىغان ئۇلۇغ يولىمىزدا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدۇق . بىزگە ياردەم كېرەك ، ئاتىمىز مەھمۇد شىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى ، بىزگە ياردەم قىلىشىنى ، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز !

قاراپ تۇرغان كۆپچىلىك بارغانچە جانلىنىشقا ، بىر - بىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى . ئاخىرىدا مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىرىنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم .

ئاقارتىش ئىشلىرىغا قەدەم قويدۇم. مەن قارشىلىقلار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ھەتتا بىرەر كۈنى ئالتە پۇللۇق بىر قوغۇشۇن ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە كېلىپ تېگىشى مۇمكىن. شۇنداق چاغدىمۇ مەن كەينىمگە يانمايمەن، مەن مىللەت ئۈچۈن ئوقۇدۇم، مىللەت دەپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتتىم، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. مەيلى قانچە يىل، ھەتتا قانچە ئاي، قانچە كۈن بولسىمۇ ئىشلەپ مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولسام، ئارمىنىم يوق…» ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، بېشىدىكى قىرغىزچە قالپىقىنى ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە ئۇنىڭ يۈز گۆشلىرى ۋە قىسقا بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى پۈتۈن ھاياتىنى مەكتەپ ئىشلىرىغا، مىللەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانىدى. ئۇ 3 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاستىنئاتۇشنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ تۈرلۈك قارشىلىقلار بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاشۇنداق چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، 1937 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە ئۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئۆزى ئالدىن ئېيتقاندەك ئالتە پۇللۇق قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئەمەس، ياتقان تۈرمىسى بىلەن قوشۇلۇپ 300 دىن ئارتۇق خەلق ئوغلانلىرى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ بۇ چاغدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەنىدى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزلۈكىدىن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغىشىدىكى، بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭ.

2. خەلقىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ روھىنى «تەۋپىق روھى» دەپ ئاتايدۇ. «تەۋپىق روھى» ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا مەڭگۈلۈك ئىلھامبەخش روھ ۋە ئەڭگۈشتەر. سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىنى تەۋپىق روھىغا سېلىشتۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى قارىشىڭىزنى ئەركىن - بىمالال سۆزلەپ بېقىڭ.

3. مەمتىلى ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئۇچرىغان توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن باش شتاب (سىلىگىبۇ)غا بارغاندا ئىزچىلىرى بىلەن بىللە كۆرسەتكەن دوكلات قىلىش ئۇيۇنىنى ئاشۇ شەخسلەر-نىڭ ئورنىدا رول ئېلىپ، سىنىپتا ئىتوت شەكلىدە ئورۇنداپ بېقىڭ.

4. «ئۇيغۇر تىلى» دىن پايدىلىنىپ، بۇ تېكىستىكى كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆزدىن ئۈچنى كۆرسىتىپ بېقىڭ.



ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# فلوبېرنىڭ ئۆيىدە يەكشەنبە

مۇپاسسان[1]

*ئالدىنقى تېكىستلەردە ئايرىم بىر شەخس يېزىلغان . بۇ تېكىستتە بولسا بىرقانچە شەخس يېزىلغان . بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندا ، يازغۇچىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قانداق ئىگىلىگەنلىكى ۋە تۇيغۇنى قانداق جانلاندۇرغانلىقى ، چىرايىدىن تارتىپ ئىچكى دۇنياسىغا قەدەر قانداق تەسۋىرلىگەنلىكى ، بايان جەريانىدا لىرىكا ۋە مۇھاكىمىلەرنى قانداق قىستۇرغانلىقىغا ئەستايىدىل دىققەت قىلىڭ .*

مۇھىم ئەسەر

ئۇ چاغدا فلوبېر[2] 6 ـ قەۋەتتىكى بويتاقلار ياتىقىدا تۇراتتى . ئۆي ئىچى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، تاملىرىدا ھېچنىمە يوق ، ئۆي جاھازىلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى . ئۇ ئىشلىتىش قىممىتى بولمىغان ئاسار ـ ئەتىقىلەر بىلەن ئۆيىنى زىننەتلەشنى ياخشى كۆرمەيتتى . ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىدە زىچ خەتلەر يېزىلغان ئورىگىنال قەغەزلىرى قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى .

ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرى چۈش سائەت بىردىن كەچ سائەت يەتتىگىچە مېھمان كۈتەتتى . ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىشى بىلەنلا ئۇ دەرھال

---

[1] مۇپاسسان (1850 — 1893 ) — فرانسىيە يازغۇچىسى . «ھايات» ، «چىرايلىق دوست» ، «دوندىاق» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار .

[2] فلوبېر (1821 ـ 1880 ) — فرانسىيە يازغۇچىسى . «بوۋارى خانىم» ، «ھېسسىيات تەربىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

ئۇستەلدىكى ئورىگىنال، كىتاب، قەلەم، لۇغەت قاتارلىق نەرسىلەرنى نېپىز قىزىل ياپقۇچ بىلەن يېپىپ قوياتتى. ئۇ ئادەتتە ئىشىكنى ئۆزى ئاچاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چاكىرى يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيىگە كېتەتتى.

ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدىغىنى ئىۋان تۇرگېنېۋ[①] بولاتتى. فلوبېر ئۆزىدىن ئېگىزرەك كەلگەن بۇ رۇس يازغۇچىسىنى قېرىنداشلارچە باغرىغا باساتتى. تۇرگېنېفتا فلوبېرغا نىسبەتەن چوڭقۇر مېھىر بار ئىدى. ئوخشاش ئىدىيە، ئوخشاش پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىقتىدار، ئورتاق قىزىقىش، ئورتاق تۇرمۇش ۋە ئارزۇ، ئوخشاش ئەدەبىيات تەشەببۇسى ۋە ئەسەبىي غايە، ئورتاق بەدىئىي دىت ۋە مول بىلىم ئۇ ئىككىسىنى سىرداشلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار كۆرۈشكەن ھامان ئېچىلىپ كېتەتتى، بۇنى ئۆزئارا چۈشىنىش خۇشاللىقى دېگەندىن كۆرە، بىرخىل ھۇزۇر دېگەن تۇزۇك ئىدى.

تۇرگېنېۋ دىۋاندا ئولتۇرۇپ، بوش ھەم ئارىسالدى ئاۋازدا ئاستا سۆزلەيتتى. ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ لەۋزىگە ئايلانغاندا ئاجايىپ تارتىملىق ۋە قىزىقارلىق بولۇپ كېتەتتى. فلوبېر چوڭ - چوڭ زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن دوستىنىڭ سۇزۇك چېھرىگە تىكىلىپ، قايىللىق بىلەن ئاڭلايتتى. فلوبېرنىڭ جاۋاب بەرگەندىكى ئاۋازى ئىنتايىن ياڭراق بولۇپ، بۇ ئاۋاز گويا قەدىمكى گاللىيە[②]نىڭ چەۋەندازلىرىغا ئوخشىتىپ قويۇلغان ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرى ئاستىدىن ياڭرىغان ھەربىي كاناي ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدا ئۇششاق تۇرمۇشقا ئائىت گەپلەر ئاز بولاتتى. ئۇلار كۆپرەك ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. تۇرگېنېۋ ھەمىشە چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئالغاچ كېلەتتى. گېئوتى[③] ۋە پۇشكىنلارنىڭ شېئىرلىرىنى

---

① تۇرگېنېۋ (1818 — 1883) — روسىيە يازغۇچىسى. «ھارپا»، «ئاتىلار ۋە باللار»، «دەسلەپكى مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

② گاللىيە — قەدىمكى يەر نامى. فرانسىيە ۋە بېلگىيە تەۋەلىكىدە.

③ گېئوتى (1749 — 1832) — گېرمانىيە شائىرى. «فائۇست»، «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر.

راۋان تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى.

ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، داۋدېت[1] يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا پارىژدىكى ئىشلار ھەققىدە، بۇ يەردىكى راھەت ـ پاراغەت، جۇشقۇنلۇق ۋە شادىمانلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى. ئۇ بىرىنىڭ كۈلكىلىك ئەپتىنى بىرقانچە ئېغىز سۆز بىلەنلا سۈرەتلەپ بېرەلەيتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس جەنۇب شېۋىسى ۋە جەلپكار ھەجۋىيلىرى بىلەن ئادەم ۋە ئىشلار توغرىسىدا توختىلاتتى…

داۋدېتنىڭ بېشى كىچىك بولسىمۇ چىرايلىق ئىدى. قويۇق ھەم قارا بۇدۇر چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ، بۇدۇر ساقاللىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ساقىلىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تىلىپ قويغان يېرىققا ئوخشاش بولۇپ، دائىم دېگۈدەك پۇرۇشتۇرۇۋالاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدىن نۇر ئوخچۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا، غۇۋادەك كۆرۈنەتتى، سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزى ناخشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېتىك، قول ئىشارىتى تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەنۇبلۇقلارنىڭ بارچە ئالاھىدىلىكى تېپىلاتتى.

ئارقىدىن زولا[2] كەلدى. ئۇ 6 ـ قەۋەتكە چىققۇچە ھاسىراپ كەتكەن ئىدى. كىرىپلا دېۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، باشقىلارنىڭ كەيپىياتى ۋە روھىي ھالىتىگە سەپ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. قىيسىيىپ ئولتۇرغىنىچە بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوشۇقىنى تۇتاتتى، كۆپچىلىكنىڭ پارىڭىغا زېھىن قوياتتى. بىرخىل ئەدەبىي قىزغىنلىق ياكى بەدىئىي مەستخۇشلۇق سورۇن ئەھلىنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تەسەۋۋۇرغا باي كىشىلەرگە ياقىدىغان بىمەنە، كۆرەڭ پىكىر ئەۋجىگە چىققاندا، زولا مەيۇسلىنىپ، پۇتلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە «بىراق … بىراق…» دەپ كېتەتـ

① داۋدېت (1840 — 1897) — فىرانسىيە يازغۇچىسى. «ئەڭ ئاخىرقى دەرس»، «چۈشكۈن ئايال»، «كىچىك نەرسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.
② زولا (1840 — 1902) — فىرانسىيە يازغۇچىسى. «نانا»، «ئادىمى ھايۋان»، «مەيخانا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

تى . ئەمما ، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى باشقىلارنىڭ كۈلكە سادالىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالاتتى . فلوبېرنىڭ ھاياجىنى سوۋۇغاندىن كېيىن ، زولا ئالدىرىماي گەپ باشلايتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى مۇلايىم ، ئىبارىلىرى يې- قىملىق ئىدى .



زولا ئوتتۇرا بوي بولۇپ ، ئازراق سېمىز ئىدى . چىرايى ساددا ۋە جاھىل كۆرۈنەتتى . بېشى ئىتالىيە قاپارتمىلىرىدىكى پېرسوناژلار- نىڭ باشلىرىدەك كۆرۈمسىز بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پاراستى ۋە قەتئىيلە- كىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يوغان بېشىنىڭ چوققىسىدىكى قىسقا چاچلىرى دىك تۇراتتى ، ئېگىز قاڭشىرى قويۇق بۇرۇتلۇق ئاغزىغا نىسبەتەن تىك كېسىۋېتىلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . گۆشلۈك ھەم چىڭ يۈزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى قىسقا ياسالغان ساقال - بۇرۇتلار بىلەن قاپلانغان ئىدى . قاپقارا كۆزلىرى يىراقنى ئىلغا قىلالمىسىمۇ ئۆتكۈر ئىدى . ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى كىشىنى مەسخىرە

قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۆزگىچە ئاستىنقى كالپۇكى ئۈستۈنكى كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ كىشىگە ھەجۋىي تەسىرات بېرەتتى .

كىچىك ئۆي بارا - بارا ئادەم بىلەن توشۇپ كەتتى . يېڭى كەلگەنلەر ئاشخانا ئۆيگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى . فلوبېر قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى (خۇددى ئۇچىدىغاندەك ) ، يوغان چامداپ بىرىنىڭ ئالدىدىن يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ، كىيىملىرى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان شامالدىن يەلكەندەك كۆپۈپ كېتەتتى . ئۇ گاھ ھاياجانلىناتتى ، گاھ غەزەپلىنەتتى . بەزىدە قىزغىنلىقى تېشىپ ، بەزىدە باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە سۆزمەن بولۇپ كېتەتتى . ئۇ ھاياجانلانغاندا كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى ، ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى مۇلايىملىقى كىشىنى دىلكۇشاھ قىلىۋېتەتتى . ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە ئاجايىپ مول بىلىمى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى ، ئۇ بىر مەيدان مۇنازىرىنى ئېنىق ھەم چوڭقۇر بىرجۈملە سۆز بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرۇۋېتەتتى .

ئۇنىڭ كاللىسى ئەسەرلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ، ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئى ۋە ئەقلىيەلەرنى سىلىشتۇرۇپ كۆرەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن مەرىپەتنىڭ ھېكمەتلىرى خۇددى ئىككى يوغان تاشنىڭ سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئۇچقۇندەك ئوخچۇيتتى .

ئاخىر ئۇنىڭ دوستلىرى بىر - بىرلەپ قايتاتتى . ئۇ ئۇلارنى دالانغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ، بىردەم ئايرىم پاراڭلىشىپ ، ھەمراھىنىڭ قولىنى چىڭ قىساتتى ، دولىسىنى كۈلگىنىچە ئۇرۇپ قوياتتى ...

تېكىستنى ئوقۇغاندا، فلوبېر، تۇرگىنېۋ، داۋدېت ۋە زولالارنىڭ پورترېتى، سۆزلەش ئادىتى، ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە دىققەت قىلىڭ.

فلوبېر مۇپاسساننىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۇ دائىم مۇپاسسانغا: «سەن ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىگە ماس كېلىدىغان پەقەت بىرلا سۆز بار، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىشكە ماس كېلىدىغان بىرلا پېئىل بار، ئۇنى سۈپەتلەيدىغان بىرلا سۈپەت بار. بۇ سۆزلەرنى

دەل تاپقۇچە ئىزدىنىشىڭ كېرەك. بۇ سۆز ئاساسەن ماس كېلىدۇ دېيىش بىلەن بولدى قىلساڭ بولمايدۇ»دەيتتى. سىز تېكىستتىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدىن دەل ھەم جانلىق ئىبارىلەرنى تېپىپ چە- قىپ، فلوبېرنىڭ مۇپاسساننىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھېس قىلىۋېلىڭ.

یېزىقچىلىق

# شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىپ، خاسلىقىنى يېزىش

مەنزىرىنى يازغاندىمۇ كۆزىتىشكە، شەخسلەرنى يازغاندىمۇ ئوخشاشلا كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىلا، ئۇلارنىڭ خاسلىقىنى يورۇتقىلى بولىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى تۆت پارچە تېكىستتە جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەشھۇر شەخسلەر يېزىلغان. گەرچە بۇ شەخسلەرنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە مۇھىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە، ئۆز خاسلىقىغا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەردە ئوخشاشمىغان ھالدا روشەن تەسىر قالدۇرىدۇ. بۇ، ئاپتورلارنىڭ ھەرخىل شەخسلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، شەخسلەرنىڭ ئوخشاشمىغان خاسلىقلىرىنى تولۇق نامايان قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، ھەرىكىتى، تىلى، پسىخىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. كۆزىتىشتە بۇلارنى ئىنچىكە ئىگىلەپ، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، تەكرار مۇلاھىزە قىلىش، ئاندىن پورترېت تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، تىل تەسۋىرى، پسىخىكا تەسۋىرى ئارقىلىق شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يېزىپ، خاسلىقىنى نامايان قىلىش لازىم. مەسىلەن، «ئۇلۇغبەگ»، «مۇزىكا پېشۋاسى بىتخوۋېن» دېگەن ئەسەرلەردە،

ئاپتورلار ئۇلۇغبەگنىڭ ۋە بېتخوۋېننىڭ تاشقى قىياپىتى، روھىي ھالىتى، ھەرىكىتى، تىل ئالاھىدىلىكىنى تۇتقاچقا، خاسلىقىنى جانلىق ۋە روشەن يېزىپ چىقالىغان.

1. سىنىپتىكى ساۋاقداشلار شەخسلەرنى تەسۋىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار. ھەر كىم ئۆز ئالدىغا سىنىپتىكى بىر ساۋاقداشنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپ تاللاپ، بۇ ساۋاقداشنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلىسۇن (بىر بەت ئەتراپىدا بولسۇن).

پارچە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلارغا ئوقۇپ بېرىپ، كىمنى يازغانلىقىڭلارنى پەرەز قىلدۇرۇڭلار ھەمدە تەسۋىرنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا ماس كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى باھالاپ چىقىڭلار.

2. «ئۇ — خاراكتېردىكى ئادەم» دېگەن تېمىدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىڭلار.

كۆرسەتمە: ئاۋۋال قانداق ئادەمنى يېزىش بەلگىلىنىپ، ئاندىن يېزىلىدىغان ئادەمنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى نېمە ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بوش ئورۇنغا بۇ ئالاھىدىلىك يىغىنچاقلانغان سۆز - ئىبارىلەر، مەسىلەن، «ئىچ مىجەز»، «ئۆكتەم»، «قەيسەر»، «ئاجىز»، «كۆرۈنۈشتە بىپەرۋا بولسىمۇ ئەستايىدىل» قاتارلىقلارنى تولدۇرۇڭلار. شۇ ئاساستا، يېزىلىدىغان ئادەمنىڭ خاسلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆزىتىڭلار (ياكى ئەسلەڭلار)، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى، ھەرىكىتى، تىلى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭلار. يېزىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق پۇختا بولسا، شەخسنىڭ خاسلىقىنى ئوبدان يازغىلى بولىدۇ.

3. دەرستىن سىرتقى مەشىق: بىر «كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر» تۇتۇپ، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. بىر كۈنلۈك تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى خاتىرىلەشكىمۇ، بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىرنەچچە ئىخچام جۈملە بىلەن خاتىرىلەشكىمۇ بولىدۇ؛ تۇنجى ئۇچراشقان ياكى تونۇشقىلى

ئۇزۇن بولغان بىرەر دوستنى خاتىرىلەشكىمۇ، شۇنداقلا ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇشتىكى تەسىراتنى بىر - ئىككى جۈملە سۆز ئارقىلىق يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

## ئەسەر تۈزىتىش

ئادەملەر تىل ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەشتە، جۈملە ئاساسىي بىرلىك قىلىنىدۇ. ئەسەرنى تۈزىتىشتە، سۆز - ئىبارىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاشقا ئېتىبار بېرىشتىن سىرت، يەنە مۇۋاپىق جۈملە تۈزۈشكىمۇ، تۈزگەن جۈملىنى ئەستايىدىل تۈزىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جۈملىلەرنى تۈزىتىشتە، كۆپ جەھەتلەرنى نەزەردە تۇتۇش، كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. تۈزۈلگەن جۈملىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى، تۈزىتىشنىڭ دەل جايىدا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭدا ئوقۇش، ئاڭلاش ئۇسۇلىنى، يەنى يازغىنىنى ئۆزى ئوقۇپ ئاڭلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. راۋان، تەبىئىي، ئىخچام جۈملىلەر ئوقۇشقا قولاي، ئاڭلاشقا يېقىملىق بولىدۇ. بىز مۇنداق بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم: يازغىنىمىزنى بوش ئاۋازدا ئوقۇپ ئاڭلاپ، راۋان بولمىغان جايلىرىنى تاكى راۋان بولغانغا قەدەر قوشۇش، ئېلىۋېتىش، تەڭشەش، ئالماشتۇرۇش لازىم.

## ئاغزاكى ئالاقە

# سىزمۇ مۇخبىر بولالايسىز

1980 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، ئىتالىيە «كەچلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ ئايال مۇخبىرى ۋاللاچ دېڭ شياۋپىڭنى زىيارەت قىلغان . تۆۋەندىكىسى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئېلىنغان پارچە :

ۋاللاچ : ئەتە سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزمۇ ؟

دېڭ شياۋپىڭ : مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ؟ ئەتە تۇغۇلغان كۈنۈممۇ ؟

ۋاللاچ : شۇنداق ، دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندى ، مەن بۇنى سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزدىن بىلگەن .

دېڭ شياۋپىڭ : سىز شۇنداق دېگەندىن كېيىن شۇنداق بولسۇن ! مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم قاچان ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن خاتىرىلەپ باقمىغان . ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولغان ھالەتتىمۇ ، سىز مېنى مۇبارەكلىمەسلىكىڭىز كېرەك ـ تە ! مەن 76 ياشقا كىردىم ، 76 ياش ئادەمنىڭ ئاجىزلىشىدىغان يېشى !

ۋاللاچ : مېنىڭ داداممۇ 76 ياشتا ، ئەگەر مەن ئۇنىڭغا بۇنىڭ بىر ئاجىزلىشىدىغان ياش باسقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتسام ، ئۇ مېنى بىر كاچات ئۇرىدۇ .

دېڭ شياۋپىڭ : ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا ، سىز دادىڭىزنى بۇنداق دېمەسلىكىڭىز كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟

شۇنىڭ بىلەن زىيارەت مۇشۇنداق ئازادە كەيپىيات ئىچىدە داۋاملاشقان .

يۇقىرىدا ئېلىنغىنى ئۇلارنىڭ سۆھبەتتىنىڭ بېشىدىكى كىچىككىنە بىر بۆلەك بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنىڭدىن شەخسنى زىيارەت قىلىشتىكى بەزى تەلەپلەرنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىرىنچىدىن، زىيارەت ئوبيېكتىنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك چۈشىنىش، ئۇنى خۇددى «بىر قېتىممۇ يۈز كۆرۈشمىگەن كونا دوستى ياكى تۇغقىنى» دەك چۈشىنىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئۆزگىچە ئىشىنىش، ئەركىن ـ ئازادە، قىزغىن، سەمىمىي بولۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى ئىناق كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىش، قارشى تەرەپنىڭ ئېغىزىنى ئامال قىلىپ ئېچىش كېرەك. زىيارەت قىلىش — قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە پائالىيىتى، تونجى قېتىملىق زىيارەتتە پاراڭلىشىش شەكلىدىكى سۆھبەت ئۇسۇلى ئارقىلىق قارشى تەرەپتە قىزىقىش پەيدا قىلىشنى سىناپ بېقىشقا بولىدۇ. مەشھۇر مۇخبىر گومپېنىنىڭ زىيارەت قىلىشتىكى تەسراتى مۇنداق: «ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر خەزىنە، ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارغا ئىزھار قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بىر تالاي گەپلىرى بار، لېكىن ئۇ ئادەم مۇخبىرنى چۈشەنگەن ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولۇشى كېرەك». زىيارەت ئوبيېكتىنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ قەلبىدە دىلكەشلىك پەيدا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەر زىيارىتىدە قويۇلغان سوئال كونكرېت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، زىيارەت مەقسىتىنى ئىگىلەش لازىم. ئاددىي، تېيىز، تومتاق، چۇۋالچاق بولۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. «سىز قانداق ئويلىغان»، «تەسىراتىڭىز قانداق» دېگەندەك قوپال، قاتمال سوئاللارنى ئىمكانقەدەر ئاز قوللىنىش ياكى قوللانماسلىق لازىم. زىيارەت ئوبيېكتى سوئالغا جاۋاب بەرگەندە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش كېرەك، مۇۋاپىق توردە گەپ قىستۇرۇش ئارقىلىق سۆھبەتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

1. تەقدىرلەنگەن بىر ساۋاقداشنى زىيارەت ئوبيېكتى قىلىپ

تاللاپ تەقلىدىي زىيارەت قىلىڭ ھەمدە ئۆزىڭىز ئىگىلىگەن ئالاقىدار ئۇچۇرلار بويىچە بىر زىيارەت باش تېمىسىنى بەلگىلەڭ . ئومۇمەن ، زىيارەت خاتىرىسى يېزىشقا ، شارائىتى بارلىرى سىنئالغۇ ، ئۈنئالغۇ ۋە فوتو ئاپپاراتلىرىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

2 . ئۈچتىن ـ بەشكىچە كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، مەكتەپتىكى بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى زىيارەت قىلىڭ .

3 . مەكتەپتىن چىقىپ ، مەھەللە كومىتېتىنىڭ بىرەر كادىرى ياكى جەمئىيەتتىكى بىرەر تۆھپىكارنى زىيارەت قىلىڭ .

س: سىجىنلار زىيارەت قىلغاندا نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟





# بالىلىقتىكى ھەۋەسلەر

بالىلىق دەۋر ئالتۇندەك بولىدۇ. بۇ بۆلەكتە بالىلىق ھاياتىنىڭ كارتىنىلىرى نامايان قىلىنغان. بەزىلەر بالىلىقىدا ئەتۋارلىنىدۇ، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۇچۇكلىرىنىمۇ تېتىيدۇ؛ بەزىلەرنىڭ بالىلىقى ساددا، سۆيۈملۈك بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغىمۇ جەمئىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ بالىلىقىدا خاراكتېرى تۇراقلاشمىغان بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بەزى خاسلىقلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ... ھەقىقەتەنمۇ بالىلىقتىكى كەچۈرمىش ۋە تەسىراتلار كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ساقلىنىدىغان تۈگىمەس بايلىق، شۇنداقلا ھاياتلىق دەرياسىدىكى قۇرۇماس بۇلاق.





# 5 . ئېغىر كۈنلەردە

ئۆمەر مۇھەممىدى[1]

ھېلىمۇ يادىمدىن چىقمايدۇ ... كىچىك چېغىمدا مەن ئاپام رەھمەتلىكتىن ھەيران بولۇپ سورايتتىم :

— ئاپا ، نېمىشقا ئۇ ھاكىملارنىڭ ئۆيى چىرايلىق ... مەن نەۋاقىتتا ھاكىم بىلەن ئويناپ كىرىپ قېلىپ ، ئۆيىدىن چىققۇم كەلمەدى . شۇنداق چىرايلىق ، شۇنداق ئىسسىق ... قوغلىمىسا كەچ كىرگۈچە ئولتۇراتتىم ، لېكىن ئانىسى : «چىقىڭلار ، ئويناڭلار !» دەپ قوغلىغاندىن كېيىنلا چىقىپ كېتەتتىم . نېمىشقا بىزمۇ ئۆيىمىزنى شۇنداق قىلمايمىز ئاپا - ھە ؟

... ئاپام رەھمەتلىك مېنى ئانىلىق كۆكسىگە باستى . كىشىنىڭ كۆڭلىگە يېقىملىق قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، كۆزۈمگە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن ، ماڭلىيىمدىن سۆيدى - دە ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى ... مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم .

ئۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىمىزنىڭ سۈرىتى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . كۈن چىقىشقا قارىغان بىر يانباغىردىكى زەي ، قاراڭغۇ ، دېرىزىلىرىگە قەغەز چاپلىغان ئۆي بىزنىڭ ئۆي ئىدى ... تالادىن دالانغا كىرىسەن ، دالاندىن ئۆيگە كىرىسەن ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، ئوڭ بۇلۇڭدا مەش ، سول بۇلۇڭدا مانتا ئوچاق ، كۈن چىقىشقا قاراپ تۇرغان كىچىككىنە دېرىزە . ئۇمۇ قېلىن ، ئۆزىدىن

① ئۆمەر مۇھەممىدى (1906 — 1931) — قازاقىستان ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە شائىرى . تاشكەنتتە ئوقۇغان . دادىسى ئوتۇنچى ، ئانىسى ئىشلەمچى ئىدى . ئۇنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1988 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . بۇ تېكىست شۇ توپلامدىن ئېلىندى .

يورۇق ئۆتكۈزمەيدىغان، ياغلانغانلىقتىن كۈننىڭ چىرايلىق يورۇقلانغان كۈنلىرىدە ئۆچۈپ قالاي دەپ پىلدىرلاپ يانغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدىنمۇ ئاز يورۇق بېرىدىغان قەغەزلەر بىلەن چاپلانغان. ئۆيدىن تالاغا چىقىشنىڭ، ئالدىڭدىكى قاپتالدا تۇپراق بېشى، ئازگالدا چوڭ يول ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈندۇر ئەتىمالىم، ئۆيىمىز كۆزۈمگە يامانمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى. بەجايىكى، تۇپراق بېشىدىن ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق بىر نەرسىلەر كېلىپ چىقىدىغاندەك تۇراتتى.

يازنىڭ كۈنلىرى ياخشى. قىشتا پۈتۈن دۇنيا ئاق قار بىلەن قاپلانغان، غىچىرلاپ تۇرغان سوغۇق. شۇنداق سوغۇقلاردىمۇ قايسى ۋاقىتلاردا چىرايلىق، قاراپ كىشىنىڭ كۆزى تويمىغۇدەك ئايدىڭلار بولىدۇ...

مۇنداق ئايدىڭ قىشنىڭ سوغۇق، ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئالدىمىزدىكى چوڭ يولنى باسمىغان ئوتۇنچىلار، قورايچىلار قالمايدۇ. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە غىچ - غىچ قىلىپ ئاللىقانداق ئەنسىز ئۈنلەرنى چىقىرىپ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ قارىغايچىلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈندۈزى قورايچىلار، ئوتۇنچىلار.

مېنىڭ داداممۇ ئوتۇنچىلارنىڭ بىرى ئىدى. قىشنىڭ ئەجەب بىر سوغۇق كۈنلىرىدە ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، تاڭ نۇرلىرى يېڭى يېيىلغاندا، ئېشىكىنى مىنىپ ياكى ئېشەككە چانىسىنى قېتىپ تاغقا ئوتۇنغا كېتەتتى. مەن ئاپام بىلەن بايىقى ئۆيىمىزدە قالاتتۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، چاي قاينىتىدۇ - دە، مېنى ئويغىتىپ، ئىككىيلەن بىللە جوزىدا ئولتۇرۇپ، راھەتلىنىپ چاي ئىچىمىز... ئاندىن ئاپاممۇ كېتىدۇ... ئىسلام بايلارنىڭكىگە دەمدۇ، ھېيتاخۇن ئەللىكبېشىنىڭكىگە دەمدۇ، ئەيتاۋۇر شۇ ياقتا بايلارنىڭ نانلىرىنى يېقىپ، بىرگە ئەسكى - تۈسكى ياماق كىيىملەرنى تاپقىلى كېتىدۇ. مەن يالغۇز قالىمەن، يالغۇز دېگۈدەك يالغۇز ئەمەس، يېنىمدا «بويناق» بار. دادام تىكىپ بەرگەن پۈرۈم چورۇقنى تارتىپ كىيىمەن - دە، ئەسكى جۇۋامنىڭ ئىچىگە ئورىنىپ، ئەسكى چانامنى سۆرەپ، بويناقنى

ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كېتىمەن...

بىردەم چانا تېپىلىپ ئوينايمەن ، بىردەم بويناقىنىڭ بويىنغا يىپ بىلەن چانىنى باغلاپ ئوينايمەن ، ئەيتاۋۇر قورساق ئاچقۇچە يۈرىمەن . ئاندىن ئۆيگە يانىمەن ، كۈنمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ . دادام تاغدا كۆلتۈك قارلارنى كېچىپ ئوتۇن تېرىپ يۈرەمدۇ ، يە ئېشىكىگە ئوتۇن ئارتىپ يوللاردا كېلىۋېتىپ ، ئوتۇنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئازابلىنىپ ، پۇشۇلداپ ئۇنى تۈزەۋاتامدۇ ؛ ئاپام نەدە ، ئۇ كىمنىڭ هويلىسىدا ئوت يېنىپ تۇرغان قىزىق تونۇردىن ئەتىدىن ـ كەچكىرگىچە بېشىنى چىقىرالماي ئەللەرنىڭ نېنىنى يېقىۋاتامدۇ ، مەن ئۇلارنى بىلمەيمەن ... ناھايىتى كەچقۇرۇن پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ نۇرسىز يورۇقى ئاستىدا مەن ئۇلارنى ئېزىلگەن ، هارغان ، روھى چۈشكەن ، سولاشقان هالدا كۆرىمەن ...

دادام دۇنيانى قاراڭغۇ تۈننىڭ قارا پەردىسى ئورىغاندىن كېيىن كېلىدۇ . ساقاللىرىنى ، ئەسكى جۇۋىسىنىڭ ئۇزۇن يۇڭلۇق ياقىلىرىنى ، ھەممىسىنى ئاپئاق قىرو باغلىغان . ئېشىكىنى چانىدىن چىقىرىدۇ ـ دە ، ئۇنى ئوتقا قويۇپ ، تاغدىن ئېلىپ كەلگەن بىر قۇچاق قاتتىق ئوتۇننى ئۆيگە ئەكىرىپ ، 99 يېرىدىن لايلار بىلەن چاپلانغان مەشكە ئوت يېقىشقا باشلايدۇ . ئوت گۈلدۈرلەپ يېنىشقا باشلىغاندا ، مەن مەشنىڭ تۆۋىگە بېرىپ ، مەشنىڭ ئاغزىدىكى قاتار تۆشۈكلەردىن گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ، ئوت سۇنۇپ ئولتۇرىمەن . دادام توڭلاپ ، قېتىپ كەتكەن چورۇقىنى يېشىپ ، كىگىز پېتەكلىرىنى ، مۇز بولۇپ توڭلىغان پايتىمىلىرىنى مەشكە قاقلاپ قۇرۇتۇشقا باشلايدۇ . ئاپام مانتىغا چۈشۈپ ، قازانغا ئوت ياقىدۇ . بىردەم ۋاقىت شۇنداق تاتلىققىنا ئۆتىدۇ .

چاي قاينىغاندىن كېيىن ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇچىمىز چاي ئىچىمىز ـ دە ، چايدىن كېيىن دادامىمۇ ، ئاپامىمۇ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغان يېرىدە قىيسىيىپ ، ئۇگدەشكە باشلايدۇ . مەنمۇ ئالا مۈشۈكۈم بىلەن ئويناپ ـ ئويناپ ئۇيقۇم كەلگەندە ، يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىمەن .

* * *

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتسە كېرەك، مەن خېلى ئۆسۈپ قاپتىمەن: يازنىڭ كۈنى ئورمىلاردا، دادامغا خېلىلا ياردەملىشىمەن. قايسى چاغلاردا ئورما ئورۇۋېتىپ ئۇسسايمىز - دە، باغلارنى تىكلەپ، كۆلەڭگە قىلىپ، قوغۇن - تاۋۇز يەپ، ئۇزاق دەم ئېلىپ ئولتۇرىمىز. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئىشلەپ يورۇپ قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن دادام بېشىمنى سىيپاپ:

— مانا ئوغلۇممۇ چوڭ بولۇپ قالدى، جېنىمىزغا ئەسقېتىپمۇ قالدى، يەنە 6 - 7 يىللاردىن كېيىن بىزنى بېخۇدۇك باقىدۇ، — دەيتتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېشىم كۆككە يېتىدۇ. ئاندىن خۇشال بولۇپ، ئورمىنى تېخىمۇ ئىلدام ئورۇشقا باشلايمەن. لېكىن ئۇزاق ئەمەس، بېلىم ئېيتىپ ئاڭلاتقۇسىز ئاغرىپ كېتىدۇ. يە قولۇمنى ئىتتىك ئورغاق بىلەن كېسىۋالىمەن، ئەيتاۋۇر ئىشنى تاشلاپ دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولىمەن. داداملار ماڭا ئۈنچىقمايدۇ.

ئىسسىق قايناغان، ماڭلايدىن تەرلەر ئېقىپ ئاغزىمىزغىمۇ، كۆزىمىزگىمۇ كىرىپ كېتىپ بارغان ... شۇنداق ئىسسىق. ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئورما ئورىسەن - دە، كەچ كەپىگە يانىسەن، بىرىپ چاي ئىچە - ئىچمەستىنلا ئېغىناپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىسەن. قايسى ۋاقىتلاردا جاھانغا كۈلۈپ قاراپ، چىرايلىق ئاي چىقىدۇ. ئاندىن سالقىندا ئورما ئورىلى دەپ يەنە ئورمىغا چۈشىسەن، ئەمما كېچىسى كۈندۈزگە قارىغاندا ئوڭايراق، لېكىن تاتلىق ئۇيقۇڭ قالىدۇ. بۇغۇ ياخشى، ئەتىگەنلىكى يەرگە يورۇق چۈشكەن چاغدا كۆزۈڭنى يىرتىپ ئېچىپ ئورمىغا كېتىسەن، بۇ ئەتىگەنلىكتىكى ئۇيقۇنىڭ تاتلىقلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش تەس ... بېشىڭنى تەكىيدىن كۆتۈرۈپ، چورۇقۇڭنى تۈزەشكە باشلىغاندا، كۆزلىرىڭ ئۆز - ئۆزىدىن يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن ئىلاجىڭ يوق ...

— ۋاھ ... قويساڭ ... ئاپا، — دەپ ئەركىلەيمەن.

ئاپام: «قوپ بالام، يالغۇز يېتىپ ئۇخلاش يامان» دەپ كۆڭلۈم-

گە قورقۇنچ سېلىپ قويىدۇ، ئاندىن قوپماي ئۆلاجىلىك يوق... بىز شۇنداق ئەتىگەنلىكى سالقىندا ئۇيقۇ ئارىلاش ئورغاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئورمىغا كېتىمىز ... مانا شۇنداق ۋاقىتلاردا كۆز ئالدىمىغا ھاكىملار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ يازلىق ئۇخلايدىغان يەرلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ئەنە ئۇلارنىڭ قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭدە يېيىلىپ كەتكەن باراڭلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سالقىنلىق، ئۇ يەردە ھاكىمنىڭ ھەدىلىرى، سىڭىللىرى ۋە ھاكىم ئۆزى ياتىدۇ. كۈن ئۆرلەپ، باراڭلىقتىكى گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى تۆشۈكلەردىن ھاكىمنىڭ يۈزلىرىگە ئاپتاپ ئۈچ بۇرجەكلىك، تۆت بۇرجەكلىك ۋە ھەر تۈرلۈك بولۇپ چۈشۈپ قىزىتقىلى باشلىغاندىلا، ھاكىم تولغىنىپ ئويغىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەمدى ھاكىمنىڭ ئۇيقۇسى قانغان بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىدىن ئويلاپ كېتىمەن - دە:

— خۇدايىم بىزنىلا شۇنداق جاپا تارتقىلى ياراتقانمىكىن؟ — دەپ ھەيران قالىمەن.

* * *

چىرايلىق ياز كېتىپ، يېشىللىق دۇنياسى سېرىققا ئايلاندى. سىم - سىم يامغۇر، ئۇزۇن قاراڭغۇ كۈز كېلىش بىلەن بىز مەھەللىدە بايىقى ئەسكى، قاراڭغۇ، زەي ئۆيىمىزدە ... بۇ ۋاقىتلاردا ئەمدى مەن دادام، ئاپامغىمۇ خېلى ئەسقېتىپ قالدىم. ئاپام رەھمەتلىك ئاداققى كۈنلىرىدە كۆزىنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى يۆتىلىپ چىقىدىغان بولدى. ئۇ ئاۋۋالقى كۈچىدىن قالدى ... ئاۋۋالقى ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئەللەرنىڭ نانلىرىنى يېقىپ بېرىدىغان كۈنلەر يوق ئىدى. ئاۋۋالقى ئوت يېنىپ تۇرغان مۇلايىم قارا كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇپ، ھالسىز قاراشقا باشلىدى. قايسى ۋاقىتلاردا دادام ئاپامنىڭ ھالىغا قاراپ بېشىنى ئېغىتىدۇ...

— خۇدايىم، ئالدىمىزدا قانداق كۈنلەر باركىن، — دەپ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تېخىمۇ قورقۇنچ سالىدۇ. بىر كۈنى قىشنىڭ غاچىرلاپ

تۇرغان كۆللىرىنىڭ بىرىدە مۇرەمگە ئەپكەش سىلىپ ئاپامنى يالغۇز تاشلاپ سۇغا كەتتىم . سۇنى ئېلىپ يانسام ئاپامنىڭ يېنىدا ياي تۇغقاد- لىرىمىزدىن بىرى ئولتۇرۇپتۇ. «ئايدا ، يىلدا بىر بوسۇغىمىزنى باسمايدىغان ، بۇ ئەجەب كېلىپ قاپتۇ . ئاپامنى يوقلىغىلى كەلدىمە- كىن ؟» دەپ ئويلىدىم .

بايا ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن كەلگەنىكەن ، مېنىڭ ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ، ئاپام ئازاب بىلەن يۆتىلىپ ، قان تۈكۈردى . مەن ئۇنى كۆرۈپ قورقتۇم ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئولتۇرغان «چوڭ ئانام» تىلىنى چايند- دى :

— ئاپاڭ ئاغرىپ قېلىپ نان يېقىپ بېرىدىغان كىشى يوق . بېشىڭدىكى دوپپىنى بىر ۋاقىتتا سېنى كىيگەي ، دەپ بەرگەنىدىم ، ئاپاڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم نان يېقىپ بەردى - دە ، ئاغرىپ قالدى . ھېلى سۇ ئەكىلىپ بېرىدىغان كىشىمىزمۇ يوق ، سەن بولساڭمۇ سۇ ئەكىلىپ بەرسەڭچۇ ! — دېدى .

مېنى تىترەك بېسىپ كەتتى ، ئارتۇق چىداپ تۇرالمىدىم .

— بىر تىيىنلىق ئەسكى - تۇسكەڭلەرنى بېرىپ ، ئۇن تىيىنلىق ئىشلىتىپ ، ئاپامنى تۈگەتتىڭلار ، ئەمدى مېنى ئىشلەتمەكچىمۇ سى- لەر ! — دەپ ۋارقىراپ، ئەسكى دوپپىسىنى پىرقىرىتىپ ئالدىغا تاشلىدىم - دە ، تالاغا چىقىپ كەتتىم . مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە چوڭ ئانامنىڭ جېنى چىققاندۇ ، مەن ئۇنى كۆرمىدىم . شۇنىڭدىن بېرى ماڭا يامان كۆز بىلەن قارايدىغان بولدى . لېكىن دادام بىلەن ئاپامنى ياخشى سۆز بىلەن يادلايدۇ . نېمىشقا دېسە دادامنى ياكى ئاپامنى كىم قىچار- سا ، شۇنىڭ بوسۇغىسىدا ئىشلەيدۇ . ھەققىنى بەرسە ئالغان ، بەرمىسە سورىمىغان ، ئاز بەرسە گەپ قىلمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ياخشى ، لېكىن مەن ئاپامدىن ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ تۇغۇلماپتىمەن . دادام يە ئاپامنىڭ ئاغزىدىن بايلارنىڭ شۇنداق قىلىقلىرىنى ئاڭلىسام ، چاچلىرىم ئۆرە تۇراتتى . شۇ زامان بېرىپ يەرنى تېپىپ :

— نېمىشقا سىلەر شۇنداق مېنىڭ ئاتا - ئانامنى ئاتى تاپتىڭلار ، ئالدامچىلار ... — دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ، تىللىغۇدەك

يەرگە يېتىمەن . ئەمما مەن كىچىك — كۈچ - قۇۋۋىتىم ئۇلارغا يەتكۈدەك بولغىنى يوق تېخى ، شۇنداق بولسىمۇ ، سۆز بەرمەيمەن . كۈنلەر شۇنداق ئۆتتى . تەلەيگە بىر كۈنى ئاپامغا قوشۇلۇپ ، دادىمۇ ئاغرىپ قالدى . بىر كۈن ياتتى ، ئىككى كۈن ياتتى : مەن ئۇلارغا قارىدىم ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆيدە يېگۈدەك نانمۇ قالمىدى . «كىمگە يۈز سارغايتىپ نان سوراپ باراي ، كىم ماڭا نان بېرەر ؟» تولا ئويلاپ تۇرمىدىم . ئاتا - ئانامنىڭ :

— قوي ئوغلۇم ، ئاۋارە بولىسەن ، بىرەر يەردىن نان تېپىلىپ قالار ، — دېگەنلىرىگە قۇلاق سالماستىن ئېشەكنى چانىغا قاتتىم - دە ، تاغقا ئوتۇنغا كەتتىم . يېنىشىمدا مەن پۇت - قولۇمغا ئۆزۈم ئىگە ئەمەس . بەللەر ئۈزۈلۈپ ئاغرىيدۇ ، پۇتلار ، قوللار سىرقىرايدۇ ... بىچارە قېرى دادامنىڭ قەدرىنى شۇ يەردە بىلدىم...



«بىچارە بوۋاي ، دەيمەن ، يىل ئون ئىككى ئاي تىنمايدۇ ، يەنە غىدىڭ قىلمايدۇ . مەن بىر كۈن ئوتۇن ئېپكەلگىنىمگە تېنىمنى ئۆ-زۈمنىڭ ئەمەس دەپ بىلەتتىم .» نېمىلا بولسا بولدى ، ئىشقىلىپ مەن ئازاب تارتقان بولساممۇ ، ئەكەلگەن ئوتۇنۇمنى سېتىپ ، ئۆيگە نان

ئېلىپ ياندىم. يولدا يەنە بىر ـ ئىككى يەردە چىشىمنى قېرىشتۇردى:

— دادىڭ بىزدىن ئىككى ئۇلاغ قوراي ئەكېلىپ بېرەي دەپ، تېيىپ ئالغانىدى. ئەمدى دادىڭ قاچان ساقايغىچە سەن بولساڭمۇ ئوتۇن ئەكېلىپ بەرگىن، — دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جېنىم چىقتى.

«دادىڭ ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ دېسە بولمامدۇ ئۇنىڭدىن؟!» دەپ ئاچچىقىم كەلدى، سۆز ياندۇرمىدىم، ئۆيگە كېتىۋەردىم. ئۆيگە كەلسەم، ئۆي كۆزۈمگە يامانمۇ سوغۇق كۆرۈندى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ، جىمجىت، بىر بۇلۇڭدا ئاپام، بىر بۇلۇڭدا دادام ئىنجىقلاپ يېتىپتۇ... كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق ئەنسىز ئويلار كەلدى. ئاپامنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، سارغايغان، يۈزىدىكى ئۇستىخانلىرى تومپىيىپ چىققان... قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك، دادامنىڭ ماڭلاي كۆرەكلىرى چوڭقۇرلاشقاندەك، كۆزلىرى ئىچىگە كىرگەندەك كۆرۈندى. لېكىن دادامدىن:

— نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سورىسالىڭ:

— ھېچنەرىم ئاغرىمايدۇ، پەقەت ماغدۇرۇملا يوق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بىلەن چاي ئىچىشكە ئولتۇردۇق. چايدىن كېيىن ئورۇن سېلىپ، ئۇيقۇغا ياتتىم. ھارغانىدىم. تېنىم راھەتلىنىپ ئۇيقۇ تىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكى ئەنسىزلىك ئۇيقۇمنى قاچۇردى... ئاللىقانداق چىگىش، ئەنسىز ئويلارغا، خىياللارغا كەتتىم.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندۇ، كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپ، ئازراقلا ئۇخلىسام كېرەك، چۈشۈمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ بىر نەرسە ئوقۇغىنى قۇلىقىمغا كىردى...

ئۇيقۇم قاچتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، دادام ئىكەن. ئەپلەپرەك قارىغانىدىم، ئاپامنىڭ بېشىدا ئولتۇرغاندەك، نېمىكىن تاڭ، بىر نەرسە ئوقۇۋېتىپتۇ... يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى... ئاپام تۈگىسە كېرەك... چىداپ تۇرالمىدىم.

— دادا، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم. دادام ماڭا جاۋاب بەرمەيلا، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

— مانا قارا كۈنلەر، ئانىسىز قالدىڭ، ئوغلۇم!...

مەنمۇ چىداپ تۇرالمىدىم، يۈزۈمنى تەكيىگە قويۇپ يېتىپ يىغلىۋەتتىم...

بۇ ۋاقىتتا ئەمدى ئېگىز قارلىق تاغ تەرەپ سۈزۈلۈپ، تاڭ نۇرلىرى ئاستا چىرايلىق بولۇپ يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى...

* * *

بىر سوغۇق كۆرۈنىدىغان ئۆي ئاپام ئۆلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ سوغۇق ۋە سەت كۆرۈنىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا:

— دادا، مۇشۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتەيلىلا، — دەپ پات - پاتلا دادامغا يالۋۇراتتىم. ئاپام ئۆلۈپ، بىزگە ئۆي تۇتۇش تەس بولدى. رەھمى كەلدىمىكىن، تۇغقانلىرىمىزدىن بىرى:

— بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرۇڭلار، قىينىلىپ قاپسىلەر، — دېدى. بىزمۇ ياق دېمىدۇق. يازغا يېقىن شۇلارنىڭكىگە بېرىپ تۇرۇشقا باشلىدۇق. كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، ئېغىر كۈنلەرمۇ بولاتتى، لېكىن ئۆتۈپ كېتەر ئىدى. نېمىلا بولسا بولدى، دادام يەنە تۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئەمدى مەنمۇ ئوتۇنچى بولۇپ يېتىشكەنىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئاتا دېگەن ئاتا، مەن ساڭا ئېيتاي دەپ:

— بۇ جاپانى مەنلا تارتىپ ئۆتەي، سەن بېرىپ ھۈنەر ئۆگەنگىن، ئوغلۇم! — دېدى - دە، قولۇمدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى. ئاق ساقاللىرىنى سىيپاپ، سەھەر قوپۇپ تاغقا قاراپ ئوتۇنغا يەنە ئۆزى كەتتى... شۇ كۈندىن باشلاپ مەن موزدوزلۇققا كىردىم. لېكىن، تەلەيگە ئىككى - ئۈچ ئايلا شاگىرتلىقتا ئىشلەپ قالدىم. ئاندىن ئۇستام ئۆلدى. ئەتىياز ۋاقتى بولغاچقا چېچەكلەپ گۈللەر چىرايلىق ئېچىلىشقا باشلىدى، كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق، يوشۇرۇن، مەلۇم ئەمەس خۇشاللىق سېزىلىپ، كۆكتاتلار، چىمەنلەر، يا-

غاچلار كۆكەردى... ئالمىلار ، ئۆرۈكلەر چىرايلىق بولۇپ ، ئۆپچۆرى-سىگە ھەرپلەرنى يېغىپ چېچەكلىدى .

قىسقىسى ، تەبىئەت يۈرىكى دەرد بىلەن تېپىپ ، چىرايلىق يۇراق يازمۇ كەلدى . كۆلۈپ ئەركىلىتىپ چۈشكەن كۈنلەرنىڭ نۇرلىرى ئاستىدا ئويناپ ئۆمۈر ئۆتتى... كۈنلەر يامان ئەمەس ، ئىشقىلىپ ئۆتۈپ كېتەر ئىدى... قانچە ياخشى دەپ ھېسابلىساممۇ ، ئۆز ئانانىڭ ئاللىقاچاندىن بېرى يەر ئاستىدا ئەمدى . قايسى ۋاقىتلاردا ئويناپ ، قورساق ئاچقاندا كىرىپ بەخۇدۇككىنە نان ئېلىپ يېيەلمەيسەن . قايسى ۋاقىتلاردا يوقلا نەرسىلەر ئۈچۈن ئېرى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشقاندەك قىلىپ تۇرغان ، ئۇنداق كۈنلىرى ئاخشىمى بىر بۇلۇڭغا كىرىسەن - دە ، شۇمشىيىپ ئولتۇرىسەن . ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۆيدە نېمىسىلا يوقالسا ، سېنىڭدىن كۆرگەن . خۇددى سەن ئالدىڭ ، سېنىڭدىن باشقا كىشى ئالمايدۇ دېگەندەك .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مېنى بولقا ئوغرىسى دەپ تونۇدى .

— بولقىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپسەن ، سېنىڭدىن باشقا كىم ئالىدۇ ، — دەيدۇ ، مەن ئالمىدىم دېگەنگە ئىشەنمەيدۇ .

قانداق قىلىسەن ، تىلىڭنى ئالمىسا... بۇنىڭ بەش تىيىنلىق بولقىسىنى نېمە قىلارمەن . ئىلاجىم بولسا كاشكى بۇنى ئىشەندۈرگۈدەك دەيمەن . خۇدايىم بىزنى شۇنداق كۈنلەرنى تارتىشقىلا ياراتتىمىكىن ، دەپ كىمنىڭدۇر بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇم كېلىدۇ .

مۇنداق كۈنلەر كەلسىلا ، ئاپام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ . بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىسام دەيمەن . لېكىن ئاپام يوق...

سۆزۈمدە تۇردۇم . يىغلىمايمەن دېگەنىدىم . كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش چىقمىدى . لېكىن مەن ماڭغاندا ، دادامنىڭ كۆزىدىن سىمابقا ئوخشاش ياش تامچىلىرى ئاق ساقاللىرىنى بويلاپ چۈشۈپ كەتكەنىدى... دادامنىڭ كۆزىگە قاراپ تاس - تاسلا قالدىم يىغلىۋەتكىلى . شۇنداق بولسىمۇ يىغلىمىدىم . سۆزۈمدە تۇردۇم . شەھەرگە ، ئىشقا ماڭغان بالىلار بىلەن مەنمۇ كەتتىم ، دادام يىغلاپ ئەللەرنىڭ بوسۇغىسىدا قالدى . ئۆيلىسام شۇنىڭغىلا ئىچىمدە بىر يېرىم كۆيىدۇ .

* * *

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. دادام ياخشى كۈن كۆرۈۋاتامدۇ، يە يامان كۈندىمۇ، ئۇنىڭدىن ماڭا ھېچقانداق خەۋەر يوق، ناۋان — ناۋاندا چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ! پۇتىدا چورۇق، بېشىدا تۆپە، ئۇچىسىدا ئەسكى جۇۋا، بېلىدە قاپقارا بولۇپ كەتكەن پوتا. ئوڭ قولى بىلەن ساقىلىنى سىيپاپ نېمىكىن، بىر نېمە ئويلاپ تۇرىدۇ... بەزى ۋاقىتلاردا مەن تۇرغان كوچىدىن بىر قېرى بوۋاي ئەپكەشنى مۈرىسىگە سېلىپ، سۈت سېتىپ ئۆتىدۇ. كۆزۈمگە ئىسسىققىنا كۆرۈنىدۇ، بېشىدا دوپپا، ئۇچىسىدا ئەسكى كەڭ كۆڭلەك — تامبال، ئاپئاق چاڭگا ساقال، پۈتۈن كۆرۈنۈشى بىلەن دادامغىلا ئوخشاپ كېتىدۇ. قايسىبىر ۋاقىتلاردا شۇنداق ئوخشىتىمەنكى، يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— دادا! بۇ سەنمۇ؟ — دەپ بوينىغا ئېسىلغىلى تاسلا قالىمەن... مۇنداق ۋاقىتلاردا دادامنىڭ كۆرۈنۈشى پۈتۈن سۈرىتى بىلەن كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ.

بىچارە بوۋاي: پۇتىدا چورۇق، ئۇچىسىدا يىرتىق جۇۋا، بېشىدا ئەسكى تۆپە، قولىدا ئۇزۇن چىۋىق، ساقاللىرىنى قىرو باسقان ھالدا ئېشىكىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان. دۇنياسى شۇنداق يارىتىلغانمىكىن تاڭ، خىيال بىلەن سەپسېلىپ قارىساڭ ھەيران قالىسەن.

بىزنىڭ ئۆمۈرلەر شۇنداق ئۆتكەنىدى.

مېنىڭ ئۆزۈمدىن بىرى، كىچىك چېغىمدىنلا تارتىپ ئويۇمغا مۇنداق بىر سوئال كېلەتتى:

— خۇدايىم بىزنىلا شۇنداق ياراتتىمىكىن، ھاكىملارنى نېمىشقا ئۇنداق ياراتمىدىكىن، دەيمەن... بۇ سوئاللارغا پەن ئىگىلىرىدىن ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالدىم. لېكىن شەرقنىڭ «ئۆلىمالىرى»دىن تېخىچىلا بىرەر جاۋاب ئالالمىدىم. مەن ئاڭلاپ باقسام ئىدىم شۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى!

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «مەن»نىڭ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى ناھايىتى كەسكىن. سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا يولۇققان ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتقان؟ مىسال ئارقىلىق سۆزلەپ بېقىڭ.

2. ھېكايىدىكى «مەن» ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، ئۇلارغا ئىچىنىدۇ، ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئاغرىپ يەيدىغانغا نانمۇ قالمىغاندا باتۇرلۇق بىلەن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى باقىدۇ. سىزمۇ ئائىلىڭىز ياكى يېقىن كىشىلىرىڭىز ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندا (يوقسۇزلۇق، ئۆلۈم ـ يېتىم، كۆتۈلمىگەن ۋەقە…)، ئائىلىنىڭ تېگىشلىك يۈكىنى ئۈستىڭىزگە ئالالىغانمۇ ـ ئالالمىغانمۇ، نېمە ئۈچۈن؟

3. ھېكايىدىكى «مەن» باشتىن ـ ئاخىر كۆڭلىدىكى راست گېپىنى قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ سەممىي، چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. سىز ھېكايىدىكى «مەن»نىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان سۆز ـ جۈملىلىرىنى تېپىپ كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

4. بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئەنە شۇنداق تەسىرلىك بايان قىلىشتا سۈپەتلەشلەر ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. سىز تېكىستتىن سۈپەتلەش بولالايدۇ، دەپ قارىغان ئون سۆزنى تېپىپ كۆرسىتىپ بېرىڭ.

# 6 . ئائىلىمىزدىكى ئەزىمەت

ۋاڭ ئەنيى[1]

ئەر كىشى بولمىغان دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . كىمـ-
نى يېزىش كېرەك ؟ ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئائىلىمىزدىكى
ئەزىمەت يادىمغا كېلىپ قالدى .

بۇ ئەزىمەت ئاچامنىڭ ئوغلى ئىدى . ئاچام بىلەن ئېرى باللىق
بولۇشنى خالىمايتتى . بۇ بالا پۈتۈنلەي ئىلاجسىزلىقتىن تۇغۇلۇپ
قالغان . ئۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ياش ئاتا - ئانا بالىنى بىزنىڭ
ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ قاچقاندەك ئەنخۇيغا كەتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
بوش ۋاقىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ بالىنى بېقىش بىلەن
ئۆتتى . بالا كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ قۇچاقتا تۇرمايدىغان ،
ماڭغۇسى كېلىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېتىلەپ يۈردۈم .
يېتىلىمىسەممۇ ماڭالايدىغان بولغاندا پۈتىنى ئاياپ ، كۆپ ماڭمايدىغان
بولىۋالدى ، ھەمىشە كۆتۈر دەپ تۇرۇۋالاتتى . تارىخ ھەقىقەتەن بۇرمىـ-
سىمان ئۆرلىمەكتە .

بۇ ئوغۇلنى ھەقىقىي ئەزىمەت دېيىشكە بولاتتى ...

## ئۇنىڭ يىمەكلىككە قىزىقىشى

«ئۇ تاماقنى ناھايىتى چاققان يەيدۇ» دەيتتى بالا باققۇچى . دېمىـ-

---

[1] ۋاڭ ئەنيى زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئايال يازغۇچى . ئۇنىڭ «نەپرەت ناخشىسى» ناملىق رومانى ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . بۇ ئەسىرى 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىدىن سەل قىسقارتىلىپ ئېلىندى .

سىمۇ راست، ئۇ تاماقنى ناھايىتى ئوبدان ھەم كۆپ يەيتتى، ئادەتتە ھەممە نېمىنى يەۋېرەتتى، يەنە كېلىپ ناھايىتى لەززەتلىنىپ يەيتتى. قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ يېگۈسى كېلىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش كەرەپشە (چېگسەي) بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا «كەرەپشە يېمىگەن ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ» دېۋىدىم، يېيىشكە كىرىشتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ يەيتتى ھەمدە ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك ياشاشنىلا ئويلايتتى. ئۇ جىمى تەملەرگە قىزىقاتتى. كىچىك قاسقان مانتىسىنى يېيىش ئۈچۈن بىرەر يېرىم سائەت ساقلاشقا چىدايتتى. ئۆزى يېيىشكە ئامراق نەرسىلەرگە قوشاقسىمان تېپىشماقلارنى توقۇۋالاتتى.

تويۇپ كەتكەندە بارمىقىنى شوراپ، كالپۇكىنى سەل دوردايتىۋالاتتى. ئۇ «شياۋلىن ئىبادەتخانىسى» ناملىق فىلىم مەملىكەت بويىچە كەڭ قويۇلغاندا، بىر يۇرۇش كەيىپ گۇمپىسىنى ئەينەن دورىۋالدى. بۇ گۇمپىنى ئوينىغاندا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئادەمنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇ شياۋلىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ راھىب بولۇشقا قىزىقاتتى. مەن ئۇنىڭغا راھىبلار گۆش يېمەيدۇ، دېسەم، «شورپىغا چۆپ سېلىپ يېسە بولىدىغاندۇ؟» دېدى. «بولمايدۇ» دېدىم. «ئەمىسە چوكا مۇز يېسە بولار؟» دەپ سورىدى ئېھتىياتچانلىق بىلەن. ئۇ ماروژنى ئەمەس، بەلكى چوكا مۇز يېيىشنى سورىغان ئىدى. «ئۇ تاغدا چوكا مۇز بولماسلىقى مۇمكىن» دېدۇق خىجالەتچىلىك ئىچىدە.

## ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ئىخلاسى

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى. دادىسى بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى تېخىمۇ ئاز ئىدى. مۇبادا دادىسى بىلەن ئانىسى زاكونلىشىپ قالسا، ھەتتا بەزىدە چاقىچاق ئارىلاش تالاش - تارتىش قىلىپ قالسىمۇ، راست دەپ بىلىپ، ئانىسىغا يان باساتتى. چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىيتتى ھەمدە ئانىسى ئۈچۈن مومىسىدىن ياردەم سورايتتى. بىر قېتىم ئۇ ئېيتقان ئەھۋال

يالغان چىقىپ قېلىپ، ئۆۋالچىلىق دېلوسى پەيدا بولدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى مومىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىسپات كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن دېلو ئاياغلاشقان بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۆيدە بىرەر نەرسە بۇزۇلۇپ قالسا، «دادام كەلگەندە ياساپ بەرسۇن» دەيتتى. بىرەرى بىرەر ئىشنى قىلىشنى بىلمىسە، «دادام بىلىدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دادىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى كەيپسىزلىك قىلىپ كەتتى. دۈشكەلەپ قويۇۋىدىم، خاپا بولۇپ، «سېنى دادامغا ئۇردۇرىمەن» دېدى. «داداڭغىمۇ؟ داداڭ نەدە؟» دېدىم مەنمۇ ئاچچىقلاپ. ئۇ بىردىنلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «ئەنخۇيدا» دېدى. ئۇنىڭ مەيۇس ئاۋازى ۋە روھىي ھالىتىنى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان دادىسىغا بولغان ئىخلاسىنى سۇندۇرغۇم كەلمەيدىغان بولدى.

## ئۇنىڭ مۇستەقىللىق تەلپى

قاچاندىن باشلاپكىن، ئۇنىڭ بىلەن تالاغا چىققاندا قولىنى تۇتۇۋېلىشىمنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سېمىز بىلىكى ئالىقىنىمدا بېلىقتەك سىلكىنەتتى. بىر كۈنى ئۇنى نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى بازارغا ئېلىپ چىقتىم. ئۇ ئۆزۈمنىڭ نەرسىسىنى ئۆزۈم ئالاي، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ئون تىيىن پۇل بەردىم. ئۇ پۇلنى سىقىمداپ، پەشتاختىغا يېقىنلىشىپ، تۇساتتىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. «سەن پۇلنى بەر، مەن دەي» دېدىم. «ياقەي، ئۆزۈم دەيمەن» دېدى ئۇ ھەم ماڭا «گەپ قىلما جۇمۇ!» دەپ تاپىلىدى. مال ساتقۇچى كېلىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى سەل جىددىيلەشتى. ئۇ دادىل گەپ باشلاپ: «ئاچا، مەن، مەن...» دېدى. ئۇ نېمە ئالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. مەن تاقەتسىزلىنىپ: «بىر بولاق دولانا بېرىڭ» دېدىم. ئۇ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى. دولانىنى خۇشياقمىغاندەك يەيتتى. روھى سەل چۈشكۈن ئىدى. پۇشايمان قىلدىم. كېيىنچە ئۇ ئۆزى

يالغۇز گازلىق سۇ بوتۇلكىسىدىن بەشنى ۋە بىر سوم پۇلنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى بوتكىدىن ئاپېلسىن سۈيى تېگىشىپ كېلەلەيدىغان بولدى. ئادەتتە ئۇ چوقۇم ئۆزۈم بارىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى. خاتىرجەم بولالماي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭسام، ئۇ مېڭىشتىن توختاپ: «قايتىپ كەت، قايتىپ كەتمەمسەن!» دەيتتى. ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرەتتىم. ئۇ ئاپېلسىن سۈيى سېتىۋېلىشقا پىشتى. كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بۇ خىل ھالەت ئاخىر بېرىپ ئەسەبىيلىككە ئايلاندى. قۇرۇق بوتۇلكىلارنى ئاپىرىپ يەنە ئاپېلسىن سۈيىگە تېگىشىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ ئاپېلسىن سۈيىنى ئەتەي تېزلا ئىچىۋېتەتتى! ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىرتتىن يېنىپ كېلىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى بوتكىدا ئۇنىڭ ئاپېلسىن سۈيى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ توڭلاتقۇنىڭ ئالدىدا بولۇپ، بېشى ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مال ساتقۇچى بىرنەچچە ئادەم بىلەن سودا قىلىشقا بەند بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەنىدى. ئۇ تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ «يولداش» دەپ چاقىرغۇم كېلىپ كەتتى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

## ئۇنىڭ كۆز يېشى

«ئۇ يىغلىسا ياش ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ». مانا بۇ دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى. ھەر قېتىم كۆزىگە ياش كەلگەندە چىشىنى چىشلەپ كۆز چانىقىدىن ياش چىقارمايتتى، ئۇنىڭغا يەيدىغان بىرەر نەرسىنى بەرمىگەن، ئۇنىڭ بىرەر تەلىپىگە ماقۇل بولمىغان، بىرەر يېرىنى ئاغرىتىۋەتكەندەك تايىنى يوق كىچىك ئىشلارغا ئەزەلدىن يىغلاپ باققان ئەمەس. ئوكۇل ئۇرغاندا يىغلىمايدىغان بولغىلى خېلى ئۇزاق بولدى. بولۇپمۇ تاياق يېگەنگە يىغلىمايتتى. تاياق يېگەننىڭ ئۆزى خورلۇق تۇرسا، يەنە ئاجىزلىق قىلىپ يىغلىغان بارمۇ؟ شۇڭا تاياق يېگەندە ئۇ ھامان «ئاغرىمىدى، ئاغرىمىدى» دەيتتى. ھەتتا

قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ياڭراق كۈلكىدىن كۆز چاناقلىرىدىن چى-
قىپ كەتكەن ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشەتتى.
كېيىن ئەنخۇيغا بېرىپ دادىسى ۋە ئانىسى بىللە تۇردى. بىر
قېتىم ئۇنىڭغا خەت يازدىم. خەتتە: «سەن بەك سېسىق جومۇ!»
دېدىم. شاڭخەيدىكى چاغدا مەن ئۇنىڭغا دائىم شۇنداق دەيتتىم. چۈنكى
ئۇ بەك تەرلەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن دائىم ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرات-
تى. يېزنەم (ئاچامنىڭ ئېرى) خېتىدە يېزىشىچە، ئۇ بۇ سۆزنى
ئوقۇپ، ئاۋۋال قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئاندىن ئۇدۇل تارتىلىق ئۆيىگە
كىرىپ، لۆڭگە بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋاپتۇ. ئۇ ئېلىپبەلىك ھەرپ بىلەن
ماڭا خەت يېزىپ، خېتىدە: «ۋالىڭ ئەنيى، سەن ھەقىقەتەن چاقچاقچى
ئەبلەخسەن!» دەپتۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ شاڭخەيدىكى چاغدا ماڭا دائىم
دەيدىغان گېپى ئىدى.

## خىرىس ئالدىدىكى سالماقلىق

ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنى يەسلىگە بەرمەكچى بولدۇق. شۇ
كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ئۈنچىقماستىن ئەتراپقا قارىدى. باشقا بالىلارنىڭ
يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ يىغلاشقا باشلىدى. قاتتىق يىغلىمى-
مۇ، لېكىن يىغىسىدا مەيۈسلىنىش يوق ئىدى. قانداقتۇر رەسمىيەت
ئۈچۈنلا يىغلاۋاتقاندەك ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنى يەسلىگە
ئاپىرىپ قويۇش ئاسان ئىدى. ئاچا - سىڭىللار كىچىك ۋاقتىمىزدا
يەسلىگە بارمايمىز، دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغىنىمىزدەك تەرسالىق قىل-
مايتتى. «يەسلىنى ياخشى كۆرەمسەن» دەپ سورىساق، «ياخشى كۆر-
مەيمەن» دەيتتى. لېكىن يەسلىگە نائىلاج بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ،
بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلغانىدى، شۇڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق جا-
ھىللىقنى قىلمايتتى. مۇئەللىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تاماقنى ئوبدان
يەيدىكەن، ئوبدان ئۇخلايدىكەن. شۇغىنىسى سەل يېتىرقايدىكەن.
لېكىن، يەسلىدىكى بالىلار بىلەن تېزلا تونۇشۇپ دوستلىشىشقا، ئۇ-
رۇشۇشقا، غەلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ. ھەر كۈنى ئۇنى ئالغىلى بارغىنىم-

دا ، مۇئەللىم بىر قانچە ئىغىز قاقشاپ قويانتى .
ئۇ تۆت ياشقا كىرگەن يىلى بالا باققۇچى ئاغرىپ قېلىپ ، يېزىغا
كەتتى . ئۇ ئەنخۇيغا ماڭدى . ئۇ ئەنخۇيغا بېرىشنى خالى-
مايتتى . ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىدەك تۇيۇلۇپ قاپتۇ . تەلەپنى
قاتتىق قويۇپتۇ يۇ ، تۇزۇك مېھرىبانلىق قىلماپتۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە
خۇشاللىق ۋە خاپىلىقتىمۇ بالا پۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىشقا مەج-
بۇر بولۇپتۇ . يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مومىسىغا : «مو-
ما ، سىلەر مېنى باقماي يولغا سېلىپ قويدۇڭلار» دەپتۇ . مومىسى
ئازىسالدى بولۇپ ، ئۇنى ئېلىپ قېلىشنى ئويلاپتۇ . شاڭخەيدىن خې-
فېيغا بارىدىغان بىرلا پويىز بولۇپ ، ئادەم كۆپ ، ۋاگونلارنىڭ
ئىشىكلىرى يوق - تاق ۋە ئادەملەر بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن-
دى . چوڭلار قىستىلىپ يۇرۇپ پويىزغا ئاران چىقىۋالدى . ئۇ ۋوگ-
زال سۇپىسىدا قالغانىدى . ئۇ جىددىيلىشىپ «قانداق قىلىمەن ؟ »
دېگەندە ، «پويىزغا چىقالمىساڭ بارمىساڭمۇ بولار» دېدىم ئۇنىڭغا
تەسەللى بېرىپ . ئۇ يەنىلا تاقەتسىزلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭچە ئۇ ماڭ-
مىسا بولمايتتى . پويىز ماڭاي دېگەندە ئاچام : «ئۇنى دېرىزىدىن
سۇنۇۋېتىڭلار» دېدى . مەن ئۇنى كۆتۈردۇم . ئۇ رامنى چىڭ تۇتۇۋې-
لىپ ، پۇتلىرىنى تىرەپ ، دېرىزىگە چىقىۋالدى . دېرىزە تۇۋىدىكى
يولۇچىلار ئۇنىڭغا قارايتتى . ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك ئۇنىڭغا قوللىرى-
نى سۇندى . ئۇ ئۆزىگە كاشىلا بولىدىغان قوللارنى ئىتتىرىۋېتىپ ،
ئەڭ كۈچلۈك ئىككى قولنى تۇتۇۋېلىپ ، ۋاگونغا سەكرەپ كىرىپ ،
قىستا - قىستاڭ ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى .

مانا بۇ بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئەزىمەت . ئۇ ئاستا - ئاستا چوڭلاشقا
باشلىدى . ئۇنىڭ چىرايى ، قوللىرىدىكى سىزىقلار ، بەدىنى ، كۈچ -
قۇۋۋىتى ، ئەقىل - پاراستى ، مىجەزى ، جىنسىي پەرقى سىرلىق
يوسۇندا ئاستا - ئاستا روشەنلىشىپ باراتتى . بۇ ، ھەقىقەتەن كارامەت
ئىش . بۇ ، ھەرقانداق ئەدەبىياتتىن ئۇستۈن تۇرىدىغان ئەدەبىيات ،
ھەرقانداق سەنئەتنى بېسىپ كېتىدىغان سەنئەت ئىدى . يېزىپ مۇشۇ
يەرگە كەلگەندە ھېكايە يېزىشتىن يالتايدىم . ئايالارنىمۇ ، ئەرلەرنىمۇ

يازغۇم كەلمىدى. بولدىلا، ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويايلى!

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «ئائىلىمىزدىكى ئەزىمەت» تە نەچچە ياشلىق بالا كۆزدە تۇتۇلغان؟ ئۇ ئوغۇل بالا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەزىمەت دېيىلگەنمۇ؟ ئۇنىڭدا ئەزىمەتنىڭ تەقى – تۇرقى بارمۇ؟ قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەڭ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئاستى سىزىلغان سۆزلەر پېرسوناژنىڭ قانداق پسىخىكىسىنى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن؟ مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار.

1) ئۇ شياۋلىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ راھىب بولۇشقا قىزىقاتتى. مەن ئۇنىڭغا راھىبلار گۆش يېمەيدۇ، دېسەم، ئۇ «شورپىغا چۆپ سېلىپ يېسە بولىدىغاندۇ؟» دېدى. «بولمايدۇ» دېدىم. «ئەمىسە چوكا مۇز يېسە بولار؟» دەپ سورىدى ئېهتىياتچانلىق بىلەن. ئۇ ماروژنى ئەمەس، بەلكى چوكا مۇز يېيىشنى سورىغانىدى.

2) بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى كەيپسىزلىك قىلىپ كەتتى. دۈشكەلەپ قويۇۋېدىم خاپا بولۇپ، «سېنى دادامغا ئۇردۇرىمەن» دېدى. «داداڭغىمۇ، داداڭ نەدە؟» دېدىم مەنمۇ ئاچچىقلاپ. ئۇ بىردىنلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «ئەنخۇيدا» دېدى.

3) ئۇ نېمە ئالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. مەن تاقەتسىزلىنىپ: «بىر بولاق دولانا بېرىڭ» دېدىم. ئۇ خىجىلچە گەپ قىلمىدى. دولاننى خۇشياقمىغاندەك يەيتتى. روھى سەل چۈشكۈن ئىدى.

3. سىزنىڭچە ماقالىدىكى قايسى جۈملىلەر پەلسەپىۋى پىكىرگە باي بولۇپ، سىزگە ئىلهام بەردى؟ ئۇ جۈملىلەرنى خاتىرە دەپتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ.

4. ئۆيگە بارغاندا بۇ تېكىستنى دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ. دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز كىچىك چېغىڭىزدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسۇن. گۇرۇپپىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ھەربىر بالا بىر تەرەپنى نۇقتىلىق سۆزلەڭلار. سۆزۈڭلار كونكرېت، تەپسىلىي بولسۇن.

# 7 . بىز نېمىشقا كېسەل بولىمىز

جورجى ۋىتولكاس[1]

سوئالىڭ قارىماققا ئاددىي ، سۆيۈملۈك بالام ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قىيىن سوئال ، بىز چوڭلارمۇ قىيىنلىشىپ جاۋاب بېرىمىز . ئەڭ ئاددىي جاۋاب بەلكىم ، مۇنداق بولار : بىزنى كېسەل قىلغان نەرسە باكتېرىيە بولۇپ ، بۇ خىل ئىنتايىن كىچىك ، زىيانداش نەرسە ھاۋا ئارقىلىق ياكى جاراھەت ئارقىلىق بەدىنىمىزگە كىرىدۇ . بەلكىم ، بۇ جاۋابنى سەن ئوقۇتقۇچىڭدىن ، ئاتا - ئاناڭدىن ياكى سېنى داۋالىغان بالىلار دوختۇرىدىن ئاڭلىغاندۇرسەن . بەلكىم ، شۇنداق ئويلايدىغانسەن : باكتېرىيە ھەممىمىزنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان ئىش بولسا ، زەدىجىرسىمان باكتېرىيە تۇپەيلىدىن ئانام پوقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ يۇ ، دادام نېمىشقا ئۇنداق بولمىدى ؟ ئېھتىمال ، ئۇنداق سوئاللارنى سوراشقا جۈرئەت قىلالماسسەن ، بىراق دادىللىق بىلەن سوئال سورىساڭ بولىۋېرىدۇ . سېنىڭ سوئالىڭغا چوڭلار مەلۇم مىقداردىكى باكتېرىيە يېتىلگەندىلا ئاندىن ئادەملەر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ ، دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا كېرەك .

نېمىشقا دادالڭ ئۆپكە ياللۇغى بولىدۇ يۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئاناڭ ئۇنداق بولمايدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە باكتېرىيە بىرىدىن يەنە بىرىگە يۇقىدۇ ئەمەسمۇ ، بۇ مەسىلىنى بىز چوڭلارمۇ ئېنىق بىلمەيمىز .

---

① جورجى ۋىتولكاس — گرېتسىيىلىك ئالىم . ئۇ 1932 - يىلى تۇغۇلغان . ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش ئۇسۇلىنى ئارقاتقانلىق تۆھپىسى ئۈچۈن ، 1996 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . بۇ ئەسەر «نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بالىلارغا سۆزى» (سەنلىيەن نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى . 2003 - يىل 7 - ئاي) دېگەن كىتابتىن ئېلىندى .

بىز دوختۇرلارنىڭ بىلىدىغانلىرى پەقەت شۇنچىلىكلا. ئەگەر باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەھەرلىك نەرسىلەر قاتارلىق كېسەلگە سەۋەبچى سىرتقى ئامىللار بىلەن ئادەمنىڭ يۇقۇملىنىشچانلىقى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولسا، ئۇ ئادەم كېسەل بولىدۇ. بىز بۇنى كېسەلگە بولغان سەزگۈرلۈك دەپ ئاتايمىز. نۇرغۇن دوختۇرلار ئىككىنچى ئامىلغا سەل قاراپ، دىققىتىنى باكتېرىيىنىڭ تارقىلىشىغا قارىتىشى مۇمكىن. ئۇلارغا مەلۇمكى، ئادەتتە ئانتىتىكىلار دەپ ئاتىلىدىغان قارشى تۇرغۇچى ئامىللار بولىدۇ، ئۇلار قاندىكى ساقچى بولۇپ، قاندىكى يات باكتېرىيىلەر بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىمار باكتېرىيە ياكى ۋىرۇس بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ساقچىلارنى ئاز ئىشلەپ چىقىرىدۇ، دوختۇرلار بۇنى ئېنىق بىلمەيدۇ.

كېسەللىنى باكتېرىيىلەر پەيدا قىلىدۇ، دېگەن قاراش ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىكى چوڭ سەۋەنلىك بولسا كېرەك. شۇنداق، بىز چوڭلارمۇ بەزىدە بىمەنە نەرسىلەرگە ئىشىنىمىز. ئەمما، ئىشەنگەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ھەرقانداق تەتقىقات مۇنداق ئىشەنچنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ: ئالىملار، دوختۇرلار، دىرېكتورلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ۋاقتى، ئەمگىكى ۋە پۇلى ئارقىلىق باكتېرىيىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. كىشىلەر ئانتىبىئوتىك دورىلار ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرى بولىدۇ. بىمارلار ئانتىبىئوتىك دورىلارنى ئىشلەتكەندە، يۆتىلى تېز ساقايغاندەك قىلىسىمۇ، ئانتىبىئوتىك دورىلار يۆتەل ۋىرۇسلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا، ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ھەرخىل باكتېرىيەلەرگە قارشى تۇرىدىغان ساقچىلارنى ئىشلىشى كېرەك بولىدۇ. ساقچى ئاز بولۇپ قالسا، يۆتەلدىن كېيىن قۇلاق ياللۇغىغا ئوخشاش باشقا كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

نۇرغۇن دوختۇرلار مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى زامان تېبابىتى ئۆلۈمنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. بۇ 100 يىل ئىلگىرىكى زامانلارغا

نىسبەتەن، جان ئالغۇچى كېسەللىكلەر تۇپەيلىدىن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى ئازايدى دېگەنلىكتۇر. بۇ توغرا. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە بالىلار پارالىچى تۇپەيلىدىن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئازايدى. لېكىن، ئەتراپقا ئوبدان قارىساق شۇنى بايقايمىزكى، نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى تېزلىشىپ كەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە قېرىلار دېۋەڭلىك كېسەللىكى (قېرىلارنى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدىغان كېسەللىك) خۇددى يۇقۇملۇق كېسەللەردەك يامرىماقتا. ھازىر نەچچە مىليون ئادەم مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار. يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېشى ئانچە چوڭ بولمىغانلارمۇ بۇ خىل قىسمەتكە ئۇچرىدى. ئەگەر سىزنىڭ بوۋاڭ 85 ياشقا كىرىپ، ھېچنېمىنى ئېسىدە تۇتالمىسا، ھەتتا، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ ئەسلىيەلمىسە، بۇ ئىشنىڭ چاتاق بولغىنى. ئەگەر سىزنىڭ داداڭ 55 ياشقا كىرگەندە ئاشۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالسا، بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاق بولغىنى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياۋروپادىكى 40% بالا نەپەس يوللىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار ئىكەن. دېمەك، بۇ سىنىپىڭىزدىكى ئون ساۋاقداشنىڭ ئىچىدە تۆتى ئاشۇنداق كېسەللىككە گىرىپتار دېگەن گەپ. يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە بەزى يېڭى كېسەللىكلەر كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ئەيدىز. سىنىپىڭىزدىكى بەزى ساۋاقداشلارنىڭ دىققىتى چېچىلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن، بۇ بىر خىل يېڭى كېسەللىك. بۇنداق بالىلار دىققىتىنى يىغالمايدۇ، ھەمىشە دەككە - دۈككە بولىدۇ، قورقۇنچاق بولىدۇ، ئۆگىنىش قىلالمايدۇ، ھەتتا گېپىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدۇ.

گەرچە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى يېڭى مۇرەككەپ كېسەللىكلەرمۇ پەيدا بولدى. بۇ ئىككى خىل ھادىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك. ھېچ بولمىغاندا مەندەك ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان دوختۇرلار شۇنداق ئويلايدۇ. نېمىشقا ساغلام كىشىلەر 80 ياشقا كىرگەندىمۇ كېسەل بولماي تېتىك ياشىيالايدۇ؟ مەن كافكازىيىدە شۇنداق ئادەملەرنى كۆرگەن، ئۇلار تاغ رايونلىرىدا ساپ تەبىئەتنىڭ

قوينىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇ رايونلاردا مۇھىت بۇلغانمىغان ئىدى، بۇلغاندى دېگەندىمۇ يوق ھېسابتا ئىدى. ئۇ يەرلەردە يېڭى زەھەرلىك بويۇملار ئىشلەپ چىقىرىلمىغاچقا، يېڭى كېسەللەرمۇ بارلىققا كەلمەيتتى.

ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر بۇلغانغان مۇھىتتا ياشايدۇ. بىز سۇلارنى، تۇپراقنى، ھايۋانلارنى، ھەتتا ئۆزىمىز يەيدىغان بېلىقلارنى، گۆش ۋە كۆكتاتلارنى بۇلغاپ بولدۇق، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمىزنىمۇ بۇلغاپ بولدۇق. كېسەللىك بىر خىل بۇلغىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ بەدىنىمىز بۇلغىنىپ بولدى، بىز كېسەل بولدۇق. چۈنكى، ۋۇجۇدىمىزنى ئۆزىمىز بۇلغاپ بولدۇق. ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش ئۇرۇنلىرىدا، مەسىلە بەدەندىكى باكتېرىيە ياكى مۇھىتقا زىيانلىق نەرسىلەرنى دورا ئارقىلىق يوقىتىش ئەمەس. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئانتىبىئوتىك دورىلار ۋە باشقا خىمىيىلىك دورىلار پەقەت ئالامەتلەرنى تىزگىنلەيدۇ، ئەمما كېسەلنى ھەقىقىي مەنىدە داۋالىيالمايدۇ. ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن باستۇرۇلغان شامالداشلار ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇلاق ياللۇغىغا ئوخشاش كېسەللىكلەر سۈپىتىدە قايتا قوزغىلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئورگانىزمدا باكتېرىيىلەرگە قولايلىق بولمايدىغان ھەم باكتېرىيىلەر كۆپىيەلمەيدىغان ۋەزىيەتنى بەرپا قىلىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىمارنىڭ باكتېرىيىدىن يۇقۇملىنىشىنى كېمەيتىش.

بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن بىر گېرمانىيىلىك مۇشۇ يولدا ماڭغان، ئۇنىڭ ئىسمى سامۇئىل خانامان. ئۇنىڭ دورىلىرى زۇكامغا ئوخشاش جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ۋە بەل ئاغرىقىغا ئوخشاش ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئوخشاشلا ئۈنۈم بېرەتتى. بىز ھازىرغىچە بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەلمىدۇق. ئۇ 1000 دىن ئارتۇق رېتسېپقا ئىگە بولۇپ، ھەممىسى ئاق باش ئوت، ئاتروپا، ئاش تۇزى، فوسفور، گۈڭگۈرت، سىماب قاتارلىق تەبىئىي نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەربىرىنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق تەڭشەلگەندە بىمارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش دوخ-

تۇرلىرى ئادەمنىڭ بەدىنى، قەلبى، روھىدىن ئىبارەت ھەممە تەرەپلىرىنى تەڭ داۋالاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەگەر سەن مەندەك ئەھۋالغا قاراپ داۋالىغۇچىدىن، ئادەم نېمىشقا كېسەل بولىدۇ دەپ سورىساڭ، ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىك ھەققىدىكى قارىشىمنى سۆزلەپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر ساغلاملىقنى قانداق ئۆلچەيدۇ؟ ئەگەر بىرى يەنە بىرىدىن ساغلامراق دېيىلسە، بۇ يەردىكى ئۆلچەم نېمە؟ ھازىرقى زامان داۋالاش ئىلمىدە بۇ خىل چۈشەندۈرۈش مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ ئەھۋالغا قاراپ داۋالاشقا بېرىدىغان تەبىرىم مۇنداق: ساغلاملىق دېمەك شەخسنىڭ جىسمانىي، روھىي، ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇتلەق ئەركىنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچ تەرەپ شەخسنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن دەۋاتقان بەدەن ئاغرىقى يوق بەدەننى كۆرسىتىدۇ. ساغلام بەدەن دېگەنلىك ئۆز - ئۆزىدىن رازى بولۇش دېگەنلىكتۇر. روھىي ساغلاملىق دېگىنىمىز شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق بولۇپ، ئۆزىنى، دوستىنى ۋە ئائىلىسىنى ئويلاش بىلەن بىللە باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىكى ساغلاملىق دېگىنىمىز بېكىنمە ۋە قول ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ھاياجاندىن خالىي بولۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئومۇمەن، ئۇ بىزنى ئېنىقسىز، بىخۇد تەپەككۇرغا ۋە ھەرىكەتكە ئۈندەيدىغان ھاياجاندۇر.

كېسەلنىڭ سەۋەبىگە نىسبەتەن ئۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مەن ساڭا بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي: زەھەرلىك نەرسىنى يەۋالساق كېسەل بولىمىز. ئىنسان ماددىي ئوزۇققا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، يەنە روھىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئوزۇققىمۇ موھتاج. نەپرەت، ھەسەت، ۋەھىمە، غەمكىنلىك كەبى زەھەرلىك ھېسسىياتلار خۇددى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىشنى، بىرەرىگە ئەسكىلىك قىلىشنى، ھەتتا بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلاشتەك زەھەرخەندىلىكلەرگە ئوخشاشلا بىزنى كېسەللىككە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇنداق ئويلار مېڭىمىزنى كېسەل قىلىپلا قالماستىن، ئاخىر بەدىنىمىزنىمۇ كېسەل قىلىدۇ. سېنىڭچە، بۇ غەلىتىمىكەن؟ مەن ئۇرۇش ئىچىدە چوڭ

بولغان، دېگەندەك ئۇزۇقلىنالمىغان، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېرمانىيە ئىشغالىيىتى مەزگىلىدە ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغان ئىدىم. ئافىنادا تاماكا سېتىش ئارقىلىق سىڭلىم ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى تەستە قامدايتتىم. سۆڭەكلىرىم پارچىلىنىپ، يانپاش تەخسە سۆڭىكىم زەخىملەنگەن ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن كىشىلەر مېنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى. ئەمما، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن پالەچ بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدىم. ئاغرىق يوقىمىدى، 27 ياشقا كىرگىنىمدە، تاسادىپىي ھالدا خانامانىنىڭ كىتابىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى داۋالاشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. 15 يېشىمدا دوختۇرلار مېنى ئۇزاق ياشىيالمايدۇ دېگەن ئىدى. مانا مەن ھازىر 69 ياشقا كىردىم.

ئەمدى سېنىڭ سوئالىڭغا كېلەيلى: جىددىيلىكمۇ بىر خىل بۇلغىنىش. كەيپىيات جەھەتتىكى جىددىيلىك خۇددى باكتېرىيىگە ئوخشاشلا بەدىنىمىزنى چىرىتىدۇ، سىنىپ كۆچەلمەسلىكتىن ئەنسىرەش، ماڭا ئوخشاش ئۇرۇشتىن قورقۇش قاتارلىق ئەھۋاللار جىددىيلىككە كىرىدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە بەزى كېسەللىكلەرنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى بولىدۇ.

ئەگەر سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ، چوڭ داداڭ ـ چوڭ ئاناڭ، بوۋا ـ موماڭنىڭ قۇلىقى ئاسان زەخىملىنىدىغان بولسا ياكى يۈرىكى ئاجىز بولسا، سېنىڭمۇ قۇلىقىڭ ياللۇغلىنىشى ياكى يۈرەك سانجىقىغا گىرىپتار بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەگەر سەن جىددىيلەشمىسەڭ، بۇنداق يوشۇرۇن ئامىللار ئۆمۈر بويى قوزغالماسلىقى مۇمكىن. جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا، ئادەمنىڭ ئورگانىزمى ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىگە قارىتا سەزگۈرلىشىپ كېتىدۇ. ئايروپىلاندا كۆپ ئولتۇرىدىغان يولۇچى ئايروپىلاندىكى بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەس ئالغاچقا، قالتىس جىددىيلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئاتلانتىك ئوكيانىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېغىر كارناي ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. ئانتىبىئوتىك دورىلارمۇ ئادەمنى ئىنتايىن جىددىيلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بارلىق خىمىيىلىك دورىلارغا ئوخشاش

باش ۋە قورساقلارنى ئاغرىتىدىغان ئەكس تەسىرگە ئىگە . بەدىنىمىز بىزگە مۇنداق دېمەكتە : سەن مېنى خارلىدىڭ ، شۇڭا سېنىمۇ خارلاي- مەن !

مېنىڭ بەدىنىممۇ بىزىدە ماڭا شۇنداق دەيتتى ، ئاندىن يۇقۇملۇق زۇكام بىلەن مېنى جازالايتتى . گەرچە ئانتىبىئوتىك دورىلارنى يېمە- سەممۇ ، مەندەك ياشتىكى كىشىلەر سەپەرگە زىيادە كۆپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى ، ئۇنىڭ سالامەتلىككە تەسىرى بولىدىغان گەپ . جىددىي- لىشىشنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ، نې- مىشقا شۇنداق قىلىمەن ؟ چۈنكى ، مەن بۇ ئۆمرۈمدە تىرىشىپ ئىش- لەپ ، كىشىلەرنى ئەھۋالغا قاراپ داۋالاشنىڭ ئۇنۇمىگە ئىشەندۈرمەك- چى ؛ چۈنكى ، مەن بۇ خىل داۋالاشنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى كۆرگەن .

كلاسسىك ھازىرقى زامان تېبابىتىنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى ئۇنۇ- مى ئىسپاتلاندى . ئۇ راكقا ئوخشاش ئاستا خاراكتېرلىك ئېغىر كېسەل- لىكلەرنى داۋالاشتىمۇ ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى ، ئۇ ئاغرىقنى مورفىن ئارقىلىق يەڭگىللىتەلەيتتى . ئەمما ، مېنىڭچە ، ئۇ ھەقىقىي ئۇنۇملۇك داۋالاش ئەمەس . كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن بىز كېسەلنىڭ مېخانىزمە- نى چۈشىنىشىمىز كېرەك . كېسەللىك بىر خىل ئاستا جەريان ، ئۇ يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىپ بارىدۇ . باشتا بىز ئۇنى سەزمەيمىز . دەسلەپكى كۈنلەردە باكتېرىيە بەدەنگە مۇكۇنىۋالىدۇ . ئۇ بايقالغان ھامان بەدىنىڭ قىزىيدۇ . بۇ باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بو- لۇپ ، سەن قىزىتما بولغان بولىسەن . قىزىشنىڭ ئۆزى كېسەللىك ئەمەس . لېكىن ، ئۇ بىر خىل بەلگە . ھەرقانداق كېسەللىك بىر كېچىكىپ بايقىغان شەكىلدە بولمايدۇ ، كېسەللىك ئالدىبۇرۇن باشلى- نىپ كەتكەن بولىدۇ . ئۇ بەدەندىكى تەڭپۇڭسىز كۆچكە نىسبەتەن بىر خىل ئىنكاستۇر . روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق بەدەندىكى ھەر- قايسى ئورگانلارغا تەسىر قىلىدۇ . ئەگەر بىز كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز ، ئۇنداقتا ، بىز روھىي جەھەتتىكى بۇ خىل ئېنېرگىيە قالايمىقانچىلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك . بىز ناچار

ئىدىيە ۋە ناچار ھېسسىياتنىڭ بەدەنگە قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم . بۇ ئىنتايىن زور تەسىر بولۇپ ، بۇنى قەدىمكى يۇنانلىقلار ياخشى بىلگەن . «ساغلام بەدەندە ساغلام روھ» دېگەن سۆزنى ئەنە شۇلار قالدۇرغان .

كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمئىيەتتە ، بىز ساغلام ھەم بەختلىك بولالايمىز . بىز سالامەت بولۇشىمىز ئۈچۈن ساغلام جەمئىيەت قۇرۇشىمىز كېرەك . بۇنداق جەمئىيەتتە بىز باشقىلارغا خۇددى ئۆزىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلىمىز . ئەمما ، بىز ئۇرۇشۋاتىمىز ، ماجىرالىشىۋاتىمىز ، رىقابەتلىشىۋاتىمىز . بىز باشقىلارغا بولغان چېقىلىشلىرىمىزنى چەكلەپ ، باشقىلارغا بولغان سوغۇق پوزىتسىيىمىزنى تۈگەتسەك ، ساغلام ئادەملەردىن بولالايمىز . ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇنداق يەردىن ئىزدەيدۇ . ئەپسۇسكى ، بىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز داۋالاش تېخنىكىسى كەبى سەۋىيىگە تېخى يەتمىدى . مەن سىزنىڭ سوئالىڭىزغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە تېخىمۇ توغرا جاۋاب بەرگۈدەك پاراسەتكە ئېرىشەلەمدىم ـ يوق ، بۇنى ئۇقمايمەن . قارارىم شۇكى ، ئۆز ئەسەرلىرىمدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تىرىشىمەن .

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. تېكىستتە ئۇچرىغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ:

1) «روھىي ساغلاملىق دېگىنىمىز — شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق بولۇپ، ئۆزىنى، دوستىنى ۋە ئائىلىسىنى ئويلاش بىلەن بىللە باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

2) «بىز چوڭلارمۇ بەزىدە بىمەنە نەرسىلەرگە ئىشىنىمىز، ئەمما ئىشەنگەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.»

3) «كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمئىيەتتە، بىز ساغلام ھەم بەختلىك بولالايمىز. بىز سالامەت بولۇشىمىز ئۈچۈن ساغلام جەمئىيەت قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق

جەمئىيەتتە بىز باشقىلارغا خۇددى ئۆزىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلە-مىز.»

2. بۇ تېكستتە ئادەمنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېسەل بولىدىغانلىقى چۈشەندۈ-رۈلگەن. سىز ھازىرغىچە مەيلى ئېغىر، مەيلى يېنىك دەرىجىدە بولسۇن، كېسەل بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز بۇ تېكستنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمە سەۋەبتىن كېسەل بولغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ يەتتىڭىزمۇ؟ سۆزلەپ بېقىڭ.

3. ساغلاملىققا دائىر ماقال ــ تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ كېلىپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ.

4. بۇ تېكستتە ئىشلىتىلگەن تىنىش بەلگىلەردىن تىرناق (  )نىڭ قانداق جايدا، نېمە سەۋەبتىن ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

# 8. بۇزغۇنچى

ئەخەت ھاشىم[1]

توقۇمىچىلىق ئىشچىسى بۇسارەمنىڭ ئەسئەت ئىسىملىك يۇزى دۇپدۇگىلەك، كۆزلىرى يوغان، ئوماققىنا بىر ئوغلى بار. بۇ بالىنىڭ مىجەزى ئاجايىپ! بىر كۈنى ئۇ ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت:

— ئاپا، ئادەم نېمىشقا ھەركۈنى تاماق يەيدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تاماق يېمىسەڭ ئۆلىسەن! — دېدى ئاپىسى. لېكىن ئەسئەتنىڭ دادىسى سېلىم بولسا، ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، ماشىنىغىمۇ بېنزىن قۇيمىسا ماڭمايدۇ، ئادەممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز يەۋاتقان تاماقلاردا ئادەمگە كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بار، ئادەم ئاشۇ ئوزۇقلۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ، ماڭالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ. ئەگەر تاماق يېمىسە، بۇ كۈچ-قۇۋۋەت نەدىن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاپاڭ ئېيتقاندەك ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ-دە!

ئەسئەت قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ، يەنە سورىدى:

— دادا، ئاۋۇ يېپىنى تارتساق، لامپۇچكا يانىدىكەن، ئىچىدە ئوت بارمۇ؟

---

① ئەخەت ھاشىم 1934-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. يازغۇچى ۋە مۇھەررىر. مەسەل ئىجادىيىتىدە تۆھپىسى گەۋدىلىك. «بۆدۈنە بىلەن سېغىزخان»، «ئالجىغان يولۋاس» قاتارلىق مەسەل توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

— چىراغنى ياقماي قاراڭغۇدا ئولتۇرامتىڭ؟! ئاغزىغا نىمە كەلسە شۇنى سورايدىكەن! — بۇسارەم ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. دادىسى يەنىلا ئالدىرىماي كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت يوق، ئوغلۇم. قارا، ئاۋۇ ئىككى سىمدىكى توك ئېقىملىرىنىڭ بىرى مەنپىي زەرەت، بىرى مۇسبەت زەرەت، سەن يىپنى تارتقاندا، مەنپىي زەرەت بىلەن مۇسبەت زەرەت تەسىرلىشىپ توك ھاسىل قىلىدۇ - دە، چىراغنى ياندۇرىدۇ. ئىككىسى تەسىرلەشمىسە، توك ھاسىل بولمايدۇ...

— ئەمدى بىلىۋالدىم دادا، — دېدى ئەسئەت خۇشال بولۇپ ۋە يەنە سورىدى، — سەندىن يەنە بىر نەرسىنى سوراي. دادا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كېچىسى چىقىدىكەن، كۈندۈزى نەگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ؟

— ۋاي - ۋۇي ... تازىمۇ قۇم قازى ئىكەنغۇ بۇ! — دېدى قاچا يۇيۇۋاتقان ئاپىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — ئويلىمايدىغان نىمەڭ يوق ئىكەنغۇ سېنىڭ!

— ئوغلۇم، يۇلتۇزلار كۈندۈزى ھېچيەرگە قېچىپ كىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇ كۈندۈزىمۇ بار، — سېلىم ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — لېكىن كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ. نىمە ئۈچۈن دېسەڭ، كۈندۈزى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى يىراقتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز نۇرى كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇ خۇددى 100 ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يېنىغا كىچىككىنە شامنى يېقىپ قويسا، يورۇقى كۆرۈنمەي قالغاندەك ئىش!

ئەسئەت يەنە نىمىلەرنىدۇر سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى، ئۇنىڭغىچە مىجەزى چۇس، ئالدىراڭغۇ ئاپىسى:

— بولدى - بولدى! كىچىك بالا دېگەن بۇنداق يېتىم ئاقساقال بولمايدىغان. چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن، ھازىر ئويۇنۇڭنى ئويناشنى بىل، — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ئەسئەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— ئاپا، ئادەمنىڭ كۆزى كىچىككىنە تۇرۇپ، نېمىشقا شۇنچە يوغان يەرنى كۆرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇهوي، نېرى بارغىنا! — دېدى بۇسارەم تېرىكىپ، — ساڭا جاۋاب بەرگىلى كىمنىڭ چولىسى، ئاۋۇ زېرىكمەيدىغان داداڭدىن سورا، ماڭ!

ئەسئەت نېمە قىلىشىنى بىلمەي خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

سېلىم ھەقىقەتەن ئاسانلىقچە تېرىكمەيدىغان، ئېغىر ـ بېسىق، خۇشخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ قولىدىكى گېزىتنى تاشلاپ قويۇپ:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، بالىنىڭ كۆپ سوئال سورىغىنى يامان ئىش ئەمەس. «سورىغان بىلىم ئاپتۇ، سورىمىغان كېيىن قاپتۇ» دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ ئەقىللىق بالا كۆپ سورايدۇ. ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، بىر نەرسىنى چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ چاتىقى يوق يۈرۈۋېرىدىغان، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى ئەمەس! — دېدى بۇسارەمگە.

* * *

يىللار ئۆتۈپ، ئەسئەت 12 ياشقا كىرىپ قالدى. ئەمدى ئۇ 5 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ مەكتەپتىمۇ دائىم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوئال سوراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئالاھىدە ماختايتتى. ئۇ بارا ـ بارا ھەرخىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە بەزى نەرسىلەرنى چۇۋۇپ، ئىچىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى. بەزىدە، خەق تاشلىۋەتكەن بۇزۇق قۇلۇپلارنى تېپىۋېلىپ، ئېرىنمەي چۇۋۇپ، ئىچىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. رادىئو رېمونت قىلىش ھەققىدىكى كىتابلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ، ئۆيدىكى رادىئونىڭ ساندۇقىنى ئاچاتتى ـ دە، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى؛ بەزىدە، ھەرخىل قاتتىق قەغەز ۋە پارچە ـ پۇرات تاختايلاردىن تانكا،

پاراخوت ، ئايروپىلان ، ھەر خىل قۇشلارنى ياسايتتى .

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى . ئاپىسى بىلەن دادىسى تويغا كېتىپ ، ئۆيدە ئەسئەت يالغۇزلا قالدى . ئۇ بىر دەم كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن «ئەمدى نېمە ئىش قىلاي» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆزى بىر دىنلا ھويلىدا تۇرغان دادىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىگە چۈشتى . ئۇ خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك خۇشال كۇلۇمسىرەپ قويۇپ ، دەرھال سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقتى ـ دە ، ۋېلىسىپىتنى ئاستا چۇۋۇشقا باشلىدى . چىقارغان زاپچاسلارنى ئۆز رېتى بىلەن بىر چەتكە تىزدى . ئۇ بىر ھازا ئاۋارە بولۇپ ، ۋېلىسىپىتنى ئاخىر چۇۋۇپ بولدى . پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ ، بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى . چۇۋۇش ئوڭاي بولغان بىلەن قۇراشتۇرماق ناھايىتى تەس ئىكەن ! ئۇ ۋېلىسىپىتنى قۇراشتۇرۇپ بولغۇچە كۈنمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى دانە كىچىكرەك ۋىنتا ئېشىپ قالدى . بۇ قەيەرنىڭ بولغىيدى ؟ دەل شۇ پەيتتە ئاپىسى بىلەن دادىسى كېلىپ قالدى .

— نېمە ئىش قـىـلـىـۋاتىسەن ئوغلۇم ؟ — دېـدى دادىـسى تـەرلـەپ ـ پىشىپ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئوغلىغا قاراپ .

— ۋېلىسىپىتنى قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالاي دەپ چۇۋۇپ باقتىم . دادا ، ماۋۇ ئىككى تال ۋىنتا ئېشىپ قالدى . قەيەرگە سالىدىغانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن .

— مانا ، دېمىدىممۇ ؟ بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئارىلاشما دېسەم ئۇنىماي ، ئەمدى بىر ئوبدانلا ۋېلىسىپىتنى بۇزۇپسەن ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاپىسى .

— نەدە بۇزدۇم ، تۇزەپ قويدۇمغۇ مانا ! — دېدى ئەسئەت يەرگە قاراپ .

— سەن زادى بىرگە زىيان سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇزغۇنچى بولدۇڭ ! — دېدى ئاپىسى تېرىكىپ ۋە ئەسئەتنىڭ پېشانىـ

سىگە نوقۇدى .
— بولدى ، بولدى ، — دېدى سىلىم ، — قېنى مەن كۆرۈپ باقاي !
سىلىم ۋېلىسىپىتىنىڭ ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشىدىغان ئىككى تال ۋىنتىنىڭ كەم ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەسئەت بىر چاقنى قايتىدىن چىقىرىپ ، ۋىنتىلارنى ئۆز جايىغا ئورناتتى . لېكىن بۇسارەم ئېرىنى توختىماي ئەيىبلىگىلى تۇردى :
— نېمە قىلىمەن دېسە ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ يامان ئۆگىنىۋېتىپتە ، كىچىك بالىنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن نېمە چاتىقى ! زادى گۇناھ سىلىدە !
— ئەخمەق ئىكەنسەن ، بۇ ئىشلارنى قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ . بۇ ، بالىدىكى ياخشى قىزىقىش تۇرسا !
— نېمىسى ياخشى قىزىقىش ؟ ئۆيىمىزدىكى بۇزغۇنچى بولۇپ چىقتى بۇ ! قاراپ تۇرسىلا ، ئاخىر ھەممە نەرسىنى بۇزىدۇ بۇ بۇزغۇنچى !
— بۇنداق دېيىشىڭ توغرا ئەمەس ! — دەپ كۇلدى سىلىم .
شۇ كۈندىن باشلاپ بۇسارەم ئەسئەتنى «بۇزغۇنچى» دەيدىغان بولۇۋالدى .

* * *

بىر كۈنى سىلىم بىلەن بۇسارەم ئاز ـ پاز تەگىشىپ قالدى . بۇنىڭغا يەنىلا مۇشۇ «بۇزغۇنچى» سەۋەب بولغانىدى .
سىلىم ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ، بۇسارەم ھەدەپ ئەسئەتنى تىللاۋاتاتتى . ئەسئەت بولسا ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلامسىراپ تۇراتتى . ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە پۈتۈنلەي چۇۋۇلغان ئۈستەل سائىتى تۇراتتى . ئەسئەت دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ، «ياردەمچىم كەلدىغۇ» دېگەندەك يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ ، دادىسىغا مەدەت تىلەپ قارىدى .

— نېمە بولدى؟ — سورىدى سېلىم چاپانلىرىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن.

— نېمە بولاتتى، — دەپ توختىماي سۆزلەپ كەتتى ئاچچىقىدىن چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ تۇرغان بۇسارەم، — كۆرمەيۋاتامىلا؟ ماۋۇ بۇزغۇنچى ئەمدى سائەتنى چۇۋۇپتۇ! مەن ئۇنى بۇزغۇنچى دېسەم، سېلى زادىلا ئىشەنمەيلا، مانا كۆرسىلە ئەمدى ئۈستەل سائىتىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ!

سېلىم ئۈستەل ئۈستىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— سائەتنى نېمىشقا چۇۋۇدۇڭ ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى.

— سائەتنىڭ ئىچىنى تازىلاپ قوياي دەپ چۇۋۇغان، دادا. قۇ-راشتۇرۇپ قويسام بولمىدىمۇ.

— ۋاھ، خېلى ئىشەنچلىك گەپ قىلىسەنغۇ، راستىنلا قۇراشتۇرالامسەن؟

— قۇراشتۇرمايچۇ، بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدىكى سائەتمۇ بۇ-زۇلۇپ قاپتىكەن، چۇۋۇپ ياساپ بەردىم. چىكىلداپ مېڭىپ كەتتى. ساۋاقدىشىمنىڭ ئاپىسى خۇشال بولۇپ مېنى ماختاپ كەتتى. مۇشۇ ئاپاملا ماڭا ئىشەنمەيدۇ!

سېلىم كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ماقۇل، ئۇنچىلىك كارامىتىڭ بولسا ياخشى. ھازىر بۇلارنى يىغىشتۇرۇپ قوي، كەچتە مەن قاراپ ئولتۇراي، سەن ياسىغىن، — دېدى-دە، ئۈستەل ئۈستىدىكى سائەت زاپچاسلىرىنى يىغىشتۇرماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزاتتى. ئەسئەت دەرھال:

— تۇتما دادا، مەن بۇلارنى ئۆز رەتى بىلەن قويۇپ قويدۇم. ئارىلىشىپ كەتسە، قۇراشتۇرغاندا ئېزىپ قالىمەن، — دېدى.

سېلىم ئوغلىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ كۈلۈپ قويدى ۋە ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

تاماق تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان بۇسارەم ئېرىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قىزىقسەن-دە خوتۇن! ئۇ سائەتنى بۇزماپتۇ، ئىچىنى

چۈۋۈپ تازىلاپتۇ . ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق تېرىكىپ كەتمە !
— بولدى ، ئەزەلدىنلا ئاتا - بالا ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىر ! —
دېدى بۇسارەم چالۋاقاپ ، — ئۇنى توسۇماي مۇشۇنداق ئۆز مەيلىگە
قويۇپ بېرىۋەرسىلە ، ئەتە - ئۆگۈن ئۆيدىكى رادىئو ، تېلېۋىزورنىمۇ
كېرەكتىن چىقىرىدۇ . ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا
كېلەمدۇ ؟
— ھەي ئويلىغىنا ، بىر قۇشقاچنى تۇتۇش ئۇچۇنمۇ بىر سىقىم
تېرىقنىڭ مەرىدىن كەچمەي بولامدۇ ؟ بالىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ چاچمايلى . ئۇ تېخى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدە بىر سائەتنى ياساپ
بېرىپتۇ . سەن ، بىز بىلمىگەن بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىدا خېلى ھۈنىرى
بار ئوخشايدۇ .
شۇ كۈنى كەچتە سېلىم قاراپ ئولتۇردى . ئوغلى تەمتىرىمەي
سائەتنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى ، ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى سائەت
رېمونتچىلىرىنىڭكىدەك چاققان ھەرىكەت قىلاتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ،
قۇراشتۇرۇلۇپ بولۇنغان سائەت بىر خىلدا چېكىلداپ مېڭىشقا باشلىدى . خۇشال بولۇپ كەتكەن سېلىم سائەتنى كۆتۈرۈپ بۇسارەمنىڭ
يېنىغا كەلدى :
— مانا قارا ، كۆردۈڭمۇ ؟ «بۇزغۇنچى »نىڭ كارامىتى بارمىكەن ؟
بۇسارەم سائەتكە قاراپ قويۇپ :
— چۈجىنى كۈزدە سانىسىلا . كىم بىلىدۇ ، ھازىر ماڭغاندەك
قىلغان بىلەن ئەتە توختاپ قالامدۇ تېخى ! — دېدى .
— نېمىدېگەن تەرسا خوتۇن سەن ! — دېدى سېلىم خاپا
بولۇپ ، — ئۆز ئوغلۇڭنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمىسەڭ ، ئۇنى ماختاشنىڭ
ئورنىغا كەمسىتسەڭ ، پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ تەن ئالمىساڭ ، نېمە
دېگىلى بولىدۇ ؟ !

* * *

يازلىق تەتىل بولغانىدى . بۇسارەم «بۇزغۇنچى »نى ئېلىپ ، يې-

زىدىكى تۈغقانلىرىنى يوقلاپ باردى . يېزىغا كەلگەن تۈنجى كۈنىلا ئەسئەتنىڭ كۆزى تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكى تەكچىدە تۇپا بېسىپ تۇرغان رادىئوغا چۈشتى . ئۇ ئاستا بېرىپ رادىئونى قولىغا ئېلىۋىدى ، تاغىسى :

— ناخشا ئاڭلىغۇڭ كېلىۋاتامدۇ ئوغلۇم ؟ ئۇ بۇزۇلۇپ قالغان رادىئو ، سىلەر كەلگۈچە ياسىتىپ قويىمەن دېۋىدىم ، شۇنىمۇ قىلالمىدىم . بۇ يەردە تۈزۈك رادىئو رېمونت قىلىدىغان دۇكان يوق ، ناھىيە بازىرىغا بېرىشقا چولام تەگمىدى ، — دېدى .

— نەرى بۇزۇلۇپ قالدىكىن ، مەن ئېچىپ قاراپ باقايمۇ ، تاغا ؟

— تەگمە ، — دەپ ۋارقىرىدى بۇسارەم كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، — يەنە كونا كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتىدۇ - ھە !

— مەيلى ، تۈزىيەلىسە تۈزەپ باقامدۇ ، — دېدى تاغىسى كۈلۈپ .

— ياق - ياق ، رادىئونى تۇتما ! — بۇسارەم ئەسئەتنىڭ تاغىسىغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى ، — سىلەر ئۇقمايسىلەر ، بۇ غەلىتە بىر بالا بولۇپ قالدى . ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇنداق رادىئو ، سائەت ، ۋېلىسىپىتلەر بىلەن ئېتىشىپ يۈرىدۇ . ھەيرانمەن ئۇ بۇ ئادەتنى زادىلا تاشلىمىدى ، تۇۋا …

— بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقسا ياخشى ئەمەسمۇ ؟ بۇ ناھايىتى ياخشى ئادەت ، — دېدى ئەسئەتنىڭ تاغىسى كۈلۈپ ، — ئەقىللىق بالا بوپتۇ ، بۇ كەلگۈسىدە ئالىم بولامدۇ تېخى !

ئۆيدىكىلەر ئەسئەتكە قاراپ كۈلۈشۈپ قويىدى . بۇ كۈنى ئاپىسى ئەسئەتكە رادىئونى تۈتقۇزمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ «بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بۇ رادىئونى تەكشۈرۈپ بېقىپ ، چوڭ چاتاق بولمىسا چوقۇم تۈزەيمەن» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەلىيىگە ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت چىقتى . ئۆيدىكى ھەممەيلەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ بارىدىغان بولدى . «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك ، ئەسئەتنىڭ قەستى

رادىئودا بولغاچقا، ئۇلار بىلەن بارغىن، دەپ ھەرقانچە زورلىسىمۇ، ئەسئەت بارغىلى ئۇنىماي ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئاپىلىرى كەتكەندىن كېيىن يۈگۈرۈپ بېرىپ رادىئونى قولىغا ئالدى. ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئىچىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ھەممە يېرى ساق. نېمىشقا ئاۋازى چىقمايدۇ؟ ئىزدە-ئىزدە ئاخىر مىنۇس سىمىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى تاپتى-دە، خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. ئۇ «جابدۇق سومكىسى»دا ساقلاپ كەلگەن مىس سىمدىن ئازراقنى ئۈزۈۋېلىپ، رادىئونىڭ ئۈزۈلگەن مىنۇس سىمىغا تۇتاشتۇرۇپ بېقىۋىدى، گىڭىلدىغان ئاۋاز چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىمنى ئوتتا قىزىتىپ داغماللاشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى...



كەچقۇرۇن ئاپىلىرى قايتىپ كېلىپ ھەيران قېلىشتى، ئەسئەت باراڭنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ ياتاتتى. بىر چەتتە رادىئودىن ناخشا ياڭراپ تۇراتتى.

— بەللى... رادىئونى تىلغا كىرگۈزۈپ سايرىتىۋېتىپسەنغۇ، ئوغلۇم! — دەپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى تاغىسى.

— ھەممە يېرى ساق ئىكەن، بىرلا سىمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتە-

كەن ، شۇنى ئۇلاپ قويدۇم تاغا .

— مانا ، بىلگەن ئادەمگە ھېچگەپ ئەمەستە ! بىز ئۇنىڭ تىلىنى بىلمىگەندىن كېيىن بۇزۇلدى دەپ يۈرۈۋېرىپتۇق ، بارىكاللا ئوغلۇم ! ئاپىسى ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ھەي … مەن راستتىنلا ئۇنى كەمسىتىپ يۈرگەن ئوخشىمامدىمەن ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى .

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئەسئەتنىڭ رادىئو رېمونت قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا يىراق ـ يېقىنغا گەپ تارقالدى . ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىر قوشنىسى :

— ئوغلۇم ، سېنى رادىئو ئوڭشىيالايدىكەن ، دەپ ئاڭلىدىم ، مېنىڭ رادىئويىمنى كۆرۈپ باققىنا ، تەڭشىگۈچىسى زادىلا ئۇيان ـ بۇيان ماڭمايدىغان بولۇۋالدى ، — دەپ رادىئونى كۆتۈرۈپ كىردى .

ئەسئەت رادىئونى ئېچىپ تەكشۈرۈپ ، تەڭشىگۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان يىپنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بايقىدى . ئۇ كونىراپ كەتكەن بۇ يىپنى ئېلىۋېتىپ ، دوتارنىڭ تارىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئوڭلاپ بەردى . رادىئو بىردەمدىن كېيىن ھەممە ئىستانسىلارنى ئالالايدىغان بولۇپ جاراڭلاپ كەتتى . بۇ ئەھۋال ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەسئەتنىڭ داڭقى چىقىپ ، دېھقانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ قالغان رادىئولىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى . ئۇ ئون كۈننىڭ ئىچىدە بەش ـ ئالتە رادىئونى تىلغا كىرگۈزۈپ ، دېھقانلارنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى . تۈزىيەلمىگەنلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى . تېخى بەزىلەرنىڭ يېلى توختىماس بولۇپ قالغان ۋېلىسىپىتلىرىنى ياماپ بەردى ، ئۇستەل سائەتلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى . تۈگمەنچىنىڭ تۈگمىنىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئېلېكتر سىمىنى ئۇلاپ ، چىرىغنى ياندۇرۇۋەتتى .

ئۇنىڭ بۇ كارامەتلىرىگە قايىل بولغان دېھقانلار ئۇنى ئەركىلىتىپ :

— ھە ، شاكىچىك تېخنىك ، سېنىڭ قالتىس كارامەتلىرىڭ بار ئىكەن ! چوڭ بولغاندا ، چوقۇم ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىسەن ! —

دېيىشەتتى. بەزىلەر:

— گەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئوبدان تەربىيىلىگەنلىكىدە، بوسارەم بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەپتۇ! — دەپ ئەسئەتنىڭ ئاپىسىنى ماختايتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بوسارەمنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى-دە، ئىچ-ئىچىدىن ئازابلىنىپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا ئوغلىنى بۇزغۇنچى دەپ ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەسئەتنىڭ ئاپىسى بۇزغۇنچى دېگەن سۆزنى ھەرگىز ئاغزىغا ئالمىدى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشق

1. بالىلىقتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە نىسبەتەن قىزىقىش بولىدۇ. قىزىقىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت دېگەن گەپ بار. سىزدىمۇ قىزىقىش بارمۇ؟ نېمىگە قىزىقىسىز؟ سۆزلەپ بېقىڭ.

2. قىزىقىش ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسىلا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، تور مەستانىسى بولۇپ كېتىش، تېلېۋىزور كۆرۈشكە، ئۈنئالغۇ ئاڭلاشقا زىيادە ئامراق بولۇش، چولپانلارغا چوقۇنۇش، تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىك ۋە مودا قوغلىشىش قاتارلىق سەلبىي ھەۋەسلەر ۋە نورمالسىز قىزىقىشلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن شۈبھىسىزكى، زىيانلىق. سىز ھازىرغىچە مۇشۇنداق نورمالسىز قىزىقىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ باققانمۇ؟ ھېس قىلغانلىرىڭىزنى مىسال ئارقىلىق سۆزلەپ بېقىڭ.


ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# باللار

مۇھەممەتجان راشىدىن[1]

بىز كۆيگەندەك كۆيەمدىكىن باللار؟
بىزنى بىزدەك سۆيەمدىكىن باللار؟
ئەجىر قىلدۇق ئەجىر دېگەن ئۇلۇغ دەپ،
ئەجرىمىزنى تۆلەمدىكىن باللار؟

بالا دېسە بىرىپ كەلدۇق جېنىنى،
كەپتەر باقسا تۇشۇپ بەردۇق دېنىنى.
ئۆي ئايرىسا سوقۇپ بەردۇق تېمىنى،
شۇ ئىشلارنى بىلەمدىكىن باللار.

ئەقىل تېپىپ، مال ـ دۇنيامۇ تېپىپ ھەم،
سېخىيلىقتا ئەل دەردىگە يېتىپ ھەم،
يىرتىلغاننىڭ يامىقىنى ئېتىپ ھەم،
يىقىلغاننى يۆلەمدىكىن باللار؟

---

[1] مۇھەممەتجان راشىدىن 1940 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھۆرمەتكە سازاۋەر خەلق شائىرى. «يىللار ئىزى»، «كاككۇك گۈلى»، «كۆزلەر ئالبومى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ۋە «تېنىگەن كۆكۈل» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ياشاپ كەلدۇق مىڭ تىرىلىپ ، مىڭ ئۆلۈپ ،
گاھ يىللىرى ئون يىغلىساق بىر كۈلۈپ ،
مۇشەققەتنىڭ ئوتلىرىدا ئۆرتىنىپ ،
بىز كۆنگەنگە كۆنەمدىكىن بالىلار .

سۇغارمايدۇ سايە بەرگەن سېدىنى ،
ئويلىمايدۇ بىزدەك باغرى زېدىنى ،
ئېلىپ قالسا ئەمما پۇلنىڭ ھىدىنى ،
يېنىمىزدا ئۇنەمدىكىن بالىلار ؟

كۆك ئاسماندىن كۆڭلى يەرگە چۈشەلمەي ،
كۆرۈپ تۇرۇپ ھالىمىزنى چۈشەنمەي ،
بىز ئۆرلىگەن يانچۇقلارغا ئىشەنمەي ،
ئۆزى كېلىپ ئۆرەمدىكىن بالىلار ؟

توڭكاي ئاياغ كىيىپ يۈرەر «گۈزەل» دەپ ،
شالغۇت ناخشا توۋلاپ يۈرەر «غەزەل !» دەپ ،
ئويناپ يۈرەر ئويىنىۋالغان «ئەۋزەل» دەپ ،
دائىم شۇنى تىلەمدىكىن بالىلار ؟

بىزنى ئۇلار قول دەمدىكىن بىلمىدۇق ،
بىزنى ئۇلار پۇل دەمدىكىن بىلمىدۇق ،
بىزنى ئۇلار ئۆل دەمدىكىن بىلمىدۇق ،
ئۆلسەك ھۇزۇر سۈرەمدىكىن بالىلار ؟

بېقىپ قويدۇق يۇرت بالىسى بولسۇن دەپ ،
پەرۋىش قىلدۇق گۈل ـ لالىسى بولسۇن دەپ ،
ئاغرىپ قالساق يېنىمىزدا قونسۇن دەپ ،
يېنىمىزدا تۇنەمدىكىن بالىلار ؟

مەيلى ئۆتسۇن ئۇلار بىزنى جەبىرلەپ،
ئۆلۈپ كەتسەك قويار ئەمما قەبرىلەپ،
قەبرىمىزگە، شۇنداقتىمۇ قەدىرلەپ
قىزىل گۈللەر تېرەمدىكىن باللار؟

بۇ شېئىرنىڭ تىلى يەڭگىل، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئوقۇشچانلىقى يۇقىرى. شېئىردىكى شەكىل ۋە رىتىم باللارنى شېئىردىكى مەنىگە باشلاپ كىرىشتە ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. شائىر مېھرىبان ئاتا ـ ئانىنىڭ تەلەپپۇزىدا باللارغا بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ۋە سەمىمىي كايىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سىزنى راست ئەمەسمۇ، دېگۈزۈۋېتىدۇ. شېئىرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز بىلەن ئاتا ـ ئانىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ.

بەزى سۆزلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قوش تىرناق («») ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ.

# ئادەم ۋە ئىشلارنى يېزىشتا يىپ ئۇچى ئېنىق بولۇشى لازىم

ئادەم ۋە ئىش توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە، پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن بىر يىپ ئۇچى بولىدۇ، ئۇ بايان قىلىنغان مەزمۇننى باغلاپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

يىپ ئۇچى خۇددى كىيىم تىكىدىغان يىپقا ئوخشايدۇ. كىيىم تىكىشتە ئاۋۋال رەختنى پىچىپ، ئاندىن يىپ بىلەن پارچە - پارچە رەختلەرنى تىكىش كېرەك. يىپ بولمىسا، كىيىم تىكىكىلى بولمايدۇ. ئەگەر بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە يىپ ئۇچى كەم بولسا، ماتېرىيال ھەرقانچە ئېسىل بولغان بىلەنمۇ ياخشى ئەسەر بولالمايدۇ.

باياننىڭ دائىم ئۇچرايدىغان يىپ ئۇچى تۆۋەندىكىچە: «ئادەم» ياكى «ئادەمنىڭ مەلۇم ھېسسىياتى»نى يىپ ئۇچى قىلىش. مەسىلەن، «ئائىلىمىزدىكى ئەزىمەت» دېگەن تېكىستتە، «ئەزىمەت»نىڭ تۇرمۇش رىقابىتىگە يۈزلەنگەن ھالدا تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىشى يىپ ئۇچى قىلىنىپ، «ئەزىمەت» ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بايان قىلىنغان؛ «بۆزغۇنچى» دېگەن ھېكايىدە ئەسئەتنىڭ بىر نەرسىلەرنى ياساشقا بولغان قىزىقىشى ئاساسىي يىپ ئۇچى قىلىنغان.

يېزىلىدىغان كونكرېت مەزمۇنغا قاراپ يىپ ئۇچىنى بەلگىلەش لازىم. يىپ ئۇچى يېزىلىدىغان مەزمۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇ بايانىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

ئەسەرنىڭ يىپ ئۇچى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇننى ياخشى ئويۇشتۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يېزىلغان ئەسەرنىڭ تەرتىپى ئېنىق، باغلىنىشلىق بولىدۇ.

1 . مەكتەپتە، ئائىلىدە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا سىز چوقۇم پىششىق تونۇيدىغان نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىشلار بار، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئادەمنى تاللاپ يېزىڭ. يېزىلىش، تەرتىپى ئېنىق ۋە باغلىنىشلىق بولسۇن، تېمىسىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

2 . ئۆزىڭىزنىڭ ھەمراھلىرىڭىز بىلەن بولغان تونۇشۇش، چۈشىنىش، دوستلىشىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ئىشىنى تاللاپ يېزىپ، شۇ جەرياندىكى ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشىڭىزنى ئىپادىلەڭ. تېمىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. چىن ھېسسىياتىڭىزنى ۋە تەسىراتىڭىزنى يېزىڭ.

3 . «قوشۇمچە Ⅲ» تىكى «ئىلتىماس» شەكلىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىگە بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، يىللىقلار بويىچە ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ۋە دەرستىن سىرتقى كۇرۇژۇكلارغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىڭ.

## ئەسەر تۈزىتىش

مەشھۇر يازغۇچى لاۋشې (1899 — 1966) «دۇمبىسىگە يۇدۇۋېلىش» دېگەندەك سۆزلەرنى تەنقىدلىگەن ئىدى، چۈنكى «يۇدۇۋېلىش» ئەلۋەتتە «دۇمبىدە» بولىدۇ، ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ زورۇر ئەمەسلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. مەسىلەن:

مەن ئۆيۈمدە <u>قەلەم بىلەن</u> خەت يېزىۋاتقان <u>چېغىمدا</u>، قوشنىمىزنىڭ رادىئوسى ياڭرىدى. <u>قۇلىقىمغا</u> «بىز ئىشچىلار قۇدرەتلىك» دې-

گەن ناخشىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ئاڭلاندى .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئارتۇقچە ، چۈنكى خەت تەبىئىي ھالدا قەلەم بىلەن يېزىلىدۇ ، ئاۋاز مۇقەررەر ھالدا قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلىنىدۇ ، «قەلەم بىلەن يازدىم» ، «قۇلاق بىلەن ئاڭلىدىم» دېيىش ھاجەتسىز . تۈزىتىشتە «قەلەم بىلەن» ، «قۇلىقىمغا» ، «چېغىم» دېگەن سۆزلەر چىقىرىۋېتىلسە جۈملە ئىخچام بولىدۇ .

ئۆزىڭىزنىڭ يېقىندا يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى تۈزىتىشنى سىناق قىلىڭ ، جۈملىلەر ئىچىدىكى ئارتۇقچە ، تەكرارلانغان سۆز - ئىبارىلەرنى چىقىرىۋېتىشكە دىققەت قىلىڭ .

بۇ بالا توختاخۇن دېگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوغلى ئىكەن. 1939 ـ يىلى قىشتا شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئەينى چاغدا خوتەندە باش كۆتۈرگەن نەچچە يۈز بىلىملىك كىشىنى كېچىلىرى تۇتۇپ كې-تىپلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئوقۇتقۇچى توختاخۇنمۇ شۇ قاتاردا ھەپسىگە ئېلىنىپ يوقاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بۇ ئوغلى شۇنىڭدىن بېرى بىر ئۆيدە يالغۇز كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بالىغا بولغان مېھرى-بانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— سەن كىتاب ئوقۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىدىن.

— كىچىك ۋاقتىمدىلا دادام جىق ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. ھەرپلەرنى يېزىشنىمۇ دادام ئۆگىتىپ قويغانىدى...

شۇ ئارىدا ھويلىدىن بىر ئايالنىڭ بالىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭ-لاندى. بالا ئەتراپتىكىلەرگە ۋىللىدە بىر كۈلۈپ قويدى ـ دە، ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمىمۇ بالىغا ئەگىشىپلا ھويلىغا كىر-دى. ھويلىدا ئۇنى قارىمۇتۇق بىر چوكان سالام بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئايال بىلەن قىزغىن سالاملاشتى ھەمدە شىڭ شىسەي قەتل قىلغان ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى، ھازىرقى تۇرمۇشىنى ۋە بالىنىڭ ئوقۇشىنى سورىدى.

— دادىسى بولسىغۇ بالىنى ياخشى ئوقۇتار ئىدى... ئايال كىشى ئاجىز بولىدىكەن... بالىنى ئوقۇتالمىدىم. ئۆزى دادىسىنىڭ كىتابلى-رىنى ئوقۇپ يۈرىدۇ...

ئايالنىڭ كۆزى غىلىلدە ياشقا تولدى، ئەمما ئۇ چاندۇرماستىن ماڭلاي چېچىنى ئوڭشىغان بولۇپ كۆز يېشىنى يوقىتىۋەتتى.

— مەنمۇ مۇشۇ بالىدەك ۋاقتىمدا دادامنى جازانىخورلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ئانام ئىككىمىز خېلى يىللار ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئىشىكىدە مالاي بولۇپ ئىشلىدۇق. كېيىن ئوقۇماي تۇرۇپ ياخشى كۈنلەرگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. مەنمۇ ئاندىن مۇشۇ بالىڭىزدەك ئۆزۈم ساۋات چىقىرىپ

كىتاب ئوقۇيدىغان بولدۇم. كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. بۇ بالىڭىز ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىكەن. قورساقنى يېرىم - ياتا يېسىڭىزمۇ بالىنى ئوقۇتۇڭ، بالىلار ئوقۇش بىلەن ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ، باشقىلارنىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئۇ چاغدا بالىنى باققان ئانىمۇ رازى بولىدۇ، ئەل - يۇرتمۇ رازى بولىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېدى - دە، يېنىدىن بىر دانە قەلەم، بىر پارچە خاتىرىنى چىقىرىپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر بولاق پۇلنى ئالدى - دە، ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى:

— بۇ بالا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ھەم ۋەتەننىڭ ئوغلى، بۇ پۇلنى بالىنىڭ ئوقۇشىغا خىراجەت قىلىڭ.

ئەخمەتجان قاسىمى كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېنىدىكى خوتەنلىك كىشىگە بۇ بالىنى بۈگۈنلا مەكتەپكە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇردى.

بۇ ئىنسانپەرۋەر زاتنىڭ مېھرىبانلىقى ھېلىقى بالا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بىۋاپا زامان مۇزلىتىۋەتكەن يۈرەكلىرىنى ئېرىتىۋەتتى بولغاي، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى… ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ھەمراھلىرىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

1. ھازىر جەمئىيەتتە مەنتىقىسىز، گرامماتىكىغا چۈشمەيدىغان، ئىملا قائىدىسىگە خىلاپ ۋىۋىسكا - ئېلانلار، ئاتالغۇلار، ئادەم ئىسمى ۋە يەر ناملىرى كۆزىمىزگە دائىم دېگۈدەك چېلىقىپ تۇرىدۇ. تىل - يېزىق جەھەتتىكى بۇ خىل قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى ئىنتايىن ئېغىر. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارغا تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەتتىكى تىل - يېزىقنى قالايمىقان ئىشلىتىشتەك نورمالسىز ھالەتنى تەدرىجىي تۈگىتىشنى تاپشۇردى.

1993 - يىل 25 - سېنتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2002 - يىل 20 - سېنتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 30 ـ
يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن تۈزىتىلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى»نىڭ 2 ـ ماددىسىدا :
«تىل ـ يېزىق خىزمىتىدە مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى باراۋەر بولۇش
پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى قوللى-
نىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ، مىللەتلەر-
نىڭ تىل ـ يېزىقنى ئۆزئارا ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە رىغبەت-
لەندۈرۈپ ، تىل ـ يېزىقنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ، ئېچى-
ۋېتىش ئىشلىرى ۋە سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇ-
رۇپ ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن . 28 ـ ماددىسىدا
«ئورگان ، تەشكىلات ، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايونىنىڭ
تىل ـ يېزىقتا مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ھەم ئېلان قىلغان ئىملا
قائىدىسى ، تەلەپپۇز قائىدىسى ، ئاتالغۇ ، ئادەم ئىسمى ۋە يەر نامى
قاتارلىقلارنى قوللىنىشى ، تىل ـ يېزىقتا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا
قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن .

سىلەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ، ھەربىر گۇرۇپپا بىردىن كوچىنى
تاللاپ ، ئورگانلار ، مەكتەپلەر ، ماگىزىنلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ، ئېلان-
لىرى ، ئوقتۇرۇشلىرى ، لوزۇنكىلىرى ۋە كوچا يوللىرىدىكى يول
بەلگىلىرى قاتارلىقلارغا يېزىلغان خەتلەرنى تەكشۈرۈپ ، خاتا ياكى
قېلىپلاشتۇرۇلمىغان خەتلەرنى خاتىرىلەپ ، ئالاقىدار تارماقلار ياكى
ئورۇنلارغا تۈزىتىشنى دەۋەت قىلىڭلار .

دەۋەت قىلىش ، تەكلىپ بېرىش ۋە نەسىھەت قىلىشتا ، ئوبيېكت-
قا ، سورۇنغا ، ئۇسۇل ـ چارىگە قاراپ ئىش قىلىپ قائىدە بىلەن
قايىل قىلىش ، مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش ،
بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك .

2 . قەيسەر خالىسانە قان تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشماق-
چى بولغان ئىدى ، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى قان تەقدىم قىلسا سالامەتلى-

كىنگە تەسىر يېتىدۇ، دەپ قاراپ، بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئەگەر سىز قەيسەرنىڭ دادىسىغا نەسىھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنسىڭىز نېمە دېيەشىڭىز كېرەك؟

3. مەلۇم ساۋاقدىشىڭىز ياكى دوستىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاققا خىلاپ قىلمىشىغا قارىتا نەسىھەت قىلىڭ ۋە نەسىھەتىڭىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىڭ. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن نەسىھەت قىلىشقا، تەمسىل ۋە ئوخشىتىشلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشقا، سۆزنى ئەگىتىپ قىلىشقا، مىسال ۋە پاكىتلار ئارقىلىق قايىل قىلىشقا تىرىشىڭ.

خەلقىمىزنىڭ قەدىردان رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «بۇ بالا ۋەتەننىڭ ئوغلى» دېگەن تېكىستتە نەسىھەتنى قانچىلىك سەمىمىيلىك بىلەن، قانچىلىك مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قىلغانلىقىنى، نەسىھەت ئوبيېكتىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى قانداق تەسىرلەندۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىڭ ۋە بۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىڭ.

# بىناكارلىق سەنئىتى

بىناكارلىق بىر پەن، شۇنداقلا بىر سەنئەت. بىنالار ئاۋازسىز ناخشا، قاتۇرۇلغان مۇزىكا. ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرىنىڭ سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك كېمىرلىرى، فرانسىيىنىڭ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ۋېرسال سارىيى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى قەدىمكى زامان بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىن تارىخنىڭ تامغىسىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئىنسانىيەتنىڭ جاپالىق ئەجرىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى ھېس قىلالايمىز.

# 9 . ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن①

2000 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى يالغۇز ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت، ئېتىقاد، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بىباھا تەۋەررۈك بولۇپلا قالماي، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر پۈتۈن سەنئەت خەزىنىسىدۇر.

بۇددا مىڭئۆيلىرى جايلاشقان ئورنى، قېزىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەكچىلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئۆزگىچە مىمارچىلىق شەكلىنى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان ھەم ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.

جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئېيتقاندا، ئانا دىيارىمىزدىكى مىڭئۆيلەر ئاساسەن دەريا - ئېقىن بويلىرىدىكى چۆكۈندى تاغ جىنسلىرىغا جايلاشقان.

دەريا - ئېقىن بويلىرى مىڭئۆي سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى قىلىنغان. مەسىلەن، كۆسەن مىڭئۆيلە-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1995 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. ئۇ ھاياتىدا 20 دىن ئارتۇق كىتاب، 300 گە يېقىن ئىلمىي ماقالە، 2000 دىن ئارتۇق شېئىر، رۇبائىي، ئۈچ كىنو سىنارىيىسى يازغان. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، « «قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىسى» قاتارلىقلار. بۇ تېكىستنى ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى» ناملىق كىتابىغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىقىلدى.

رى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان قىزىل مىڭئۆيى قىش - ياز سۇ ئۆكسىمەيدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ (مۇزارت دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىدىكى تاغقا جايلاشقان. قۇمتۇرا مىڭئۆيى ئۆگەن دەرياسى باشلىنىدىغان تاغ جىلغىسىغا، مازارباغ مىڭئۆيى كۇچا دەرياسى بويىغا، قىزىل قاغا مىڭئۆيى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىنى بويلاپ غەربىي ۋە شەرقىي قىرغاقلارغا قېزىلغان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز مىڭئۆيلەرنى قېزىش، بېزەش، مىڭئۆيلەردە ئىستىقامەت قىلىش، بۇددا نوم ئايەتلىرىنى مۇتالىئە قىلىش، بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق بۇددا پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىلۋەت جايلارنى تاللاش بىلەن بىللە سۇدىن ئىبارەت ھاياتلىق مەنبەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن. ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا يەر شەكلى، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ئەھۋالى، ئىقلىمى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، يەنە سۇغا يېقىن بولۇش ئالاھىدىلىكىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان.

بۇنداق ئالاھىدىلىك يالغۇز كۇسەن تاشكېمىرلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىدىكى مىڭئۆيلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، توقسۇ ناھىيىسىدىكى توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان تۇيۇق مىڭئۆيى، ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش يېزا چاقماق دەرياسى بويىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان «ئۈچ تۆشۈكلۈك ئۆڭكۈر» قاتارلىقلار. مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىن ئۆزىنىڭ خوتەندە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە: «گۇمات — قاراقاش دەرياسىنىڭ كونا نامى. گۇمات ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى بۇ دەريانىڭ شەرقىدىكى تاغدا بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ بۇ تاغدا مىڭئۆيلەر ساقلانماقتا» دەپ يازىدۇ.

ئۇمۇمەن مىڭئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىلۋەت، مەنزىرىلىك جايلاردىكى تاغ قاپتاللىرىغا قېزىلغاندىن باشقا يەنە بىر قىسمى كېسەك ۋە توپا - تاشلاردىن قوپۇرۇپ ياسالغان. مەسىلەن، تۇرپاندىكى بې-

زەكلىك مىڭئۆيىگە ئوخشاش. تاغ جىنسلىرى، كېسەك، كاھىش، تاش، ياغاچ، خىش قاتارلىقلار بۇددا مىڭئۆي بىناكارلىقىدىكى ئاساسلىق ماتېرىياللار قىلىنغان بولسا؛ گەج، مىس، ئالتۇن، يېلىم، سىر قاتارلىقلار ئاساسلىق زىننەتلەش ماتېرىياللىرى بولغان.

ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى كىچىك تىپتىكى جەسەت كۆلى مۇنارچىلىرى، تاشكېمىر ئېھراملىرى، بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان سۇپىلار ۋە تەكچىلەردىن تەشكىل تاپقان. ھازىر كۇچا، باي، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەر (مىڭئۆيلەر) ئەينى زاماندا تاغ، سۇلۇق، خىلۋەت جايغا ياسالغان بىر قاتار بۇددا ئىبادەتگاھلىرى قۇرۇلمىلىرى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ يەنە بۇددا مۇنارلىرى، نەزەرگاھ تۈرلىرى، چوڭ شەكىلدىكى خانىقالار، جەسەت كۆلى مۇنارلىرى، باغ - ئارامگاھ، يول - كۆۋرۈكلەر، پائالىيەت ياكى يىغىلىش مەيدانلىرى قاتارلىقلارنىمۇ مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى. بۇلارسىز نوقۇل ھازىرقىدەك تاشكېمىر (مىڭئۆي) لەردە 1000 يىللاپ سوزۇلغان تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. نوقۇل تاشكېمىر (مىڭئۆي)لەر بىناكارلىقىمۇ پەلەمپەيلەر، ۋادەكلىك دەھلىز - كارىدورلار، ئىشىك - دېرىزە، تۈڭلۈكلەر بىلەن تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

مىڭئۆيلەردىكى جەسەت كۆلى مۇنارى (舍利塔 ، سانسكرىتچە Sarira دەپ ئاتالغان) بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭدا راھىب، بىكشۇ (بىكىسۇ)لارنىڭ جەسەت كۆلى ساقلىناتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى[1] قازا تاپقاندا كۆيدۈرۈلگەن جەسەت كۆلى مەرۋايىت بولۇپ چىققان ۋە ئۇنى سەككىز دۆلەت پادىشاھلىرى تەۋەرۈك بىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئادەت بويىچە قازا قىلغان

---

① ساكيامۇنى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 563 — 483 - يىللار) — دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى بولغان بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى. كېلىپ چىقىشى شاھزادە. ئەسلى ئىسمى سىددارتا. نېپالدا تۇغۇلغان. 35 ياشقا كىرگەندە «بۇددا» (سانسكرىتچە مەنىسى: ئەڭ بۇرۇن چۈشەنگۈچى ئەۋلىيا) ئاتالغان، شۇنىڭدىن كېيىن 45 يىل بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان.

بۇددىستلارنىڭ جەسەت كۈلى كۆيدۈرۈلۈپ، مۇنار ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنار جەسەت كۈلى مۇنارى دەپ ئاتالغان. بۇنداق مۇنارلار كاھىش ياكى ياغاچلاردىن ياسالغان.

ئېھراملار (caitya) بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان، تىۋىنىش ۋە بۇددا دىنى بويىچە ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ئورنى بولۇپ، كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولغان. ئادەتتە تاشقىرىقى ھۇجرا بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

ئىستىقامەت ئۆيلىرى (vihara) راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى، ئېتىكاپخانىلار، بىكشۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆيلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنداق كېمىرلەردە تام تۈۋىگە ئورۇن - تۆشەك سۇپىسى، ئېتىكاپ ئورنى، يان ئوچاق ۋە قازناقلار ئويۇپ چىقىرىلغان.

مىڭئۆيلەر بىناكارلىق قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «چايتا» دەپ ئاتالغان ھۇجرىلار بولۇپ، بۇنداق ھۇجرىلاردا تۈۋرۈك (قازغاندا قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان تەبىئىي تۈۋرۈك) بولىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق ئايۋانلار بار بولۇپ، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرى «ۋىخارا» دەپ ئاتىلىدىغان ھۇجرىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك يوق، بەزىلىرى سوزۇنچاق، بەزىلىرى چاسا شەكىلدە ياسالغان. ئۇلار ئاساسەن دەرسخانا، ئېتىكاپخانا ۋە راھىب ھۇجرىلىرى قىلىنغان.

بىناكارلىق سەنئىتى دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىڭئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى سوزۇنچاق كېمىر شەكلىدە، بەزىلىرى تۆت بۇرجەك ياكى يۇملاق گۈمبەز شەكلىدە ۋە ياكى قەپەس شەكلىدە قېزىپ ياسالغان. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئاددىي سىزىق بىلەن ئىپادىلىگەندە، ∩ شەكىلنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنداق شەكىلدە مىڭئۆيلەرنى روياپقا چىقىرىشىنى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق قۇرۇلمىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى، مۇستەھكەم بولۇپلا قالماي، بەل-

كى قىش پەسلىدە ئىسسىق، ياز پەسلىدە سالقىن بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇنداق بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى ۋە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم.

مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان نەقىش، بېزەكلەر ۋە زىننەت نۇسخىلار مىڭئۆي بىناكارلىق سەنئىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مېتىن بىلەن تاغ جىنسلىرىنى قېزىپ ھوجرا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، مىڭئۆيلەرنىڭ تېمىغا نۇرغۇن تۆشۈكلەرنى تېشىپ، قارا سۇۋاق بەرگەندىن كېيىن سامان، توزغاق، يۇڭ ياكى چەيلەنگەن كاناپ ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن ئۈستىدىن سىلىق سۇۋاق بەرگەن، ئاندىن تۇخۇم شاكىلى قېلىنلىقتا يېلىم ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق بىلەن پەرداز بەرگەن (نەقىش ئىشلەنگەن) ياكى گەج بىلەن ئويما، قاپارتما نەقىش ئىشلىگەن، ياغاچ دېتاللىرىنى ئويمىچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن بىۋاستە رەڭلىك سىزىش ئۇسۇلىدا نەقىشلىگەن. تام سىزما ۋە نەقىشلەردە قىزىل، ئاق، سېرىق، كۆك، يېشىل، بېغىررەڭ قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن.

مىڭئۆيلەردىكى بىناكارلىق شەكلى ۋە نەقىش، بېزەكلەر تامامەن دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق مەدەنىيىتى دائىرىسىدە ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئۆي - ئىمارەتلەرگە چىقىرىلىدىغان قاتار تەكچە ۋە مەرەپلەر، مازار - قەبرىلەردە ياسىلىدىغان گۈمبەز شەكىللىك نۇسخىلار، مەسچىت - مەدرىسىلەردە چىقىرىلىدىغان ھەر خىل قىرلىق، بۇرجەكلىك شەكىللەر، ئۆيلەردە ياسىلىدىغان ئۇدۇل مورىلىق ئوچاقلار ۋە باشقا شەكىل - نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدىكى نەقىش، بېزەكلەر ۋە زىننەت نۇسخىلىرىنىڭ بۈددىزىم رەسىملىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىكىلىق تەسىرىنى كۈچەيتىش، ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ «گۈزەللىكى»نى ۋە سەلبىي ئوبرازلارنىڭ «قەبىھلىكى»نى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشتە زور ياردىمى بولغان.

مىڭئۆي ھۇجرىلىرىدا ئىپادىلەنگەن بىناكارلىق شەكىللىرى، نە-
قىش، بېزەكلەر ۋە كۆركەم، ئەۋرىشىم نۇسخىلار ئارقىلىق قەدىمكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل گۈل نۇسخىلار
ئىچىدە قاندىقىنى «گۈزەل» دەپ ھېسابلايدىغىنىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەل-
لىكنى چۈشىنىش، ئىپادىلەش ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي
مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز
ناھايىتى بۇرۇنلا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا ساغراملىرىنى
سېلىش، مىڭئۆيلەرنى قېزىپ ئۇنى بۇددا مەزمۇنىدا بېزەشكىلا ئە-
مەس، بەلكى ئاشۇ ساغرام ۋە مىڭئۆيلەرنىڭ ئورنىنى، يەنى يەر
تۈزۈلۈشى، تۇپرىقى، ھاۋا كىلىماتى، تاغ جىنىسلىرىنىڭ تەركىبى،
گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە شۇ جايدىكى سۇ
مەنبەسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك-
لەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئاندىن قۇرۇلۇش ئورنىنى بېكىتكەن.

ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش
سايمانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇ-
قىرى بولغان غايەت زور بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈن-
كى بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى شارائى-
تىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق قاتتىق تاغ جىنىسلىرىنى تېشىش،
قېزىش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر بۇددىزمىغا لايىق ئىمارەت شەكلىگە كەلتۈرۈش
جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى، مۇستەھ-
كەملىكى قاتارلىق تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى بۈگۈنكى كۈندىكى
بىناكارلىق سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرسا كىشى ھەيران بولماي قال-
مايدۇ. يەنە كېلىپ شۇنچە كۆپ مىڭئۆيلەرنى قېزىش ئۈچۈن قانچە-
لىك ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش
ھەقىقەتەن تەس. شۇنداقتىمۇ ئەجدادلىرىمىز مىڭئۆي بىناكارلىق سەن-
ئىتى جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ بۇددا قۇرۇلۇشلىرىغا
غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى نېمە ئۈچۈن دۇنياۋى مەشھۇر بىناكارلىق ھېسابلىنىدۇ؟

2. ئاپتور ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرىنى نېمە ئۈچۈن «سەنئەت خەزىنىسى» دەپ ئاتىغان؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

3. سىز ھازىرغىچە مىڭئۆيلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ كۆرگەن بولسىڭىز شۇ چاغدىكى تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ. كۆرمىگەن بولسىڭىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن سىزدە كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلدىمۇ – يوق؟ ئارزۇ – ئىستىكىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بېقىڭ.

ئەگەر ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسىڭىز، قايسى يۇرتتىكى مىڭئۆيلەرنى ئاۋۋال ساياھەت قىلىسىز، نېمە ئۈچۈن؟

4. «قوشۇمچە I » دىن پايدىلىنىپ، بۇ تېكىستتىكى قايسى سۆزلەرنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

# 10 . ۋېرسال سارىيى[1]

جى زۇيىڭ

دۇنياغا مەشھۇر ۋېرسال سارىيى پارىژنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋېرسال بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت.

ۋېرسال سارىيى لۇئى XIV[2] دەۋرىدە سېلىنغان. 1661 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1689 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن. ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 290 يىللىق تارىخقا ئىگە. سارايىنىڭ كۆلىمى بىر مىليون 110 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر، باغ كۆلىمى بىر مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ساراي قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پۇختا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان. ئاساسلىق ساراي شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان. ئىككى چېتى جەنۇبىي ساراي ۋە شىمالىي ساراي بىلەن تۇتىشىپ، سىممېترىك شەكىل ھاسىل قىلغان. سارايىنىڭ ئۈستى قۇرۇلۇشىدا باروكچە يۇمىلاق ئۆگزە ۋە فرانسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۈچلۇق ئۆگزە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى قوللىنىلماي، تۈز شەكىل قوللىنىلغاچقا، سالتەنەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ.

سارايىنىڭ سىرتقى تېمىنىڭ ئۈستىگە مەرمەردىن ياسالغان ئادەم

---

① بۇ ماقالە 1978 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»دىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

② لۇئى XIV (1643 — 1715) — فرانسىيىنىڭ پادىشاھى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى چىڭىتقان. ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ياشانغاندا خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويغان. دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى بەزىدە پەسىيىپ، بەزىدە ئۆرلەپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن.

ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان، ھەيكەللەر نەپىس ۋە جانلىق.

ۋېرسال سارىيى ھەيۋەت، كۆركەم بولۇپ، ئىچىدىكى ئەسلىھەلىرى ۋە بېزىلىشى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. 500 دىن ئارتۇق چوڭ قەسىر ۋە كىچىك زاللار تولىمۇ ھەشەمەتلىك، قالتىس كۆركەم، ئىچىنى بېزەشتە ئويمىلار، چوڭ ماي بوياق رەسىملەر ۋە ئاسما گىلەملەر ئاساس قىلىنغان، 17 ـ 18 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ شەكلى ئالاھىدە، نازۇك ئىشلەنگەن ئائىلە سايمانلىرى سەپلەنگەن. ساراي ئىچىگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن قىممەت باھالىق سەنئەت بۇيۇملىرى، جۈملىدىن يىراقتىكى جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى فار فورلار تىزىلغان. ئوردا رەسسامى، بېزەكچى لېبران بىلەن چوڭ ئارخىتېكتور مېنسال ھەمكارلىشىپ ياسىغان سىنئەينەكلىك كارىدور ۋېرسال سارىيىدىكى ئالاھىدە مەشھۇر جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 13 مېتىر بولۇپ، ئىككى زالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كارىدورنىڭ بىر تەرىپىگە گۈللۈككە قارىتىپ ئېچىلىدىغان غايەت چوڭ 17 ئەگمە دېرىزە ئىشىك، يەنە بىر تەرىپىگە ئەگمە دېرىزىلەرگە سىممېترىك ھالدا 17 سىنئەينەك ئورنىتىلغان. بۇ سىنئەينەكلەر 400 پارچىدىن ئارتۇق سىنئەينەكتىن تەركىب تاپقان. سىنئەينەكلىك كارىدورنىڭ ئەگمە تورۇسىغا لېبراننىڭ غايەت چوڭ ماي بوياق رەسىمى سىزىلغان. رەسىم تەبىئىي چىرايلىق سىزىلىپ، جۇش ئۇرۇۋاتقان تارىخىي مەنزىرىنى نامايان قىلغان. سىنئەينەكلىك كارىدوردا ماڭغاندا سۈزۈك ئاسمان، چىمچىت باغ مەنزىرىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ھەممە يەر زۇمرەتتەك يېشىل كۆرۈنىدۇ. خۇددى خۇشبۇي گۈللۈك، ئېسىل دەرەخلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك بولىسىز.

سارايىنىڭ ئالدىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى فرانسۇزچە چوڭ گۈلزارلىق بەرپا قىلىنغان. باغ ئىچىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ئاجايىپ چېۋەرلىك بىلەن ئۆستۈرۈلگەن. مەنزىرىسى كۆركەم، مۇھىتى تىنچ بولۇپ، ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئاساسىي سارايىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يىراققا قارىسا، قاشتېشى بەلۋاغدەك قانال

جىمىرلاپ تۇرىدۇ . ئاندا ـ مۇندا يەلكەنلىك كېمىلەر كۆرۈنىدۇ . دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كۆككە تاقىشىپ باراقسان ئۆسكەن يېشىللىق ئارىسىدىكى ئىلاھنىڭ ھەيكىلى نازاكەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . سارايىنىڭ يېنىغا ئىككى كۆل ياسالغان . كۆل ياقىسىغا ھەر خىل قىياپەتتىكى ھەيكەللەر ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئادەم كۆرۈپ تويمايدۇ .

ۋېرسال سارىيىنىڭ سېلىنىشىدا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقە بار : كونا ۋېرسال سارىيى ۋە فونتانبېلۇ سارىيىدا تۇرىدىغان لۇئى XIV 1661 ـ يىلى مالىيە ۋەزىرى فۇگاينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ، ئۇنىڭ يېڭىدىن سالدۇرغان قەسرىگە زىياپەتكە بارىدۇ .

قەسىرنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى لۇئى XIV نى غەزەپلەندۈرىدۇ . ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇ فۇگاينى چىرىكلىشىش جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە سالىدۇ ھەمدە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ . ھەسەتخورلۇق لۇئى XIV نىڭ يېڭىدىن كاتتا ساراي سېلىش پىلانىغا تۈرتكە بولىدۇ . ۋېرسال سارىيىنى سالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فۇگايغا قەسىر سېلىپ بەرگەنلەر بولغاچقا ، مەيلى قۇرۇلما ياكى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن ، بۇ ئىككى بىنانىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولسىمۇ ، بەدىئىي ئۇنۇمى ئوخشاش بولغان .

تارىختا فرانسىيىنىڭ بىر مەھەل سىياسىي ، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ۋېرسال بازىرى چوڭ ئىنقىلابتىن كېيىن جىمىپ كېتىپ ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنيا دىققەت قىلىدىغان سىياسىي مەركەز بولدى . پروسىيە قوشۇنى 1870 ـ يىلى ۋېرسالنى ئىشغال قىلىۋالدى . ئىككىنچى يىلى گېرمانىيە پادىشاھى بۇ يەردە تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . شۇ يىلى تىئېر ھۆكۈمىتى ۋېرسالنى بېسىۋېلىپ ، پارىژ كوممۇناسىنى باستۇرۇشنىڭ قانلىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى . بۇنىڭدىن باشقا ، 1856 ـ يىل 3 ـ ئايدا روسىيە ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ يەردە «پارىژ سۈلھى كېلىشىمى» ئىمزالىدى . سىنەينەكلىك كارىدوردا فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر 1919 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گېرمانىيە بىلەن ۋېرسال سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالاپ ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ

ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى .

بۈگۈنكى ۋېرسال سارىيى دۇنياغا مەشھۇر سەيلىگاھ بولۇپ ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەيدۇ . ئېكس-كۇرسىيە قىلىدىغانلار ھەر يىلى 2 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ . پارىژ شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئېففېل تۆمۈر مۇنارىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

جەنۇبىي ، شىمالىي سارايلار ۋە ئاساسىي سارايىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى لۇئى فىلىپتىن باشلاپ مۇزېيغا ئۆزگەرتىلىپ ، قىممەتلىك ھەيكەل ، پورتىرېتلار ، غايەت چوڭ تارىخىي رەسىملەر ۋە باشقا سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلاندى . ۋېرسال سارىيىنى كىشىلەر ئېكسكۇرسىيە - سەيلە قىلغاندىن باشقا ، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا رەھ-بەرلىرى مۇشۇ يەردە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە دىپلو-ماتىيە ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. ۋېرسال سارىيى نېمىشقا دۇنياغا مەشھۇر؟ كەلگۈسىدە ۋېرسال سارىيىنى ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىڭىز، قەيەرلىرىنى ئاساسلىق ساياھەت قىلىسىز؟

2. «سىنەيىنەكلىك كارىدور» تېكىستتە تونۇشتۇرۇلغان مۇھىم نۇقتا ھېساب-لىنىدۇ. مۇئەللىپ سىنەيىنەكلىك كارىدورنى چۈشەندۈرۈشتە نۇرغۇن سانلارنى مىسال قىلغان. بۇ سانلار سىزگە نېمە تەسىر بەردى؟

*3. ماقالىگە ۋېرسال سارىيىنى سالغان چاغدىكى تارىختا يېزىلمىغان بىر ۋەقە كىرگۈزۈلگەن. سىزنىڭچە بۇنى كىرگۈزۈش زۆرۈرمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

4. سىز ۋېرسال سارىيى بىلەن ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرىنىڭ دۇنياغا مەشھۇرلۇقىدا قانداق پەرق بار دەپ قارايسىز؟

# 11 . ئاپاق خوجا مازىرى

راھىلە داۋۇت ئەلچىن[1]

ئاپاق خوجا مازىرى — دىيارىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئاق تاغلىقچىلار (ئاق تاغلىقلار) مەزھىپىنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر پېشۋاسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ، «ھەزرەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىگە جايلاشقان. بۇ مازار دەسلەپ 1640 - يىلى بەرپا قىلىنغان. ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ 1650 - يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. 1679 - يىلى ئاپاق خوجا بۇ مازارنى قايتا كېڭەيتىپ ياساتقان. مازارنىڭ غەربىي تەرىپىگە بىر ئېتىكاپخانا ۋە مەسچىت، غەربىي جەنۇب تەرىپىگە دەرۋازا ۋە خانىقا سالدۇرغان. 1692 - يىلى بۇ مازارنى ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا نەچچە تۈمەن سەر تەڭگە خەجلەپ قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساتقان. 1693 - يىلى (بەزى مەنبەلەردە 1695 - يىلى دېيىلىدۇ) ئاپاق خوجا رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئاپاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتالغان.

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆلىمى توغرىسىدا مىرزا شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ 1676 - يىلى يازغان «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ئاپاق خوجا مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان يەر كۆلىمى 43470 مو، تۈگمەن

[1] راھىلە داۋۇت ئەلچىن 1966 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. ئۇنىڭ «دۇنيا مىللەتلىرى»، «ئۇيغۇر مازارلىرى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ تېكىست ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مازارلىرى» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

48 ، قورۇق 15 ، يەنە دۇكان ۋە باغ قاتارلىقلار بار دەپ مەلۇمات بېرىلگەن . ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ هازىرقى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 200 مودىن كۆپرەك بولۇپ ، ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن قەبرىستانلىق ، مازار ئالدىدىكى كاتتا جامە مەسچىتى ، خانىقا ، مەدرىسە ، كۆتۈپخانا ، ئىبتىكاپخانا ، كۆل ۋە كۆل بويىدىكى سەيلىگاھ مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، 1795 - يىلى چيەنلۇڭ خان پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ مازارنى قوغدىغان ، دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ ياساتقان ، شۇنداقلا خەت تاختىسى تەقدىم قىلغان .

ئاپاق خوجا مازىرى گەرچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا سېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ياسىلىش شەكلىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان .

ئاپاق خوجا مازىرىدا چوڭ دەرۋازا ، دۆڭ (كىچىك) مەسچىت ، چوڭقۇر (ئوي) مەسچىت ، خانىقا ، مەدرىسە ، گۇمبەز قاتارلىق تۆت يۈرۈش قۇرۇلۇش ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان . چوڭ دەرۋازىسى مازارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئېگىز ، مۇستەھكەم ياسالغان ۋە رەڭدار كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن . دۆڭ (كىچىك) مەسچىت دەرۋازىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ ، كۆركەم ھەم پۇختا ياسالغان . تۈۋرۈك شەرىپىسى ۋە ھەرخىل نەقىش ، ئويمىلار ، هاراق ، لىم ، جەگىلەردىكى سىزما نەقىش ، گۈل ، ھەر خىل مەنزىرىلەر ، گەج ئويما نەقىش ، گۈللۈك خىش ۋە خىش ئويمىلار ، دېرىزىلىرىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر بىر - بىرىدىن نەپىس ، كۆركەم ئىشلەنگەن . مەسچىتنىڭ زالىمۇ ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، چىرايلىق بېزەلگەن . مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىنچىكە ، ئېگىز مۇنار ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس ياسالغان بولۇپ ، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىز پەشتىقى ۋە ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ياپيېشىللىققا ئورالغان «شەربەت

كۆل » ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا ھۆسن قوشىدۇ . بۇ مەسچىتتە كۆپىنچە جۈمە ، ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدۇ . بىر قېتىمدىلا 10 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت ئالدىدا 40 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پېشايۋان بار .

ئاپاق خوجا قەبرىگاھى مازاردىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ ، ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە ، خىش قۇرۇلمىلىق ، گۈمبەز تۈرۈسلۇق قىلىپ سېلىنغان . جەنۇب تەرىپىگە پەشتاقلىق ئىشىك ئېچىلغان ، ئۈچ تەرىپىگە پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان ، تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان ، غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ، قالغان ئۈچ بۇرجىكىگە ئىچىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان . قەبرىگاھ گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 26 .5 مېتىر ، دىئامېتىرى 17 مېتىر بولۇپ ، تۆت چوڭ ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان ، چوڭ ئەگمىنىڭ ئارىلىقىغا تۆت كىچىك ئەگمە چىقىرىلغان ، جەمئىي سەككىز ئەگمە ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان . تۆت تەرىپىگە ئىككىنچى قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان . مازارنىڭ (قەبرىگاھىنىڭ ) تاشقى تەرىپى كۆك ، يېشىل ، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن . گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان ، كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسىلا 70 خىلدىن ئاشىدۇ .

قەبرىگاھ ئىچى كەڭ ، ئازادە بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپىغا چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر رەت ـ رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان . ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ قەبرىسى قاپ ئوتتۇرىغا جايلاشقان ھەم باشقا قەبرىلەردىن چوڭ . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى ئاپاق خوجا ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ ، جەمئىي 57 قەبرە . قەبرىلەرنىڭ ئۈستى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلىپ ، ئۈستىگە يىپەك يوپۇقلار يېپىلغان . گۈمبەز ئەتراپىدىكى تار ، ئۇزۇن كارىدور ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەگمىلەر ئۆزئارا

قوشۇلۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك تۈس ئالغان. ئۆزۈن تۆت مۇنار، بىر ئەگمە ۋە يېرىم ئاي شەكىللىك بەلگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەقىشلىك گۈمبەز بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى، مەزمۇتلۇقى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر – سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئېتىكاپخانا زالى تۆت چاسا، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 مېتىر، دىئامېتىرى 11.6 مېتىر كېلىدۇ. تۆت قەۋەت ئۈچلۈق ئەگمە تەكچە چىقىرىش ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قوندۇرۇلغان. گۈمبەز سىرتىغا يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان. ئايۋان ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تۈۋرۈك لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان. ئالدى تەرىپى ياغاچ ۋادەك بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بىناكارلىق ھۈنەر – سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. چوڭ مەسچىت ئازادە ۋە كۆركەم ياسالغان. ئالدى تەرىپى 70 تال ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان پېشايۋان، ئارقىسى ۋە ئىككى يان تەرىپى بىر – بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان گۈمبەز تورۇسلۇق زالدىن تەركىب تاپقان. تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا نەقىش ئويۇلغان ۋە گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. كىشىلەر مازارنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، كۆل كولاپ، دەل – دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەكچۈكلۈقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئاپاق خوجا مازىرى تىپىك ئىسلام بىناكارلىق ھۈنەر – سەنئىتى بويىچە ئىنتايىن نەپىس ياسالغان. شۇڭا، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. سىز بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. بۇ تېكىستتە «ئاپاق خوجا» مازىرى قانداق تەرتىپ بىلەن چۈشەندۈرۈل- گەنلىكىنى ئىگىلىۋېلىڭلار.

3. ئەگەر سىز ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى (ساياھەت يېتەكچىسى) بولۇپ قالسىڭىز، قايسى تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرەتتىڭىز؟

4. يۇرتىڭىزدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن بىرەر ئىمارەتنى تونۇشتۇرۇپ يېزىڭ.

# 12 . زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

ئابدۇقەييۇم خوجا[①]

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسى تارىم ۋادىسىدىكى تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرى .

1985 ـ يىلى ئاپرېلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئىگىلىگەن ئۇچۇر بويىچە ناھىيە ئەتراپىدىكى زاغۇنلۇق يېزىسىغا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تەكشۈردۇق . قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ ، بۇ دائىرىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبرىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كۆپ قېتىم «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» ھەمدە ئەتراپتىكى تۇز كولىغۇچى ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن ... بىز ئىگىلىگەن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دوكلات قىلىش بىلەن بىللە ، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنى سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ تەكشۈرۈش ھەققىدە پىلانىمىزنىمۇ يوللىدۇق .

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بويىچە ، بىز 1985 ـ يىلى سېنتەبىردە ئىككىنچى قېتىم چەرچەن ناھىيىسىگە كېلىپ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى بەش قەبرىنى قېزىپ

① ئابدۇقەييۇم خوجا 1941 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان . ئارخېئولوگ . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى . «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ، «قۇم ئاستىدا قالغان مەدەنىيەت» قاتارلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى بار . بۇ تېكىست ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

رەتلىدۇق. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان قەبرىلەرنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا چىرىپ كەتمەي بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل، رەڭدار ساپ يۇڭ رەختلەر ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن خىلمۇ خىل كىيىم - كېچەكلەر، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل بۆك، تۇماق - قۇلاقچا، قالپاقلار، قۇرۇپ قېتىپ قالغان ئەر - ئايال، بوۋاقنىڭ جەسەتلىرى ۋە باشقا خىلدىكى قىممەتلىك يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى مەملىكەت ئىچى ھەمدە خەلقئارادىكى ھەر ساھە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ ئېسىل يادىكارلىقلار تارىم ۋە چەرچەن تەۋەسىدە بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس قەبرىگاھ قۇرۇلۇشى، يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى ئالەمگە نامايان قىلدى.

كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بىرەر قېتىملىق زور تېپىلما ۋە قېزىلمىلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئاسانلا تېپىلىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئارخېئولوگلارنىڭ يوقاپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئىزدەپ تېپىش يولىدا ئېلىپ بارىدىغان ئۇزاق يىللىق، جاپالىق، رومانتىك ۋە ئالىيجاناب خىزمەتلىرىدە ناھايىتى تەستە قولغا كېلىدۇ.

بۇ قېتىم زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ رەتلەنگەن قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەمدەپىنە بۇيۇملىرى دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكى، چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ۋە خاس يەرلىك مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە ئېسىل يادىكارلىقلار بولۇش سۈپىتى بىلەن 80 - يىللاردا تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئۇچرىغان ئەڭ زور تېپىلىش بولۇپ سانىلىدۇ.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىپ تەكشۈرۈلۈشى ئىنسانشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، يوسۇنلار، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى، تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان جۇغراپىيىسى، ئېكولوگى-

يىسى ، ياۋايى هايۋانات ۋە چارۋىچىلىقى ، دېهقانچىلىقى ، ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ يۇڭ توقۇمچىلىق هۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ، قەبرىگاه
قۇرۇلۇشى ... قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە
ئىگە .
زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە
مەن مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە كەسپداشلاردىن ئەهمەت رې-
شىت ، دولقۇن قەمبىرى ، يۈسۈپ مۇهەممەت ، بايىنغولىن موڭغۇل
ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن
غېنى سايىم ، چەرچەن ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن تۇرسۇن بەك-
رى ، تۇردى كېرەملەر قاتناشتى .
«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» — چەرچەن ناهىيىسىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، توغراقلىق يېزى-
سىنىڭ «زاغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر
ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان . قەبرىستانلىقنىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپى-
يىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇق) 85°28′29″ ، شىمالىي
پاراللېل (كەڭلىك) 38°07′16″ بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
1270 مېتىر كېلىدۇ .
قۇم ، ئۇششاق شېغىل ، تۇز قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان تۆپە-
لىككە جايلاشقان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا
ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر ، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 750 مېتىر
بولۇپ ، جەنۇب تەرىپى پايانسىز قۇملۇققا تۇتىشىدۇ . قەبرىستانلىقتىن
تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا «لەئىلىلىك» خارابىسى ، خارابى-
نىڭ يېنىدا چەرچەن دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىن ئىزى بار . يەر يۈزى
بىرقەدەر تەكشى بولۇپ ، قەبرىستانلىق دائىرىسىدە كۆچمە قۇم -
شېغىللاردىن هاسىل بولغان بىر مۇنچىلىغان ئېگىز - پەس قۇم
دۆۋىلىرى بار . نەچچە مىڭ يىللىق قۇم - بوران دەستىدىن قەبرىلەر-
نىڭ دائىرىسى ، بەلگە - ئالامەتلىرى قۇم - توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ
كەتكەنلىكتىن ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان قەبرىلەرنىڭ قايسى دائى-
رىگە جايلاشقانلىقى ، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ سانى

زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس. بىز قەبرىستانلىق دائىرىسىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن بىرقەدەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن دائىرە ئىچىدىن بەش قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردۇق. نەتىجىدە، قېزىپ تەكشۈرگەن قەبرىلەر ئىچىدە 85. QZM1 ، 85. QZM2 (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ M1 ، M2 دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىكى Q چەرچەن، Z زاغۇنلۇق، M مازار ياكى قەبرە دېگەن مەنىنى بىلدۈردۇ.) نومۇرلۇق قەبرىلەرلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساق قالغانلىقى مەلۇم بولدى.

تۆۋەندە بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان M1 - ۋە M2 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز.

M1 - نومۇرلۇق قەبرە: لەھەت پەقەت بىر بوۋاق ئۇچۇنلا تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.57 مېتىر، كەڭلىكى 80 س م، چوڭقۇرلۇقى 30 س م كېلىدۇ. ئەسلىدە بوۋاق جەسىتى ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى 1.30 مېتىر، كەڭلىكى 55 س م، قېلىنلىقى 8 س م كېلىدىغان، ئىچى ئويۇۋېتىلگەن تەگنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى يېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش، ئوت - چۆپلەرنى ئوراپ، قۇم - توپا بىلەن كۆمۈلگەنىكەن. لەھەت ئۈستىگە يېپىلغان تەگنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بوۋاق جەسىتىنىڭ ئەسلىي ھالىتى مەلۇم بولدى. بوۋاق جەسىتى — ئىچى تەبىئىي ئاق رەڭلىك، سىرتى قوڭۇر (توق قىزىل) رەڭلىك يۇڭ توقۇلما داكا بىلەن يۆگەپ زاكىلانغان، زاكىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى، يەنى پۈتىنىڭ ئۇشۇقىدىن تارتىپ مۈرىسىگىچە بولغان ئارىلىق كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك يۇڭدىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن باغلانغان (تىزىنىڭ تۆۋىنىدە ئىككى يۆگەم، مۈرىسىدە بىر يۆگەم) بولۇپ، بوۋاقنىڭ بېشىغا ئىچى قىزىل، تېشى كۆك تىۋىتلىق بۆك كىيگۈزۈلگەن. بوۋاق بىر پارچە ئاق كىگىز ئۈستىگە ئۇگدىسىغا ياتقۇزۇلغان.

بېشىنىڭ ئاستىغا كىگىز پارچىلىرىدىن تەييارلانغان ياستۇق قويۇلغان ، ئۇنىڭ يۈزى ئوچۇق هالەتتە بولۇپ ، ئىككى كۆزىگە ئىككى پارچە ياپىلاق قارا تاش باستۇرۇپ قويۇلغان ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىگە قىزىل يۇڭ يىپ تىقىلغان . بوۋاق جەسىتى ئۆز پېتى ساقلانغان بولۇپ ، گويا زاكىسىدا ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ . بوۋاقنىڭ باش تەرىپىگە قوينىڭ يىلىنىدىن تىكىپ ياسالغان ئېمىزگۈ (ئىچىدە قېتىپ قالغان سۈت «ئۇغۇز» قالدۇقى بار ) ، توپاق مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ قاتارلىقلار قويۇلغان . M1 – نومۇرلۇق قەبرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 80 س م يىراقلىقتا بوۋاق ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ بېشى كۆمۈلگەن

M2 – نومۇرلۇق قەبرە : راغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ، ئالاهىدە پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر قەبرە بولۇپ ، ئۇ ، بوۋاقنىڭ قەبرىسىدىن 2 مېتىر يىراقلىقتا . قەبرە ئاغزى (ئۈستى )نىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.35 مېتىر ، كەڭلىكى 3 مېتىر ، قەبرە ئاستى (تەكتى )نىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 مېتىر ، كەڭلىكى 1.55 مېتىر ، قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.40 مېتىر كېلىدۇ. ئالاهىدە قۇرۇلمىغا ئىگە بۇ قەبرىنىڭ قاتلام – قەۋەتلىرى تۆۋەندىكىچە : 1 – قاتلامغا 50 س م قېلىنلىقتا قۇم – توپا ؛ 2 – قاتلامدا قەبرە ئۈستىگە 30 س م قېلىنلىقتا قومۇش يېپىلغان ؛ قومۇش ئۈستىگە قۇربانلىق قىلىنغان مۈڭگۈزلۈك قوي كاللىسى ، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ قويۇلغان . قەبرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.75 مېتىر يىراقلىقتا ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ، بىر پۇتى (ئاتنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەن قىسمى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆڭىكى ئېلىپ تاشلانغان ، تېرىسى بىلەن تۇيىقى قالدۇرۇلۇپ ، ئىچىگە قومۇش تىقىپ قويۇلغان ) بار . مۇشۇ قاتلامدىكى يەنە بىر ئالاهىدىلىك : قەبرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئۇزۇنلۇقى 60 س م ، كەڭلىكى 30 س م چوڭلۇقتا تۈڭلۈك ياسالغان (تۈڭلۈك 2 – قاتلامدىلا توختاپ قالغان ) ، تۈڭلۈكنىڭ ئاغزى قېلىن يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تون ، كىگىز توقۇم (ئىچلىك ) ، ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن ، ئې-

گەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان توقۇم (توقۇمنىڭ ئىچىگە ئاق يۇڭ تولدۇرۇلغان) قاتارلىقلار بىلەن ھەم يېپىلغان . تۆگىلۈك ئاغزىدىكى كىگىز ئۈستىگە يەنە بىر دانە ساپال قاچا قويۇلغان ؛ 3 ـ قاتلامدا بىر ـ بىرىگە چېتىپ تەييارلانغان ئىككى قەۋەت قومۇش بورا بار ؛ 4 ـ قاتلامدا قەبرىگە يېپىلغان ئات ، قۇلان ، قوتازنىڭ ئۆچ پارچە تېرىسى بار ؛ 5 ـ قاتلامدا مەخسۇس يۇلغۇن شېخى ـ نوتىلىرىدىن توقۇلغان قوشام (يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتايدۇ ) يېپىلغان ؛ 6 ـ قاتلامدا قەبرە پەلەمپىيىگە توغرىسىغا قاتار يېپىلغان 52 تال ئۇزۇن ـ قىسقا توغراق ياغاچ ـ بادرىلىرى بار . توغراق ياغاچلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن قەبرە ئىچى كۆرۈنىدۇ . قەبرە ئىچى (تەكتى ) نىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە : قەبرە ئاستىغا قوشام سېلىنغان بولۇپ ، قوشام ئۈستىگە جەسەتلەر قويۇلغان . جەسەتلەرنىڭ چىرىمەي ياخشى ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاستىغا 30 س م چوڭقۇرلۇقتا ئېرىقچە كولىنىپ ، ئېرىقچە ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىك 14 تال توغراق ياغىچى قويۇلغان . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال — قەبرىنىڭ تۆت تەرەپ تېمى تەبىئىي تۇز قاتلىمىدىن ئىبارەت .

بۇ قەبرىگە جەمئىي تۆت مېيىت دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر ، قالغانلىرى ئايال . ئەر بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ جەستى تەبىئىي قۇرۇپ ـ قېتىپ ياخشى ساقلىنىپ قالغان (باشقا ئىككى ئايالنىڭ جەستى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىپ بۇزۇلغان ) . تۆۋەندە تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇرۇق جەسەتلەرنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز :

1 . ئەرنىڭ جەستى : ئىككى قولى قوشتۇرۇلۇپ ، تىزى يېرىم ئېگىلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان ، بويى 1.71 مېتىر كېلىدۇ . ئەرنىڭ يۈزى دۈگىلەك ، كۆزلىرى يوغان ، بۇرنى قاڭشارلىق ، چاچ ـ ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ ، يېرىم ئاقارغان . ئۇنىڭ قاش ، كىرپىك ، ساقال ـ بۇرۇت ، ھەتتا مەيدە تۈكلىرىگىچە ئۆز ئەينى ساقلانغان . قۇلىقىنىڭ ھالقا تاقايدىغان تۆشۈكىگە 5 س م ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن . پېشانە ۋە ئىككى چېكىسى ، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز ، بۇرۇن ئۈستىنى

بويلاپ تاكى ئېتەك ئاستىلىرىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە بوياقتا سىزىلغان قوشقارنىڭ يۈگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ، يوقىرىقىلاردىن باشقا ئۇزۇنلۇقى 30 س م كېلىدىغان ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان . تىزىنىڭ تۆۋىنى (لىپەك قوشۇلۇپ ) ئاچ قىزىل رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن كىرىشتۈرۈپ چېتىلغان . جەسەتكە قوڭۇر رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق چاپان ، ئوخشاش رەڭدىكى ئۇزۇن ئىشتان ، پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تورىدىغان ، گۈل بېسىلغان رەڭدار كىگىز پايپاق كىيدۈرۈلگەن .

2 . ئايال جەسەت : ئىككى قولى قوشتۇرۇلغان ، تىزى يېرىم ئېگىلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان . بويى 1.57 مېتىر كېلىدۇ . ئايالنىڭ يۈزى سوزۇنچاق ، بۇرنى قاڭشارلىق ، كۆزلىرى يوغان ، چاچلىرى قوڭۇر (ئاقارغان ) ، قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن . پېشانە ، چېكە ، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، كۆز ، بۇرۇن ئۈستى ۋە تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان . ئېڭىكى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ شوينا (چىلتەك) بىلەن چېتىلغان . ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزىل ، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان . تىزىنىڭ يۇقىرىسى قىزىل ، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن چېتىپ باغلانغان . قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 س م ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى ، يەنە 45 س م ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (سالغان ) ئۆرۈمە چېچىمۇ بار . ئۈچىسىغا توق قىزىل رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك ، پۇتىغا رەڭدار گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق كىيدۈرۈلگەن . پايپاقنىڭ ئۈستىگە بوغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن . قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك ھەممىدە پىنە بۇيۇملار ئىچىدە ھەر خىل ، ھەر رەڭدىكى كۆركەم يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئەر ، ئايال ، بالىلارنىڭ كىيىم - كې-

چەكلىرى ، كىگىز ، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان باش كىيىملەر ، زىچ توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردىن قۇراپ (بىر بىرىگە ئۇلاپ ـ چېتىپ) تىكىلگەن نەپىس كىيىملەر ، يۇڭ كەشتە ئەدىيال ، پالاس ، كىگىز قاتارلىقلار بار.

ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ئىچىدە يا ، ئوق (ئوقيانىڭ) ، سوغا (ياغاچ چېلەك) ، تارغاق ، ئۇرچۇق ، قامچا دەستىسى ، دەستىگاھ (توقۇمىچىلىق دۇكىنى) سايمانلىرىدىن كەرگە قاتارلىقلار ، مۇڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن قوشۇق ، تارغاق ، ئىلمەك قاتارلىقلار ، تۇۋى دۇگىلەك (قازان تەكتى شەكلىدە) قارا رەڭلىك ساپال قاچىلار ، تېرىدىن ئىشلەنگەن توقۇم ۋە باشقا نەرسىلەر بار. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان پاقلان گۆشى (كاۋاپ ئۇچۇن تەييارلانغان) ، تېرىق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان توقاچ (نان)لارمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان.

M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر ۋە ئايال جەسەتلەرنىڭ تەبىئي هالدا قۇرۇپ ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئەڭ مۇهىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى : قەبرىنىڭ ئازادە ، تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىشى يەنە ئۆيگە ئوخشاش ئازادە قېزىلغان قەبرىنىڭ ئۈستى قاتمۇقات (ياغاچ ، بورا ، قوشام ، هايۋان تېرىلىرى ، قومۇش قاتارلىقلار) نەرسىلەر بىلەن هىم يېپىلغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىنىڭ تۆت تېمى تۇز (شور) قاتلىمىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۇچۇن ، جەسەتلەردىكى مىكروپلارنىڭ كۆپىيىشى تەبىئي تىزگىنلىنىپ ، قۇم ـ توپىدىن خالىي قەبرە ئىچىدىكى ئازادە بوشلۇقتا هورغا ئايلىنىشى ، قۇرۇشى تېزلىشىپ چىرىپ كەتمىگەن.

ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىننىڭ تەبىئي ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۇچۇن ، دەپنە قىلىش — ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا هازىرقىلارنىمۇ قايىل قىلغۇدەك ئۇسۇل ـ چارىلەرنى ئىجاد قىلغان.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن يۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان هەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك

لەر ، جۈملىدىن تۈرلۈك ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخ جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ . بۇ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ، يەكۈنلەشتىكى ئەنئەنۋى كۆزقاراش ۋە پەرەزلەرنى ئۆزگەرتىپ ، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى باشقىدىن باھالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدى .

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا ، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بىر يۈرۈش نەمۇنىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. نېمە ئۈچۈن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بىر يۈرۈش نەمۇنىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟

2. بۇ قەبرىستانلىقتىكى جەسەتلەرنىڭ ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ شۇ قەدەر ياخشى ساقلىنىشىدىكى سەۋەبلەر قايسىلار ؟

3. سىز M2 – نومۇرلۇق قەبرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىپ بېرەلەمسىز ؟

4. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىسىدىن تېكىستتىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ ئورنىنى تېپىپ چىقىڭ.

5. تېكىستتە ئىشلىتىلگەن تىرناق (  )نىڭ قانداق رولى بار؟

ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ



# ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى[①]

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن بولۇپ، دەسلەپ ئېتىقاد يۈزىسىدىن تاغ چوققىلىرىغا سىمۋول قىلىنىپ، سىزىقچە ئويما (ئەگمە) شەكلىدە بارلىققا كەلگەن. كېيىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى، نۇر مەنبەسىگە سىمۋول قىلىنغان يۇلتۇزسىمان گېئومېتىرىيىلىك سىزىقچىلار، تەكشى يۈز ئويما، قاپارتما ئويمىغا قاراپ راۋاجلانغان ۋە ئۇ تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق بىلەن ئورگانىك ھالدا مۇكەممەل شەكىل ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيى، كۇچادىكى قۇمتۇرا، سىم - سىم، قىزىل قاغا، تۇرپاندىكى بېزەكلىك، پىچاندىكى تۇيۇقلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ، تولۇقلىنىپ باردى. ھەتتا ئۇ، مۇنار، گۈمبەز، دەرۋازا، ئىشىك بېشى،

---

① بۇ ماقالە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئۈرنەكلەر» ناملىق توپلامنىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىندى.

تەكچە ئويۇقى، مورا، پېشايۋان، مېھراپ، تۈۋرۈكلەردىن تەرەققىي قىلىپ، گىلەم، بادام دوپپا، تەقىيە قاتارلىق باش كىيىملىرى، دۇبۇلغا، قالقان، ئات ـ ئۇلاغلارغا توقۇيدىغان ئېگەر، لىڭگىرچاق، ئۈزەڭگە، هارۋىلارنىڭ چوقايلىرى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە سىڭىپ، پارلاق مەدەنىيەتنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى، ئاساسلىقى ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، قەشقەردىكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، يۈسۈپ خاس هاجىپ مازىرى، هېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى، يەكەندىكى چىلتەن (قىرىق تەن) مازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇنلىغان قەدىمىي مەدەنىي مىراسلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان هويلا ـ ئارام، ئۆي ـ ئىمارەتلەردە گەۋدىلىك هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. رەڭلىك رەسىملەر مېھمانخانىنىڭ ئىشىكلىرىگە، تاملارنىڭ تەكچە، مېھراپ يېنىدىكى بوش ئورۇنلىرىغا هاراق ۋە سەرراپلارغا، مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ خالىرىغا، پېشايۋان ـ ئايۋانلىرىغا سىر بىلەن ئۆزگە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇپتا هەرخىل مەنزىرىلەر، لوڭقا ۋە گۈللەر سىزىلىدۇ. بۇنداق رەسىملەر ئەڭ يۇقىرى ماهارەت بىلەن سېلىشتۇرما پەرقى كىچىك، ئەمما بىر ـ بىرىگە ماسلىشالايدىغان رەڭلەر ئىشلىتىلىپ سىزىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگە بولغان هېسسىياتى ۋە قىزىقىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا سىر بىلەن سىزىلغان رەڭلىك نەقىشلەرمۇ ئىشلىنىدۇ، لېكىن گەج ۋە ياغاچ ئويما نەقىشلەر ئاساس قىلىنىدۇ. گەج ئاق، سىلىق بولۇپ، قېتىشى تېز، مەشغۇلاتى ئاددىي. شۇنىڭ ئۈچۈن گەج ئويما نەقىشلەر قەدىمكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مىلادىيە 981 — 983 ـ يىللىرى تۇرپانغا كەلگەن خەنزۇ سەيياهى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياهەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «پايتەخت قوچو قار

ـ يامغۇرى ئاز ، ھاۋاسى ئىسسىق بىر جاي ئىكەن . ئۆي ـ ئىمارەتلە-
رى ئاپئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدىكەن... بۇ شەھەردە ياغاچتىن ياسال-
غان پەشتاقلار ، شىپاڭلار كۆپ ئىكەن» دەپ يازغان . مەسچىت ،
قەبرە ، گۈمبەز ، مۇنار ، ئويۇق شەكلىدىكى تاملارغا گەج نەقىشلىرى
ئىشلىنىدۇ . بۇنداق نەقىشلەرنىڭ شەكلى ھەرخىل بولۇپ ، بەزىلىرى
بىر ئورگاننى نۇقتا قىلىپ ئىككى يانغا ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا ،
يەنە بەزىلىرى يۇملاق ، تۆت چاسا ، ئۈچ بۇرجەك ، رومبا شەكلىدە
مۇستەقىل بولىدۇ . ئومۇمەن ، بۇ نەقىشلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرى
بىر ـ بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا ئاربىلىقلىرى رەتلىك ۋە جانلىق
ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن كۆرگۈچىنى قىزىقتۇرىدۇ ۋە سۆيۈندۈ-
رىدۇ .

3 . خىشلارنى تىزىپ نەقىش ھاسىل قىلىش ۋە خىشلارغا گۈل
چىقىرىش . ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك
خىشلارنى تىزىپ ھەرخىل گېئومېتىرىك نەقىش ھاسىل قىلىش .
بۇنىڭ بىرخىلى بىنالارنىڭ لەمپىلىرى ۋە پەلەمپەيلىرىدە ئىپادىلىنە-
دۇ . يەنى لەمپە ۋە پەلەمپەيلەرگە ئۈچ بۇرجەك ، ئالتە بۇرجەك ۋە
چاسا شەكىللىك خىشلار تىزىپ چىقىلىپ ، ناھايىتى چىرايلىق نەقىش-
لەرگە ئايلاندۇرۇلۇپ ، بىنا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزۈلە-
دۇ . يەنە بىرخىلى خىشلارنى ھەرخىل شەكىلدە ياساپ تىزىپ گېئومې-
تىرىك نەقىشلەرنى ھاسىل قىلىش بولۇپ ، بۇ ، دەرۋازىلارنىڭ يېنى
ۋە مۇنار ، گۈمبەزلەردە ، تام ، سۇپىلارنىڭ بەلگىلىك ئورۇنلىرىدا
گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . بۇ خىل ماھارەت ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى
ئەڭ مۇھىم سەنئەت شەكلىنىڭ بىرى . ئۈچىنچى بىرخىلى گۈل چىقە-
رىپ قويۇلغان خىشلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق
گەج ئويما نەقىشلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش . بۇ ، گەج ئويما
نەقىشكە قارىغاندا پۇختا بولىدۇ .

4 . كاھىش . ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كاھىش ئا-
ساسەن يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭدە بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا بىنەپشەرەڭ ،
ھال رەڭ ۋە ئاق رەڭ قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلىك كاھىش ۋە قاپارتما

چىقىرىلغان كاھىشلارمۇ بار . كاھىش مەخسۇس خۇمدانىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بولۇپ ، رەڭگى ئۆڭمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە . بۇنداق كاھىشلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ ، ئەتراپتىكى تۇپراقلار بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ .

ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھويلىغا ئۈزۈم تېلى قويىدىغان ، ھەرخىل گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بولۇشى ئۇيغۇر نەقىشلىرىدە تەبىئىي ھالدا ئەكس ئەتكەن . شۇڭا ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ، گۈللەرنىڭ سىياقى ، غۇنچە - پورەكلىرى ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەك - مېۋىلىرى ، خۇسۇسەن بادام ، ئانار ، ئۈزۈم ، شۇنىڭدەك ئاپتۇۋا ، چۆگۈن ، چەينەك ، لوڭقىغا ئوخشاش تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئاساسىي كېلىش مەنبەسى بولۇپ ، بۇلار ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىلىپ ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ ؛ نەقىشنى ھاسىل قىلغۇچى بەزى ئېلېمېنتلار ناھايىتى ئەركىن ھالدا بىر - بىرىنى كېسىشىپ ئۆتەلەيدۇ . بىر ئېلېمېنت يەنە بىر ئېلېمېنت بىلەن شەرتسىز باغلىنالايدۇ . نەقىشنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ زىچ - شالاڭلىقى ، ئاددىي - مۇرەككەپلىكى ئۆزئارا ھەم قارىمۇقارشى ، ھەم بىر گەۋدە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن ، نەقىشلەر كىشىگە ھەم ئۆزگىرىشچان ، ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ .

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كىشىگە بەدىئىي زوق ، مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ ۋە ئىپتىخار بەخش ئېتىدۇ .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەيدانغا كەلگەن قۇرۇلۇشلاردا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى تەتبىق قىلىنىپ ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلدى .

# قەدىمكى رىمدىكى گلادىئاتورلار مەيدانى[1]

بۇ مەيدان ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، شەرقىي تەرىپى يېرىم چەمبەر شەكلىدە، غەربىي تەرىپى بولسا، بىر تۈز سىزىق بىلەن كېسىلىپ، گورىزونتال يۆنىلىشتە ئەگمىگە تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ، 13 ئەگمە ئىشىكلىك كاتتا قۇرۇلۇش بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمە ئىشىكى مەيدانغا كىرىپ ـ چىقىدىغان ئاساسىي ئىشىك بولغاچقا، ئۇدۇل ئىشىك دېيىلىدۇ؛ ئېلىشىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىلاھ ھەيكىلىنى كۆتۈرگۈچىلەر سېپى مۇشۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ. قالغان 12 ئەگمە ئىشىك ئاستىدىكى ئەگمە تۇرۇشلۇق كارىدور ئات ئېغىلى ياكى «ئەگمە ئۆي» قىلىنغان. مەيداندا جەڭ ھارۋىلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇ يەرگە ئات ھارۋىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەيداندا رىملىقلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قانلىق ئېلىشىش نومۇرلىرى ئورۇندالغاندا، بۇ يەر گلادىئاتور[2]لارنىڭ دەم ئېلىشى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى سولاپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گلادىئاتورلار مەيدانىنىڭ ئاشۇ تۇتاش ئەگمىسىدىن باشلاپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى قاتار ـ قاتار پەلەمپەيلەر ياسالغان، بۇ تاش پەلەمپەيلەر تاماشىبىنلار ئولتۇرىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن پەلەمپەي باسقۇچلىرى ئۇ ئورۇنلارنى ئايرىپ تۇرىدۇ. تاماشىبىنلار ئاشۇ پەلەمپەيلەر بىلەن ئورنى-

---

[1] ئىتالىيە يازغۇچىسى رافائېللو جوۋەنيولى (1838 — 1915) نىڭ «سپارتاك» رومانىدىن ئېلىندى.

[2] گلادىئاتور — قۇل كۆرەشچى. قەدىمكى رىمدا كۆپىنچە قۇللار ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرى چوڭ سىرىك مەيدانلىرىدا ئۆز ئارا بىر ـ بىرلىرى بىلەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر قىلىناتتى، بۇلارنى مەخسۇس مەشق قىلدۇرۇپ تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى. ئەنە شۇنداق تەربىيىلەنگەن قۇل كۆرەشچىلەر گلادىئاتور دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

غا بارىدۇ. بۇ پەلەمپەي باسقۇچلىرى كۆرۈش سەھنىسى كەينىدىكى
نۇرغۇن پەلەمپەي باسقۇچلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، رىملىقلار شۇ
پەلەمپەي باسقۇچلىرى بويىچە چۈشۈپ، ئەتراپتىكى نۇرغۇن يان ئە-
شىكلەر ئارقىلىق مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ.

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك بۇ پارچىدا قەدىمكى رىم-
دىكى گلادىئاتورلار مەيدانىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ
تۈزۈلۈشىگە قارىتا تەرتىپلىك، توغرا، ئىنچىكە چۈشەندۈ-
رۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان.

يېزىقچىلىق

# شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شەيئىنى كۆزەتكەندە ۋە تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىلار، ئوخشاشمىغان جەھەتلەردىن بايقىشىمىز ۋە ئىپادىلىشىمىز لازىم. «ئاپاق خوجا مازىرى» دېگەن تېكىستنىڭ ئاپتورى راھىلە داۋۇت ئەلچىن مازارنىڭ ئىسلام مىمارچىلىقىغا خاس ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇشتا بولسۇن ياكى ئورنى، ياسىلىش جەريانىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشتا بولسۇن، ھەممىسىدە شۇ ئالاھىدىلىكنى زىچ چۆرىدىگەچكە، تەسۋىرلىشى توغرا ۋە ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان.

شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەندە ۋە تەسۋىرلىگەندە، كۆزىتىش نۇقتىسىنى ياخشى تاللاش كېرەك. كۆزىتىش نۇقتىسى دېگىنىمىز ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىشىدىكى مەيدانى. كۆزىتىش نۇقتىسىنى بىر يەرگە مۇقىملاشتۇرۇشقىمۇ، مۇۋاپىق دەرىجىدە ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن، «ئۇيغۇر مىڭئۆيلىرى» دېگەن تېكىستتە ئاپتور سىرتتىن ئىچىگە قاراپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، كۆزىتىش نۇقتىسىنى چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىرنەچچە قېتىم

يۆتكىگەن . يەنى ئالدى بىلەن مىڭئۆيلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن دەريا ـ ئېقىن بويلىرىدىكى خىلۋەت ، مەنزىرىلىك جايلارغا جايلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئىككىنچى قېتىم مىڭئۆيلەرنى قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ . ئۈچىنچى قېتىم مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان نەقىش ، بېزەكلەرنى چۈشەندۈرىدۇ .

1 . مەلۇم بىر قۇرۇلۇش تونۇشتۇرۇلغان بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ . يېزىشتا بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي كۆزىتىڭ ۋە توغرا تەسۋىرلەڭ ، ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ .

2 . تۆۋەندىكى رەسىمنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىڭ . رەسىمگە ئاساسەن ھېكايە توقۇڭ . ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ .

كۆرسەتمە : دەسلەپ ئۇۋىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئۇچۇپ چىققىنى بىر جۈپ «قوشماق» قۇش بالىسى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بارغان يېرى ئوخشاش بولمىغاچقا (ئورمانلىق ۋە قەپەس) ، كېيىن كۆرۈشكەندە بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي قالغان . رەسىمدىكى مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش ئاساسىدا ، ئىككى قۇش بالىسىنىڭ ئۇچۇپ چىققاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشى ۋە كۆرۈشۈش پەيتىدىكى پەرقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ۋە تەسۋىرلەڭ .



3 . دەرستىن سىرتقى مەشىق : ھەپتىلىك خاتىرە يېزىش . ھەپتىلىك خاتىرە — بىر ھەپتىلىك تۇرمۇش خاتىرىسىدۇر . ئۆزىنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە كۆرگەن ، ئاڭلىغان ، ئويلىغان ، ھېس قىلغانلىرى ئىچىدىن ئەڭ ئەھمىيەتلىكلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش — ھەپتىلىك خاتىرە بولىدۇ . ساۋاقداشلار ھەپتىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئەستايىدىل يازسا ، پايدىسى بولىدۇ .

## ئەسەر تۈزىتىش

«بۇزغۇنچى» ناملىق ھېكايىنى مەزكۇر دەرسلىككە تاللىغان چاغدا ، سۆز ـ جۈملىلىرىنى مۇۋاپىق تۈزىتىپ ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇردۇق . مىسال ئۈچۈن ئەسلىسى بىلەن تۈزىتىلگىنىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق :

1 . ئەسلىسى : — ئەخمەق ئىكەنسەن ، كوچىغا چىقىپ ، باللار بىلەن مۇشتلىشىپ ياقا يىرتىشىپ يۈرگىنىدىن بۇ ئىشلارنى قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ بالىدىكى ياخشى خىسلەت!

تۈزىتىلگىنى : — ئەخمەق ئىكەنسەن ، بۇ ئىشلارنى قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ بالىدىكى ياخشى قىزىقىش تۇرسا .

2 . ئەسلىسى : — نېمىدېگەن تەرسا سەن ! — دېدى سېلىم ئاكا ئەمدى خاپا بولۇپ ، — ئۆز ئوغلۇڭنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمىسەڭ ، ئۇنى ماختاشنىڭ ئورنىغا كەمسىتسەڭ ، پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىقرار قىلمىساڭ نېمە دېگىلى بولىدۇ؟!

تۈزىتىلگىنى : — نېمىدېگەن تەرسا خوتۇن سەن ! — دېدى سېلىم خاپا بولۇپ ، — ئۆز ئوغلۇڭنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمىسەڭ ، ئۇنى ماختاشنىڭ ئورنىغا كەمسىتسەڭ ، پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ تەن ئالمىساڭ نېمە دېگىلى بولىدۇ؟!

3 . ئەسلىسى : — كەچقۇرۇن ئاپىلىرى قايتىپ كېلىپ ھەيران قېلىشتى ، ئەسئەت باراڭنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ ياتاتتى . بىر چەتتە رادىئو جاراڭلىق ناخشا ئېيتىۋاتاتتى .

تۈزىتىلگىنى : كەچقۇرۇن ئاپىلىرى قايتىپ كېلىپ ھەيران قې- لىشتى ، ئەسئەت باراڭنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ ياتاتتى . بىر چەتتە رادىئو- دىن ناخشا ياڭراپ تۇراتتى .

ئۆزىڭىز يېقىندا يازغان ماقالىڭىزنى تۈزىتىڭ . جۈملە ئىچىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىغا دىققەت قىلىپ ، سۆز - جۈملىلەرنى راۋانلاشتۇرۇڭ .

ئاغزاكى ئالاقە

# گەپ ئوبرازلىق بولغاندىلا، ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ

«بۇ بىر ساپ دىل، دىيانەتلىك بوۋاينىڭ يۈزى. ئۇنىڭ يول ـ يول كەتكەن چوڭقۇر قورۇقلىرى ئىچىدە گويا ئۆمۈر بويى چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم ۋە جاپا ـ مۇشەققەت يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. قېرىلىق داغلىرى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىزلىرىغا بۇ دۇنيا- نىڭ قانچىلىغان مۇشكۇلاتلىرىنىڭ ئۇيۇپ قالغانلىقى نامەلۇم. كۆزلە- رى ئازراق خىرەلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك، تەمكىن بولۇپ، ھەسرەت ۋە ئاداۋەت يوق، بەلكى بەزىدە چەكسىز خاتىرجەم- لىك ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىد ئەكس ئېتەتتى. قاراڭ، ئۇنىڭ ئەمگەكچان ئىككى چوڭ قولىغا، ئۇنى كۆك تومۇرلار قاپلىغان، بوغۇملىرى تومپىيىپ چىققان، يىرىكلىكىدىن خۇددى قاغجىرىغان دەرەخ قوۋزى- قىدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك زېھنىي كۈچى ۋە تولۇپ تاشقان يۈرەك قېنىنى ئاتا ـ بوۋىلىرى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ياشىغان يەرگە، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە بېغىشلىغانىدى.»

«دوستلار، بىز ھازىر تىلسىمات تۈسىدىكى گۈزەل زېمىندا تۇ- رۇۋاتىمىز. قاراڭلار، بىزنىڭ كەينىمىز — بۈك ـ باراقسان ئورمان- لىق، ئالدىمىز — پايانسىز ۋە تەگسىز تەيخۇ كۆلى. ئۇنىڭ زۇمرەت- تەك يېشىل دولقۇنلىرى پارقىرىماقتا. يېشىل تاغ كۆل سۈيىنى ئورىغان، كۆل سۈيى يېشىل تاغقا تىرەلگەن. تاغ كۆل يۈزىگە ئېگىلە- رىلەپ كىرگەن، كۆل سۈيى ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان. باش ئۈستىڭىزدە

تاغ، ئاياغ تۈۋىدە سۇ، ھەقىقەتەن ئاسمان ئۈستىدە ئاسمان، تاغ كەينىدە تاغ، كۆل ئىچىدە كۆل، ئارال ئىچىدە ئارال بار؛ تاغ خۇددى يېشىل قۇلۇلىدەك سۇغا باغرىنى يېقىپ تۇرسا، سۇ خۇددى يېشىل دېڭىزدەك لەيلەپ تۇرىدۇ.»

يۇقىرىدىكى ئىككى بۆلەك تېكىستنىڭ بىر بۆلىكى — ئاتىلىق سالاھىيەت توغرىسىدىكى نۇتۇقنىڭ بېشى؛ يەنە بىر بۆلىكى — ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ مەنزىرە تونۇشتۇرۇشى. ئاتىلىق سالاھىيەت توغرىسىدىكى گەپ تېمىسى بىر داڭلىق رەسىمنى تەسۋىرلەشتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلالايدىغانلىقى ۋە تەسىرلەندۈرەلەيدىغانلىقى شۈبھىسىز؛ تەبىئەت مەنزىرىسىنى تونۇشتۇرۇش سۆزى بولسا، ئىنچىكە، تەرتىپلىك ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەر بىلەن قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى تەبىئىي ھالدا زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، كەتكۈسى كەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

ئاغزاكى ئالاقە جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق، مەنتىقىلىق بولغاندا كىشىنى قايىل قىلىدۇ. شۇڭا تەسۋىرلەش قابىلىيىتى تولىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

ئاغزاكى تەسۋىر كونكرېت، جانلىق بولۇشى كېرەك. تەسۋىرلەش زۆرۈر بولغان نەرسىلەر چوقۇم تەسۋىرلىنىشى، ئىنچىكە تەپسىلاتلارغا سەل قارالماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاممىنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ.

چوقۇم دېيىش زۆرۈر بولغانلىرى دېيىلىشى، ھاجەتسىز سۆزدىن بىر ئېغىزمۇ بولماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئاغزاكى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئادەم بولۇشىمۇ، مەنزىرە بولۇشىمۇ، ھېكايە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوبيېكتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، چوڭقۇر ئىگىلىشىڭىز، شۇنداقلا تەسەۋۋۇرنى قانائەتلەندۈرۈپ، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىڭىزنى «جانلاندۇرۇشىڭىز» كېرەك.

1 . ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئۆزىڭىز كۆرگەن بىرەر جاينىڭ مەنزىرىسىنى ياكى ئۆزىڭىزگە پىششىق تونۇش بولغان بىر ئادەمنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىڭ .

2 . ساۋاقداشلىرىڭىزغا بىرەر ئىشنىڭ جەريانىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىڭ ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ شۇ ئىشقا بولغان قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ .



# ھايۋانات دۇنياسى





سىز ھايۋانلارنى چوقۇم ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانسىز ؟ ھايۋانلار خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاشلا يەر شارى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى . بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە ، بىزگە چىرايلىق ، ياۋاش ، چېچەن ھايۋان تىيىن ؛ تۇغما «مۇزىكىلىق تالانتقا ئىگە» ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ؛ مۇلايىم ، ئەمما كۈچتۈڭگۈر ھاي-ۋان تۆگە قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلىدۇ . بۇ ، نەقەدەر ئاجايىپ ھايۋانات دۇنياسى - ھە ! بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئۇلارنىڭ تاش-قى شەكلى ، ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەتلىرىنى ئې-گىلەيمىز - دە ، ئۇ بىزنىڭ ھايۋانلارنىڭ يا-شاش ھالىتىگە بولغان دىققىتىمىزنى تارتىدۇ ، بىزنىڭ ھايۋانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، ھايۋان-لارنى ئاسراش قىزغىنلىقىمىزنى قوزغايدۇ .



# 13 . تىيىن

بۇفون[1]

تىيىن چىرايلىق جانىۋار . ئۇ ياۋاش ، زېرەك بولۇپ ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ .

ئۇلارنىڭ چىرايى پاكىز ، كۆزى نۇرلۇق ، تېنى بېجىرىم ، پۇتلىرى چاققان ، تەبىئىيتى ئىنتايىن سەزگۈر . ئۇلارنىڭ سەگەك كۆزى ، ئوماق يۈزى ، پۆپۈكلۈك قۇيرۇقى ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدۇ . ئادەتتە قۇيرۇقىنى بېشىغىچە دىڭگايتىۋېلىپ ، تېنىنى قۇيرۇقى ئاستىغا مۆكتۈرۈپ سالقىنلايدۇ . ئۇلار ھەمىشە بەدىنىنى تىك قىلىپ ئولتۇرىدۇ . ئادەملەر قولىنى ئىشلەتكەندەك ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن ئاغزىغا نەرسىلەرنى سالىدۇ . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، تىيىن تۆت پۇتلۇق مەخلۇقلارغا ئوخشىمايدۇ .

تىيىن يەر ئاستىغا كىرىۋالمايدۇ ، ھەمىشە ئېگىزدە ھەرىكەت قىلىدۇ ، قۇشلاردەك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ياشايدۇ . ئورماندا ئۇ دەرەختىن بۇ دەرەخقە چېپىپ يۈرۈيدۇ . ئۇلار دەرەختە ئۇۋا ياسايدۇ ، مېۋە ئۈزىدۇ ، شەبنەم سۈيى ئىچىدۇ . دەرەخنى بوران بەك قاتتىق سوقۇپ كەتكەندە يەرگە چۈشۈۋالىدۇ . ئېتىزلاردا ، تۈزلەڭلىكلەردە تىيىن ئۇچرىمايدۇ . ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يېقىن كەلمەيدۇ . ئۈششاق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ياشىمايدۇ . چوڭ دەرەخلەرنى ياخشى كۆرىدۇ . چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ماكانلىشىدۇ . يازنىڭ ھاۋا

---

[1] بۇفون (1707 — 1788) — فرانسىيىلىك مەشھۇر ئالىم . يازغۇچى بولۇپ ، «تەبىئەت تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان . بۇ ماقالە «بۇفون ئەسەرلىرى»دىكى «تىيىن»گە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى .



ئوچۇق كېچىلىرى تىيىنلارنىڭ دەرەختە سەكرىگەن، چىرقىرىغان، بىر - بىرىنى قوغلاشقاندىكى ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك ئاپتاپتىن قورققاندەك، كۈندۈزى ئۇۋىسىدا سەگىدەپ، كېچىسى چىقىپ يۈگۈرەيدۇ، ئوينايدۇ، قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. ئۇلار قۇشقاچلارنى تۇتىسمۇ، گۆشخور ھايۋان ھېسابلانمايدۇ. ھەمىشە ئۆرۈك مېغىزىنى، ئورمان ياڭىقى[1] نى، بۇك[2] دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ۋە كاشتان مېۋىسىنى[3] يەيدۇ.

تىيىن سۇغا چۆشمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تىيىن سۇدىن

[1] ئورمان ياڭىقى — يوپۇرماقلىق چاتقال ياكى پاكار دەرەخ. مېۋىسىنىڭ پوستى قاتتىق، ئۇنى يېيىشكە ياكى ئۇنىڭدىن ماي چىقىرىشقا بولىدۇ.

[2] بۇك دەرىخى — يوپۇرماقلىق يوغان دەرەخ. قارا ياغاچتەك چوڭ بولىدۇ. مېۋىسى قاتتىق، ياغىچى چىڭ، نەمگە چىدامىلىق بولىدۇ. كېمە ياساشقا، ئىمارەت سېلىشقا، كۆۋرۈك سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

[3] كاشتان مېۋىسى — دۇپ مېۋىسىمۇ دېيىلىدۇ. سوقىچاق يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلەشكە، پوستىدىن تېرە ئاشلايدىغان يېلىم ئىشلەشكە بولىدۇ.

ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، بىرەر پارچە قوۋزاقنى قولۋاق قىلىپ، قۇيرۇقىنى يەلكەن ۋە پالاقىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. تىيىن تاغ چاشقىنىدەك ئۈچەككە[1] كىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن سەگەك كېلىدۇ. ئادەم دەرەخنى سەل - پەل مىدىرلىتىپ قويسا، ئۇۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالىدۇ ياكى باشقا دەرەخلەرگە قېچىپ كېتىدۇ. تىيىن بەك تېز يۈگۈرەيدۇ. ئۇ بەزىدە قىسقا تاقلاپ، بەزىدە چوڭ تاقلاپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇلارنىڭ تىرناقلىرى شۇنداق ئۆتكۈر، ھەرىكىتى شۇنداق چەبدەسكى، غولى سىلىق دەرەخلەرگىمۇ بىردەمدە چىقىۋالايدۇ. تىيىن ناھايىتى ياڭراق چىرقىرايدۇ. ئاۋازى ئاغمىخانىنىڭكىدىنمۇ چىرقىراق چىقىدۇ. كىشىلەر تىيىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا، غەزەپلىنىپ خىرىلداپ كېتىدۇ.

تىيىن ئادەتتە دەرەخنىڭ ئاچىماق يېرىگە ئۇۋا سالىدۇ. بۇنداق يەر ھەم پاكىز، ھەم ئىسسىق بولىدۇ. ئۇلار ئۇۋا سالغاندا ئاۋۋال ئۇششاق ياغاچلارنى، ئوت - چۆپلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، ئاندىن ئۇلارنى قۇرۇق مۇخ[2]لار بىلەن توقۇپ باغلايدۇ؛ ئاندىن مۇخلارنى تارتىپ چىڭىتىپ، دەسسەپ تۈزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋا كەڭتاشا ھەم پۇختا بولىدۇ. بالىلىرى بىلەن ئۇۋىدا ئارامخۇدا، بىخەتەر ياشايدۇ. ئۇۋىنىڭ ئاغزى ئۈستى تەرەپكە قارىتىلىدۇ. ئۇ دەل ھەم تار بولۇپ، ئاران كىرىپ - چىققىلى بولىدۇ. تۆشۈكنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاق كونۇسسىمان قاپقا بولۇپ، پۈتكۈل ئۇۋىنى يېپىۋالايدۇ. يامغۇر سۈيى ئەتراپقا ئېقىپ كېتىپ، ئۇۋىغا چۈشمەيدۇ.

تىيىن ئادەتتە بىر قېتىمدا ئۈچ - تۆتنى تۇغىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈكى سۇس قوڭۇر بولىدۇ. قىش چىققاندا تۈك تاشلايدۇ. يېڭى چىققان تۈكنىڭ رەڭگى ئاۋۋالقىسىدىن قېنىقراق بولىدۇ. ئۇلار تىرناقلىرى ۋە چىشى بىلەن تۈكىنى تاراپ، پاك - پاكىز قىلىۋېتىدۇ. ھېچقانداق غەلىتە پۇراق پۇرىمايدۇ. تىيىن پايدىلىق جانىۋار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ-

---

① ئۈچەككە كىرىش — ھايۋانلارنىڭ قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىشى بولۇپ، ئۈچەككە كىرگەندە، ھېچنەرسە يېمەيدۇ، مىدىرلىمايدۇ.

② مۇخ — ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كۆپىنچە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

نىڭ قوۋزۇق توكىنى رەسىم سىزىدىغان قەلەم قىلغىلى، تېرىسىدىن جۇۋا تىككىلى بولىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تىيىن چىرايلىق، ياۋاش، زېرەك بولۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈ-رىدۇ. تېكىستنى تەكرار ئوقۇش ئاساسىدا، تىيىننىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ. ياخشى كۆرۈشىڭىزدىكى سەۋەبلەر-نىمۇ سۆزلەڭ.

2. تېكىستنىڭ قايسى جايلىرىدا تىيىن ئادەمگە ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن؟ بۇنداق جۈملىلەرنى تاللاپ چىقىڭلار ھەمدە بۇنداق يېزىش ئۇسۇلىنىڭ تىيىننى تولغرا، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرۈشتە نېمە پايدىسى بارلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار.

*3. ئەگەر تىيىننى تېما قىلىپ بىر گۇرۇپپا (تۆت پارچە) پوچتا ماركىسى تارقىتىشقا توغرا كەلسە، سىزنىڭچە پوچتا ماركىسىدا تىيىننىڭ تۇرمۇشى قايسى تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك؟ ھەربىر ماركىغا ئىسىم قويۇپ بېرەلەم-سىز؟

4. «تىيىن پايدىلىق جانىۋار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قوۋزۇق توكىنى رەسىم سىزىدىغان قەلەم قىلغىلى، تېرىسىدىن جۇۋا تىككىلى بولىدۇ.» سىزنىڭچە بۇ بايانلارنى ھازىرقى مۇھىت ئېڭى نۇقتىسىدىن قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

# 14. قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە

ساتتار سالىخ[1]

ئىنسانىيەت ئۈچۈن 5000 يىلدىن ئارتۇق خالىس ئىشلىگەن ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ھايۋان تۆگىنىڭ «چۆل كېمىسى» دېگەن چىرايلىق سۈپىتى بار. تۆگە ئاتقا قارىغاندا كۈچلۈك بولۇپ، 128 — 192 كىلوگرامغىچە، كۈچلۈكرەكى 240 كىلوگرامغىچە يۈك كۆتۈرىدۇ. چۆل - باياۋانلاردا ئۆسىدىغان، ئات يېمەيدىغان يانتاققا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنى يەۋېرىدۇ، ئۈچ - تۆت كۈن سۇ ئىچمەيمۇ يۈرۈۋېرىدۇ، ھەتتا تۇزلۇق سۇلارنىمۇ ئىچىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تاپانلىرى كەڭ ھەم چىداملىق بولۇپ قۇمغا پاتمايدۇ. تومۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇققا چىداملىق كېلىدۇ. يۈك ئارتقاندا يەرگە چۆكۈپ بېرىدۇ. سائەتتىگە 4 كىلومېتىر ئەتراپىدا يول ماڭىدۇ. ئىنسانلار ئۆگەتكەن ئۆي تۆگىلىرىنىڭ ئەجدادى ياۋا تۆگىدۇر.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قوش لوككىلىق تۆگىلەر ئەڭ دەسلەپ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلاردا ئۆيگە ئۆگىتىلگەنلىكى مەلۇم. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقىغا ئاساسەن، شىنجاڭنى قوش لوككىلىق تۆگىلەرنىڭ قەدىمكى ماكانى ۋە ئەڭ دەسلەپ ئۆيگە ئۆگىتىلگەن جايى دېيىشكە بولىدۇ. پروفېسسور ئى. ئى. لاكوزا «تۆگىچىلىك» دېگەن كىتابىدا «قوش لوككىلىق ياۋا تۆگىلەرنى قولغا ئۆگىتىش بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى

[1] ساتتار سالىخ (1945 — 1992) — مىللىتى تاتار، تۆگە تەتقىقاتچىسى، ئىلى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق مەكتىپىنىڭ دوتسېنتى. بۇ تېكىست ئۇنىڭ «شىنجاڭ تۆگىسى» (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان . قوش لوككىلىق تۆگىلەرنى ئۆيگە
ئۆگىتىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆي تۆگىسى قىلىش موڭغۇل ،
تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك » دەپ
يازغان .

قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە ئېلىمىزدە 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدى-
غان هايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئەتىۋارلىق هايۋان . ئۇ شىنجاڭ
تەۋەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، لوپنۇر ناهىيىسىنىڭ دۆڭقوتان ، قارا
ئېقىن ، قۇمقۇدۇق هەم ئاچچىقچۆل قاتارلىق جايلىرىدىكى قۇم بارخان-
لىرى ئارىسىغا مەركەزلىك تارقالغاندىن تاشقىرى ، ئالتۇنتاغنىڭ شى-
مالىي يانباغرى ، شىنجاڭ بىلەن مازۇڭسەن تېغى تۇتىشىپ تۇرىدىغان
مېڭشۈيگە يېقىن قۇم دۆڭلۈكلىرىنىمۇ ماكان تۇتقان . كېرىيە دەريا-
سىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغىمۇ تارقالغانلىقى
مەلۇم بولدى . قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ، ئاق-
ساي قازاق ئاپتونوم ناهىيىسى ، جيۇچۈەن هەم ئەنشەنبا قاتارلىق
جايلاردىكى قۇملۇق چۆللەرگە ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېجىناچى ۋە ئالا-
شەن رايونلىرىغا تارقالغان . لېكىن تارقىلىشى شىنجاڭدىكىدىن بەك
تار ، سانىمۇ ئاز .

قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە تۇزۇلۇش جەھەتتە ئۆي تۆگىسىدىن
كۆپ پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۇ ناهايىتى ئورۇق هەم ئېگىز ، پۇتلى-
رى ئۇزۇن هەم ئىنچىكە ، تۈكلىرى شالاڭ هەم يىرىك بولۇشتەك
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇ تۈك تاشلاش مەزگىلىدە بەدىنىنىڭ قىس-
مەن جايلىرىدىن بىرنەچچە تۇتام قارا ئىۋىتىسىمان يىرىك تۈك تاشلاي-
دۇ . ياۋا تۆگە يازدا قۇرۇق قاقشالغىلا ئوخشاپ قالىدۇ . ئۇلار يازدا
سالجا ۋە ساقانقى قاتارلىق قان شورىغۇچى پارازىت جانلىقلارنىڭ
تەھلىكىسىگە تولا ئۇچرايدىغانلىقى سەۋەبىدىن قورساق ۋە چات ئارى-
لىقلىرى قانلىق جاراھەتلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ . بەزىدە بۇ تەسىر-
لەر سەۋەبىدىن يېرىم پالەچلىنىپمۇ قالىدۇ . لوككىسىنىڭ ئورنى
ئىنتايىن تار هەم كىچىك بولۇپ ، دائىم تىك تۇرىدۇ . ياۋا تۆگىلەر
هەر كۈنى جاپالىق ، قىيىن شارائىتتا ياشاپ ، ئۆزىدىكى ماي سەرپىيا-

تىنى كۆپلەپ سەرپ قىلىنىۋېتىدىغان بولغاچقا ، لوككىسىدىكى ياغ ئۆي تۆگىسىنىڭ لوككىسىدىكى ياغدەك كۆپ بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ياۋا تۆگىنىڭ بېشى ئۆي تۆگىسىنىڭ بېشىدىن كىچىك ، قۇلىقى ، قۇيرۇقى قىسقا ، ئوقياسىمان بوينى ئۆي تۆگىسىنىڭ بويىنىدىن خېلى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولىدۇ . تاپىنى كىچىك بولۇپ ، ئىنتايىن ئاز ھەم كىچىك مايىقلايدۇ .



ياۋا تۆگىنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە ياشاش ئادىتى باشقا ھەرقانداق چوڭ ھايۋاندىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . كىشىلەر ھايۋان بېقىش تاپسا سەمرىيدۇ ، دەپ قارايدۇ . لېكىن ياۋا ھايۋانلارنى ، بولۇپمۇ ياۋا تۆگە- نى بېقىش بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ياۋا تۆگىنىڭ ھەرقانـ- ـدىقى ھەرقانچە ياخشى چارە ، ھەرقانچە ياخشى ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىلسىمۇ ، يەنىلا ئورۇقلاپ ، جۇدەپ كېتىدۇ ياكى ئۆلۈپ قالىدۇ . چۈنكى بىرىنچىدىن ياۋا تۆگىلەر كۆپىنچە ئۇنۇمسىز ، قۇرغاق قۇملۇق تۇپراقلار ياكى گىياھلار شالاڭ ئۆسىدىغان جايلاردا ياشايدۇ . يانتاق ، ئاق تىكەن ، كۆرگە ، قومۇش ، يۇلغۇن ، توغراق شېخى قاتار-

لىق يىرىك ، ئۇنۇمسىز نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ ، كۆكىرىپ
لەش بولۇپ كەتكەن كونا كىچىك كۆلچەكلەردىكى مىنېراللىق دەرىجى-
سى يۇقىرى بولغان بولاق سۇيىنى ئىچىدۇ . قىسقىسى ، ئۇلار ئۇزۇن
مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا تەبىئىي تاللىنىش سەۋەبى-
دىن ئاشۇنداق ناچار شارائىتقا لايىقلىشىپ كەتكەن . ئۇلار بۇنداق
لايىقلاشقان تەبىئىي شارائىتتىن ئايرىلىدىكەن ، ھەزىم قىلىش ئەزالى-
رى بىردىنلا ناچارلىشىدۇ ـ دە ، ئاسانلا ھالاك بولىدۇ . ئىككىنچى-
دىن ، ياۋا تۆگە ھەر ـ قانداق تەھلىكىدىن يىراق بولغان قۇملۇق
سەھرالارنى تاللىۋالغان . ئۇلار يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران
10 — 20 مىللىمېتىر بولغان ، قىشتا 0 دىن تۆۋەن 30 گرادۇس
سوغۇق بولىدىغان ، يازدا تېمپېراتۇرىسى 40 — 50 گرادۇس بولىدى-
غان ، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 60 — 70 گرادۇسقا چىقىدىغان
ئۆتكۈر قۇرغاق قۇملۇقلاردا ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن . شۇڭا كىلى-
مات بىراقلا ئۆزگەرگەندە ، يېڭى شارائىتقا ماسلىشالماي ، ئاسانلا
ھالاك بولىدۇ . ياۋا تۆگە ناھايىتى يۈگۈرۈك ، سائەتلىك تېزلىكى 30
كىلومېتىر ، ئىككى سائەتكىچە بىر خىل سۈرئەتتە توختىماي يۈگۈرى-
يەلەيدۇ . بىر توپ تۆگە تەھلىكىگە ئۇچرىغاندا ، ئۈچ كۈندە 300
كىلومېتىر يىراقتىكى جايغا كۆچۈپ كېتەلەيدۇ ، ھەرىكىتى جانلىق ،
ناھايىتى سەزگۈر (شامال يۆنىلىشى بويىچە 2 — 3 كىلومېتىر يىراق-
تىنلا ئادەمنىڭ پۇرىقىنى سېزىۋالالايدۇ ، شۇڭا ئۇنى ئۇچرىتىش ناھا-
يىتى تەس ) . ياۋا تۆگىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇلار
كۆيلەش مەزگىلىدە ھەددىدىن تاشقىرى ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ ، كۆي-
لەش ۋاقتى ئۇزاق ، قېتىم سانى كۆپ .

ياۋا ھىنگان (چىشى تۆگە)لار بوغاز بولۇپ بىر يىلدىن ئارتۇق
(13 ئاي) قورساق كۆتۈرۈپ ، كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى-
دىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇغىدۇ . بوتىلاق تۇغۇلۇپ ئىككى
سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلايدۇ . بىر
كۈندىن كېيىن ئانىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ . ئادەتتە ياۋا ھىنگانلار
بىر قېتىمدا بىرنىلا تۇغىدۇ . بوتىلاقلار بىر يىلدىن كېيىن ئانىسىدىن

ئايرىلىپ ھايات كەچۈرۈۋېرىدۇ. تۆت - بەش ياشلىق بولغاندا ۋايىغا يېتىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئوقۇپ، ياۋا تۆگىنىڭ ئۆي تۆگىسىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى ۋە تۆگىنىڭ تېكىستتە يېزىلماي قالغان يەنە قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتالغان تۆگىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇشىدا قانداق رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟

*3. تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك رەسىم، ئاتكرىتكا، ماركا ۋە ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ كېلىپ، سىنىپ بويىچە «تۆگىنى تونۇشتۇرۇش» تېما قىلىنغان كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇڭلار ھەم شۇ ئاساستا تۆگە ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار.

# 15 . ياپونىيە ماي قوڭغۇزى (تاللانما)

فابىر[1]

ياپونىيە ماي قوڭغۇزى تەمبەل كېلىدۇ . ئۇچىسىغا قارا ياكى قوڭۇر تون كىيىدۇ ، تونى زەر رەڭدە يالتىرايدۇ . ئۇستىدە ئانچە ـ مۇنچە ئاق چېكىتلەر بولىدۇ ، ئاددىي ـ ساددا ھەم نەپىس كۆرۈنىدۇ . ئەركەكنىڭ ئىككى تال قىسقا ئانتېنناسىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇچىدا يېقىن تۇرغان يەتتە تال چۇچا[2] سى بولۇپ ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، چۇچا يەلپۈگۈچتەك ئېچىلىدۇ ياكى يىغىلىۋالىدۇ .

كىشىلەر ئالدى بىلەن بۇ چىرايلىق زىننەتلەرنىڭ يۇكسەك سەزگۈ ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى ، بۇ سەزگۈ ئەزالار ئىنتايىن سۇس پۇراقلارنى ، ناھايىتى ئاجىز ئاۋاز دولقۇنىنى ۋە ئىنسان سېزەلمەيدىغان باشقا ئۆزگىرىشلەرنى سېزىۋالالايدىغانلىقىنى ئويلىشى مۇمكىن . ئۇنداقتا ، چىشىسىچۇ ؟ چىشىسىنىڭ قىياپىتى كىشىلەردىكى تەسەۋۋۇر كۆچىنىڭ بەك مول بولۇپ كەتمەسلىكىنى ، بەك يىراق ئويلاپ كەتمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ . ئانىلىق مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالغان چىشى ھاشاراتقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق دېيىشكەندىمۇ ، ھېچبولمىغاندا ، ئەركەكنىڭكىدەك يۇكسەك تۇيغۇن سەزگۈ ئەزالىرى بولۇشى

---

[1] فابىر (Fabre. J. H. 1915 — 1823) فرانسىيىلىك ھاشاراتشۇناس ، يازغۇچى . دارۋىن ئۇنى «تەقلىد قىلغىلى بولمايدىغان كۆزەتكۈچى» دەپ ماختىغان . ئۇ بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ئۇن توملۇق «ھاشاراتلار دۇنياسى»نى كىشىلەر «پەن بىلەن ئېبىئرنىڭ مۇكەممەل ماسلاشتۇرۇلۇشى» دەپ تەرىپلىگەن . بۇ تېكىست 1999 ـ يىلى شاڭخەي مەدەنىي تۈرمۇش نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھاشاراتلار دۇنياسى»دىن ئېلىندى .

[2] چۇچا — ھاشاراتلارنىڭ سەزگۈ ئورۇنى .

كېرەك . ۋەھالەنكى ، چىشىسىنىڭ ئانتېناسىنىڭ ئۇچىدا ئالتە تال چوچا بولۇپ ، بۇ چوچىلار ئىنچىكە ھەم قىسقا كېلىدۇ .

ئەركىكىنىڭ قاتلىنىدىغان بىر جۈپ يەلپۈگۈچى نېمىگە ئەسقاتىدۇ ؟ ياپونىيە ماي قوڭغۇزىدىكى قاتلىنىدىغان يەلپۈگۈچ ئۇزۇن بولۇپ قوڭغۇزنىڭ سەزگۈ بۇرۇتلىرىغا ، لېكىن قوڭغۇزنىڭ گۈرجەكتەك ئۇستۈن تاڭلىيىغا ئوخشايدۇ . بۇ ئۇنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ ، جورا تېپىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر . ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمايدۇ ، خالاس .

ھاشاراتلار كالېنداردا ماي قوڭغۇزىنىڭ ۋاقتى ئەڭ توغرا بولىدۇ . ئۇ تومۇزدا ، تۈنجى تۈركۈم تۇغۇلغان تومۇزغا بىللە سىرتتا پەيدا بولىدۇ . كۈن ئۇزىراپ ، زىرائەتلەر ئالتۇندەك سارغايغاندا ماي قوڭغۇزى ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ . شۇ كۈنلەردە ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشۈش بىلەن ئۇششاق ماي قوڭغۇزلىرى تۇرارگاھىنىڭ يېنىدىكى قارىغاينى زىيارەت قىلىدۇ .

پۇرسەتنى تۇتۇپ ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشىمەن ، ئۇلارنى كۆزىتىمەن . ئەركىكى ئانتېناسىنىڭ ئۇچىدىكى قاتلىنىدىغان يەلپۈگۈچىنى تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن ئېچىپ ، چىشىسى قونغان شاخقا تەكرار ئۇچۇپ بارىدۇ . ئۇلارنىڭ قارا سايىسى كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ ، گاھ ئۇچۇپ ، گاھ توختاپ سولغا ، ئوڭغا ئايلىنىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئۇدا يېرىم ئاي داۋاملىشىدۇ . ئۇلار نېمىشقا تىنىم تاپمايدۇ ؟

روشەنكى ، ئۇلار «گۈزەللەر»گە قىزغىنلىقىنى بېغىشلاپ ، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە تىنمايدۇ . ئەتىسى سەھەردە ئەركىكى بىلەن چىشىسى پاكار شاخلاردا جۈپلىشىۋېلىپ مىدىرلىمايدۇ . ئەتراپتىكى ئىشلارغا ۋە نەرسىلەرگە سەپ سېلىپ كەتمەيدۇ . ئادەم ئۇلارنى تۇتسىمۇ ئۇچۇپ كەتمەيدۇ . كۆپ ساندىكى ماي قوڭغۇزلىرى ئاغزىدا قارىغاي يوپۇرمىقىنى چىشلەپ ، ئارقا پۇتى بىلەن قارىغاي شېخىنى ئېلىۋېلىپ ، ناھايىتى رازى بولغان قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ . بەزىلىرى ، ھەتتا قارىغاي يوپۇرمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇخلايدۇ . گۇگۇم چۈش-

كەندە ئاندىن بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بوشلۇقتىكى پەرۋاز شەكىللىرىنى كۆزىتىپ ئېنىقلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، سەھەردە ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا ئۇلاردىن تۆت جۈپنى تۇتۇپ، چوڭ سىم تور قەپەسكە سولاپ قويدۇم. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن قەپەسكە قارىغاي شاخلىرىنى سېلىپ قويدۇم. ئۇزاق كۈتتۈم. ئۇلار بوشلۇقتىكىدەك پەرۋاز قىلمىدى. چۈنكى ئۇلار ئېگىز ئۇچالمايتتى. ئەڭ ئېشىپ كەتكەندە ئەركىكى جورىسىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىپ، قاتلىنىدىغان يەلپۈگۈچنى ئېچىپ، يېنىك مىدىرلىتىپ: «كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلارسەنمۇ؟» دەپ سوراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چىرايلىق رۇخسارىنى ماختاۋاتقاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەركىكىنىڭ سېھرىي كۈچى قاتلىنىدىغان يەلپۈگۈچىدە ئىدى. ئەپسۇس، چىشىسى ئۇنىڭ خۇشامىتىگە پەرۋا قىلمىغاندەك، قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. چىشىسى قەپەستىكى مەھكۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەسرەت - نادامەتتىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئالاقىنى كۆزىتىشكە ئىلاجىسىز قالدىم. ئۇلار يېرىم كېچىدە جۈپلىشىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشى پۇرسەت يېتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرالمىدىم.

ئالاھىدە قىزىققىنىم شۇكى، ياپونىيە ماي قوڭغۇزىدا مۇزىكا تالانتى بار ئىدى. ھەتتا چىشىسىمۇ ناخشا ئېيتالايتتى. ئەركىكى چىشىسىنى ناخشا ئېيتىش ئارقىلىق جەلپ قىلامدىغاندۇ؟ چىشىسىمۇ ناخشا ئېيتىپ ئەركىكىگە جاۋاب بېرەمدىغاندۇ؟ ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بىر جۈپ جورىلارنىڭ خۇشال تۇرمۇشى قارىغاي شاخلىرىدا ئۆتىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ بىرى ناخشا ئېيتسا، يەنە بىرى ماسلىشىپ، جور بولۇشىدىغاندۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ قارىغايدا بىر - بىرىگە جور بولۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلىمىدىم، سىم قەپەستىكى ناخشىلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمىدىم. گۇۋاھچى بولۇشقا ئىلاجىسىزمەن.

ماي قوڭغۇزى قورسىقىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىن ئاۋاز چىقىرىدۇ. قورسىقىنى بىر كۆپتۈرۈپ بىر يىغقاندا قورسىقىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى قالقان قانىتىنىڭ كەينىدىكى قاناتلىرى بىر - بىرىگە سۈركى-

لىدۇ ـ دە، ئاۋاز چىقىدۇ. قورساق بوغۇملىرى بىلەن قالقان قاناتقا قاراپ، ئۇلاردا ئاۋاز چىقىرىدىغان بىرەر ئالاھىدە ئەزانى كۆرگىلى بولمايدۇ. لوپائەينەك بىلەن قارىغاندىمۇ ئاۋاز چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىنچىكە سىزىقچىلار كۆرۈنمەيدۇ. قانىتىنىڭ ئىككى تەرىپى سىپسىلىق. ئەمىسە، ئاۋاز قانداق چىقىدۇ؟

بېگىز بارماقنى ھۆل قىلىپ ئەينەككە سۈركىگىنىمىزدە چىققان ئاۋاز ماي قوڭغۇزىنىڭ ئاۋازىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. كاۋچۇك سۈرتكۈچنى ھۆل قىلىپ ئەينەككە سۈركىگىنىمىزدە ماي قوڭغۇزىنىڭكىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن رىتىمنى ئىگىلىگەندە، ماي قوڭغۇزى ئېيتقان ناخشىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ماي قوڭغۇزىنىڭ بەدىنىدىكى كۆپۈپ يىغىلالايدىغان يۇمشاق قورساق قىسمى رېزىنكىگە، ھەم نېپىز، ھەم قاتتىق قالقان قانىتىنىڭ كەينىدىكى قانىتى ئەينەككە ئوخشايدۇ. دېمەك، ماي قوڭغۇزىنىڭ ئاۋاز چىقىرىش قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي.

سانى كۆپ بولمىغان قالقان قاناتلىق باشقا ھاشاراتلارمۇ ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تۇلۇقچى قوڭغۇزمۇ قورسىقىنىڭ كۆپۈپ يىغىلىشى بىلەن قالقان قانىتىنىڭ كەينىدىكى قانىتىنى سۈركەپ ئاۋاز چىقىرىدۇ.

ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنىڭ ئاۋاز چىقىرىش قائىدىسىنى بىلگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ نېمىشقا ناخشا ئېيتىدىغانلىقى يەنىلا سىر. جورا ئىزدەپ ناخشا ئېيتامدىغاندۇ؟ بۇ مۇمكىن. لېكىن، ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولسامىمۇ، ماي قوڭغۇزىنىڭ يېرىم كېچىدە ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بىر غېرىچ يېنىمدا تۇرغان سىم توردىنمۇ ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باققىنىم يوق.

ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنى ناخشا ئېيتقۇزۇشمۇ تەس ئەمەس. ئۇنى قولۇڭغا ئېلىپ ئازراق سىلاپ مىجىپ قويساڭ ناخشا ئېيتىشنى باشلايدۇ. سەن ئۇنىڭغا چېقىلمىغىچە ناخشا ئېيتىۋېرىدۇ. ئۇنى زەن سېلىپ ئاڭلىساڭ، ناخشىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدۇ. نالە قىلىۋاتقان، تەقدىرگە زارلىنىۋاتقان ئاۋازغا بەك ئوخشايدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى،

ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنىڭ دۇنياسىدا ناخشا ئازابىنى ئىپادىلەيدۇ. جىمجىتلىق بولسا خۇشاللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

كۆكرىكى ياكى قورسىقىنىڭ سۈركىلىشىگە تايىنىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان هاشاراتلارمۇ ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئۇۋۇسىدا تۇخۇم تۇغۇۋاتقان چىشى قارا چېكەتكە تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتسە قايغۇلۇق سايراپ كېتىدۇ. تۇتۇۋېلىنغان ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرايدۇ. خەۋپ ئۆتۈپ كەتسە ئۇلارمۇ جىمىپ قالىدۇ.

بەزى هاشاراتلارمۇ كۆڭۈل ئېچىش، جورا ئىزدەش، خۇشاللىقىنى تەبرىكلەش، چىقىۋاتقان ئاپتاپنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ هاشاراتلارنىڭ كۆپ قىسمى خەۋپكە ئۇچرىغاندا جىمىۋالىدۇ.

سەل - پەل نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، توقۇمىچى قۇرت ناخشا ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تومۇزغا تۇتۇۋېلىنسا، جېنىنىڭ بارىچە ئادەتتىكىدىنمۇ قاتتىق چىرقىرايدۇ. چېكەتكە[1] ناخشا ئېيتىپ هەم قايغۇسىنى، هەم خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ زادى قايغۇدىن ياكى خۇشاللىقتىن ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

هاشاراتلارنىڭ جىمىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ئۇنىڭ جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىشى رەقىبىنى قورقۇتۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر ماي قوڭغۇزى ۋە تومۇزغا خەۋپ ئالدىدا جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىسا، توقۇمىچى قۇرت خەۋپ ئالدىدا نېمىشقا جىمىۋالىدۇ؟

قىسقىسى، هاشاراتلارنىڭ چىرقىراش مەسىلىسى هازىرغىچە ئايدىڭلاشمىدى.

سىم قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ئەركەك ياپونىيە ماي قوڭغۇزى 7 - ئاينىڭ باشلىرى بۇلۇڭغا بېرىۋېلىپ، بەزىدە توپىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاستا - ئاستا قېرىپ ئۆلىدۇ. چىشىسى تۇخۇم سېلىش بىلەن بەند بولىدۇ. ئۇلار قورساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى

① چېكەتكىنىڭ تېنى يېشىل ياكى قوڭۇر بولىدۇ، سەكرەيدۇ. زىياندىش هاشارات هېسابلىنىدۇ.

ساپاندەك تۇخۇم سېلىش ئەسۋابى بىلەن توپىنى كولاپ، ئاندىن تەييارلانغان ئازگالغا كىرىۋالىدۇ. بەزىدە توپىنى قورسىقى بىلەن تەڭ قىلىۋالسا، بەزىدە بېشى بىلەن تەڭ قىلىۋالىدۇ ھەمدە تۇخۇم تۇغۇشقا باشلايدۇ. ھەربىر ماي قوڭغۇزى 20 تۇخۇم تۇغۇپ، ئۈسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغاندەك، تۇخۇملىرىنى كۆك پۇرچاقتەك چوڭلۇقتىكى تۆشۈكلەرگە بۆلۈپ كۆمۈپ قويىدۇ. تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن كارى بولمايدۇ.

بۇلاردىن ئافرىقىدىكى ئۈسۈملۈك — يەر ياڭىقى (خاسىڭ)نى ئويلاپ قالدىم. يەر ياڭىقى چېچەكلىگەندىن كېيىن، چېچىكى توپىغا كىرىپ، توپىدا مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى يىلتىز چىقىرىپ بىخ سۇرىدۇ. يۇرتىمىزدا ئىككى خىل غوزەك سالىدىغان ياۋا پۇرچاق بار. بىر خىل غوزەك يەر ئۈستىدە، يەنە بىر خىل غوزەك يەر ئاستىدا بولىدۇ. ئىككىسىلا يىلتىز چىقىرىپ بىخلىنالايدۇ. تۇپراقتا مۇئەييەن نەملىك ساقلانسا يەر ياڭىقى ۋە ياۋا پۇرچاقنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيەلەيدۇ، ئۈسۈۋېرىدۇ. بۇ ئىككى خىل زىرائەتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ماي قوڭغۇزنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

دەل - دەرەخ ياكى زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزىنى يەيدىغان ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ئائىلىسىدىكى بەزى ھاشاراتلار يېزا ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ. ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنىڭ زىيىنى مېنىڭچە ئاپەت بولالمايدۇ. ئۇنىڭ لىچىنكىلىرى چىرىگەن يوپۇرماق ۋە پور ياغاچلارنى يەپ قانائەتلىنىدۇ. يېتىلگەن ماي قوڭغۇزلىرىمۇ قارىغاي يوپۇرمىقىنىلا غاجايدۇ، بەك ئاچ كۆزلۈك قىلمايدۇ. ئەگەر قارىغاينىڭ ئىگىسى بولغان بولسام، ئۇ پەيدا قىلغان زىيانغا ئانچە پەرۋا قىلمىغان بولاتتىم. قويۇق قارىغاينىڭ ئازراق يوپۇرمىقى يېيىلىپ كەتسە چوڭ ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمايلى! ئۇ ئىسسىق كۈنلەردىكى گۈگۈمنىڭ زىننىتى، تومۇز كۈنلەردىكى ئاسمان پەردىسىنىڭ چىرايلىق بېزىكى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ تېكىستتە فابىر ئۆزىنىڭ ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ھەققىدە بەزى بايقىغانلىرىنى كۆپچىلىككە بايان قىلىپ بەرگەن. سىزنىڭچە فابىر ئاساسلىقى نېمىلەرنى بايقىغان؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بايقىيالايدۇ؟

2. مۇئەللىپ ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، باشقا ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەسىلىنى مۇشۇنداق تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بىئولوگىيىگە قىزىقىدىغان دەرستىن سىرتقى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلار قىزىقساڭلار، ئېنىقلانمىغان بىرەر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى تاللىۋېلىپ تەجرىبە قىلىپ باقساڭلار، تەتقىق قىلىپ كۆرسەڭلار بولىدۇ.

3. مەشھۇر بىئولوگ دارۋىن فابىرنى «تەقلىد قىلغىلى بولمايدىغان كۆزەتكۈچى» دەپ ماختىغان. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، بىرەر جانلىقنى كۆزىتىپ، ئاندىن كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىڭ.

4. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ ھەمدە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن بىر ئابزاسنى تاللاپ يادلىۋېلىڭ.

## 16 . (ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تېكىست تونۇشتۇرۇش)

ئوقۇتقۇچى ۋە ھەربىر ساۋاقداش دەرستىن ئىلگىرى كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن ئۆزلىرى ياخشى يېزىلغان دەپ قارىغان، ھايۋانلار تونۇشتۇرۇلغان بىر پارچىدىن ماقالىنى تاللايدۇ. تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ماقالە كەينىگە بىرنەچچە جۈملە تەۋسىيە سۆزى يېزىپ تونۇشتۇرۇشتىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە يېڭى سۆز-لەرگە ئىزاھات بېرىدۇ، بىرنەچچە ساۋاقداش بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، «ئىزدىنىش ۋە مەشىق» قە دائىر بىرنەچچە سوئال لايىھەلەپ چىقىدۇ.

بىر سان تام گېزىتى چىقىرىلىپ، ھەركىم تاللىغان ماقالە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىزاھات، لايىھەلەنگەن «ئىزدىنىش ۋە مەشىق» سوئاللىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن چاپلاپ قويىدۇ.

ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ



# بۈركۈت

بۈركۈت تارىختىن بۇيان سەلتەنەت ، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى . كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ، بۇ شەرەپتىن بەھرىمەن بولالايدىغان بۈركۈت — ئاق باشلىق بۈركۈت بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بۈركۈتى دەپ قارىلىدۇ . ئەمما باشقا يەرلەردە سىمۋول قىلىنىدىغان بۈركۈتلەر شىمالىي ياۋروپانىڭ ئاق قۇيرۇقلۇق بۈركۈتى . جەنۇبىي ياۋروپا ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاسىيانىڭ شاھ بۈركۈتى ، ئافرىقىنىڭ جەڭگىۋار بۈركۈتى ، تىنچ ئوكياننىڭ فىلىپپىن بۈركۈتى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھارپى بۈركۈتى بولۇشى مۇمكىن .

دۇنيادىكى بۈركۈتلەر 60 خىل ياكى 65 خىل دەپ قارىلىدۇ . بۈركۈت ئانتاركتىدادىن باشقا ئالتە چوڭ قۇرۇقلۇقتا ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن چوڭ ئاراللاردا ياشايدۇ . بەزى بۈركۈتلەر ، مەسىلەن ، پۈتكۈل شىمالىي يېرىم شاردا ياشايدىغان ئالتۇن بۈركۈتنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، چوڭ توپ بولۇپ ياشايدۇ . لېكىن ، ئالايلۇق فىلىپپىن بۈركۈتىنىڭ ياشاش دائىرىسى ئىنتايىن چەكلىك ، تۈر توپىنىڭ سانىمۇ ئاز . ئەمەلىيەتتە ، فىلىپپىن بۈركۈتىنىڭ ياۋايى توپلىرى بەلكىم 10 يىل ئىچىدە يوقىلىپ كېتىشى ، بۇنداق بۈركۈت تۈرلىرىنى پەقەت ھايۋانات باغچىلىرىدىلا كۆرۈش مۇمكىن .

بۈركۈت — قارچىغا ئائىلىسىگە كىرىدىغان يىرتقۇچ قۇش . جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مۈڭگۈزلۈك بۈركۈت ۋە فىلىپپىندىكى مايمۇن يەيدىغان بۈركۈت ئەڭ چوڭ بۈركۈت ھېسابلىنىدۇ . جۇڭگودا ياشايدىغان تازقارا ۋە شۇڭقارمۇ ئەڭ چوڭ بۈركۈت ھېسابلىنىدۇ .

بۈركۈت تۈرلىرى 22 خىل بىئولوگىيىلىك تەۋەلىككە ئايرىلغاچقا، بەدەن شەكلى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ھەرىكىتى جەھەتتىكى پەرقلەر ناھايىتى زور، شۇڭا نېمىنىڭ بارلىق بۈركۈتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش ناھايىتى تەس. بەلكىم بۈركۈت تۈرلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى — ئۇلارنىڭ غايەت زور بەدەن شەكلىدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بۈركۈت يىرتقۇچ قۇشلار ئارىسىدىكى بەدەن شەكلى ئەڭ زور تۈر.



بۈركۈت ئىنتايىن ئۆتكۈر كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەمەلىيەتتە، بىز دائىم «بۈركۈت كۆزلۈك» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۆتكۈر كۆزلەرنى تەسۋىرلەيمىز. كۆپ ساندىكى بۈركۈتلەرنىڭ يېمەكلىكى، ئوۋچىلىق ھاياتى سۇدا، يەر يۈزىدە ۋە دەرەخلەردە بولىدۇ. بۈركۈت تۈرلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئولجىنى تىرىك تۇتۇپ يەيدۇ، ئەمما بەزىلىرى چىرىندىخور بولۇپ، مەخسۇس تاپلارنى يەيدۇ.

بۈركۈتلەر قانچىلىك چوڭىيالايدۇ؟ قايسى خىل بۈركۈت ئەڭ چوڭ بۈركۈت تۈرىگە كىرىدۇ؟ توغرا سانلىق مەلۇمات بۈركۈتنىڭ قايسى قىسمىنى ئۆلچەشكە باغلىق. مەسىلەن، ئىككى قانات ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىگەندە، سىپراگى دېڭىز بۈركۈتىنىڭ ئىككى قانات ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە

ئىنىككى يېرىم مېتىرغا يېتىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە، سىپراگى دېڭىز بۈركۈتى بىلەن ھارپى تاز قارىسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە 8 — 9 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ. سىپراگى دېڭىز بۈركۈتىنىڭ تۇمشۇقى بولسا ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە 7.5 سانتىمېتىرغا يېقىن.

بۈركۈت تۈرلىرىنى مۇنداق تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: ① دېڭىز بۈركۈتى ۋە بېلىقچى بۈركۈت تۈرى؛ ② چوڭ تىپتىكى يامغۇرلۇق ئورمان بۈركۈتى تۈرى؛ ③ ياۋروپا بۈركۈتى تۈرى؛ ④ يىلان يەيدىغان بۈركۈتلەر تۈرى.

بۈركۈتلەر ئېگىز تاغ، كەڭ دالا، تاغ يوتىلىرى ۋە تۆپىلىكلەر، دەريا - دېڭىز ساھىللىرى، سازلىقلار ياكى ئورمانلىق ياقىسىدىكى ئوتلاق رايونلاردا ياشايدۇ. ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىغا ئۆرلىگەندە، ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ كەڭ قاناتلىرى ۋە يەلپۈگۈچسىمان قۇيرۇق پەيلىرىنى يېيىشقا ماھىر. ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەگىپ شۇڭغۇيالايدۇ ياكى تاغ چوققىلىرىدا شامالدىن پايدىلىنىپ، تۈز سىزىق بويلاپ پەسكە تېز شۇڭغۇيالايدۇ؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئەگىگەندە، ئۆتكۈر كۆرۈش سېزىمىگە تايىنىپ، يەر يۈزىدىكى ئولجىنىڭ ھەرىكىتىنى ئېنىق كۆزىتىپ، ئاندىن كۈچلۈك بارماقلىرى ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئارقىلىق ئولجىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تىتىپ يەيدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئېگىز تاغ قىيالىرى، باراقسان دەرەخ ئۇچى ياكى ئادەم ئاسان يېتىپ بارالمايدىغان چۆپلۈكلەرگە ئۇۋا سالىدۇ، ئۇنى قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى بىلەن ياساپ، ئىچىگە ھايۋانلارنىڭ يۇڭى، قۇش پەيلىرى، غازاڭ، چۆپ قاتارلىقلارنى يېيىدۇ، ئۇنى ھەرىيلى ياساپ، چوڭ قازان شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. ھەر قېتىم بىردىن ئۈچكىچە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇم بېسىش ۋاقتى 42 كۈندىن 50 كۈنگىچە بولىدۇ؛ چۈجىسى ئۇۋىدا كەم بولغاندا 55 كۈن تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئۈچ ئايدىن ئۇزۇنراق تۇرىدۇ.

جۇڭگودا تۆت خىل بۈركۈت بار: ① ئالتۇن بۈركۈت. بۇنىڭ

باش ۋە بويۇن پەيلىرى ئالتۇندەك سېرىق رەڭلىك بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. قۇرامىغا يەتكەن بۆركۈتلەرنىڭ قۇيرۇق پەيلىرى كۈل رەڭ، ئالدى تەرىپىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى قارا بولىدۇ؛ ② ئاق يەلكە بۆركۈت. يەلكە قىسمىنىڭ پەيلىرى روشەن هالدا ئالىتاغىل بولۇپ، چىشى بۆركۈتنىڭ قانات ئۇزۇنلۇقى 600 مىللىمېتىردىن يۇقىرى، ئەركەك بۆركۈتنىڭ قانات ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 530 مىللىمېتىر بولىدۇ؛ ③ يايلاق بۆركۈتى. يايلاق بۆركۈتىنىڭ بەدەن پەيلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر رەڭلىك، قانىتىدا قوش يوللۇق سۇس سېرىق داغ بار؛ ① قارا بۆركۈت بۇرۇن تۆشۈكى يۇمىلاق شەكىلدە، قۇرامىغا يەتكەن بۆركۈتنىڭ بەدەن پەيلىرى تۇم قارا بولىدۇ.

بۆركۈتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى دالا چاشقىنى، ياۋا توشقان، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا بەلگىلىك رولى بار. بۆركۈت تۈرلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، خەلقئارادا قوغدىلىدىغان يىرتقۇچ قۇشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بۆركۈتلەر خېلى كۆپ ۋە كەڭ دائىرىدە ماكانلاشقان. ئۇلار تەڭرىتاغ، پامىر تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىغا كۆپرەك تارقالغان. بۆركۈتنى قالايمىقان تۇتۇش هادىسىسى ئېغىر بولغانلىقتىن، سانى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. شۇڭا ئۇ دۆلەت تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

بۇ تېكىستتە بۆركۈت تارقىلىش ئورنى، ياشاش شارائىتى، رەڭگى، كۆپىيىشى، ئۇزۇقلىنىش ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن خېلى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. سىز تېكىستنى ئوقۇش جەريانىدا، بۇ خىل ئالاهىدىلىكنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىڭ هەم بۆركۈت هەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ.

# گۇناھكار ئېشەك

شىر، يىلپىز، ئىت ۋە ئېشەك قاتارلىقلار بىر دالىدا تۇرۇشاتتى. ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن، يامغۇردىن ئەسەر يوق. دەريالار قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئېتىزلاردا گىياھ ئۈنمىگەن.

— بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟ نېمىشقا يامغۇر ياغمايدۇ؟ نېمىشقا ئاچارچىلىق بولىدۇ؟ بىرەرىمىز گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە تەڭرى بىزنى جازالىدى بولغاي، — دەپتۇ شىر.

— توغرا، ئارىمىزدىن بىرى گۇناھ ئۆتكۈزگەن گەپ، — دەپتۇ يىلپىز.

— ئارىمىزدىن بىرى گۇناھ سادىر قىلغان گەپ، — دەپتۇ ئىت.

نۆۋەت ئېشەككە كەلگەندە، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەممىمىز ئۆز گۇناھىمىزنى دەپ باقايلى. تەڭرى گۇناھىمىزدىن ئۆتۈپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس.

شىر گەپنى مۇنداق باشلاپتۇ:

— مەن چوڭ گۇناھ قىلغان. مەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر كەنتتە بىر كەمبەغەلنىڭ كالىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى يەۋەتكەن.

باشقىلار شىردىن قورقۇپ: «ياق! ياق!، ئۇ گۇناھ ئەمەس» دېيىشىپتۇ.

يىلپىز مۇنداق دەپتۇ:

— مەن چوڭ گۇناھ قىلغان ئىدىم. مەن جىلغىدا بىر مومايىنىڭ ئۆچكىسىنى كۆرۈپ قالغان. ئېتىلىپ چىقىشىمغا موماي مېنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مومايىنىڭ ئۆچكىسىنى يەۋەتكەن

---

«ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى» 2 - قىسىم (ئەنۋەر رەجەپ، ئابدۇرېھىم راخمانلار تۈزگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى)دىن ئېلىندى. ئىنگلىزچىدىن ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە قىلدى.

ئىدىم .

— ۋاي ، ياق ! ئۇ گۇناھ ئەمەس .

ئىت مۇنداق دەپتۇ :

— بىر قىزچاقىنىڭ بىر مۇشۇكى بولۇپ ، ئۇ بۇ مۇشۇكنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى . مەن ئۇ مۇشۇكنى باسماقداپ يەۋەتكەن ئىدىم .

— ياق ، ئۇ گۇناھ ئەمەس ، — دەپتۇ باشقىلار . يوقىرىقى ئۈچى ئېشەككە بۇرۇلۇپ قاراپتۇ .

ئېشەك مۇنداق دەپتۇ :

— بىرى ماڭا مىنىپ بىر مەھەللىگە كېتىۋاتقان ئىدى . ئۇ يول ئۈستىدە توختاپ بىر بۇرادىرى بىلەن پاراڭلاشتى . شۇ چاغدا يول بويىدىكى كىچىككىنە بىر ئوتنى يېگەن ئىدىم .

— مانا ، مانا ! گۇناھ دېگەن ئەنە شۇ ! تەڭرىنىڭ نېمىشقا بىزنى جازالىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندۇق ، — دەپتۇ ئۇلار ئېشەككە قاراپ . ئۇلار تەڭلا ئېشەككە ئېتىلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ .

بۇ مەسىلىدە ھايۋانلار ئادەملەشتۈرۈلگەن ، شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزئارا پەرقى چىقىش قىلىنىپ ، ئۇلارغا مۇئەييەن خاراكتېرمۇ بېرىلگەن . نەتىجىدە ، ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگقا ، جۈملىدىن ئېشەكنىڭ تەقدىرىگە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھادىسىلەر تەبىئىي ھالدا سىڭىپ كەتكەن . بۇ ئەسەر سىزدە ئادالەت بىلەن كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش ئىستىكى پەيدا قىلىدۇ .

يېزىقچىلىق

# ھايۋانلارنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇش لازىم

ھەربىر ھايۋاندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ھايۋانات دۇنياسىنى خىلمۇخىللاشتۇرغان. مەسىلەن، تىيىن چىرايلىق، ياۋاش، ئەپچىل بولىدۇ، ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ناخشا ئېيتالايدۇ، تۆگە مۇلايىم، سەۋرچان، گەۋدىلىك كېلىدۇ.

بىز ھايۋانلارنى ئۆگىنىش ۋە تونۇشتۇرۇشتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىپ، ئوقۇرمەنلەردە چۈشەندۈرۈلگەن ھايۋانغا نىسبەتەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان روشەن تەسىر قالدۇرۇشىمىز كېرەك.

ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا ۋە جانلىق تونۇشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ قىياپىتى، ھەرىكىتى ۋە ئادىتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشىمىز، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بۇفون تىيىننىڭ چىرايى، كۆزى، بەدىنى، پۇتلىرى ۋە قۇيرۇقلىرىنى تەپسىلىي كۆزەتكەچكە، ئۇنىڭ «چىرايلىق» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن. فابىر ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنىڭ تاۋۇش چىقىرىشىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىز قوغلاپ كۆزىتىشىنى ئۇزدا نەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ، لوپا ئەينەك بىلەن ئىنچىكىلەپ قارىغان، يەنە تېخى «بىگىز بارمىقىنى نەمدەپ، ئەينەككە ئۇيان - بۇيان

سۈركەپ» ، ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىدىكى سەۋەب ئۈستىدە ئىزدەنگەن . شۇڭا ، فابىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھاشاراتلار دۇنياسى ئىنتايىن جانلىق ، ئەينەن چىققان .

1 . ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ھايۋاننى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتقان ھالدا ، ئېنىق ۋە جانلىق تىل بىلەن باشقىلارغا تونۇشتۇرۇڭ .

2 . ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ بىر پارچە ماقالە يېزىڭ ، جانلىق ، قىزىقارلىق يېزىش تەلەپ قىلىنىدۇ . ماقالە ماۋزۇسى : ئورمان دوختۇرى — تۆمۈر تۇمشۇق .

ماتېرىيال :

*تۆمۈر تۇمشۇق ئورمانلىقتا ياشايدۇ ، كىشىلەر ئۇنى : «ئورمان دوختۇرى» دەپ ئاتايدۇ .*

*تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تۆت بارمىقى بار ، 2 - بارمىقى بىلەن 3 - بارمىقى ئالدىدا ، 1 - بارمىقى بىلەن 4 - بارمىقى كەينىدە بولۇپ ، دەرەخ شېخىنى تۇتۇشقا قولايلىق ؛ تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قۇيرۇق پەيلىرى قاتتىق . دەرەخنى چوقۇغاندا ، قۇيرۇقى ئارقىلىق ئۆزىنى تىرەپ تۇرىدۇ ، بۇ خۇددى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندەك ناھايىتى راھەت بولىدۇ .*

*تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ خۇددى ئۇشكىدەك ئۆتكۈر تۇمشۇقى بار . ئۇ ھەركۈنى 500 — 600 قېتىم دەرەخ چوقۇيدۇ ، ھەرگىز بېشى قايمايدۇ ، چۈنكى باش قىسمىدا كۆچلۈك مۇسكۇل توقۇلمىسى بار ، باش سۆڭىكى سۆڭەك زىچ ماددىسى ۋە بوشتىش ماددىسىدىن تەركىب تاپقان . سىلكىنىشتىنمۇ ساقلىنالايدۇ ، مېڭىسىنىمۇ قوغدىيالايدۇ .*

*تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تىلى بەك ئۇزۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلى تەتۈر ئىلمەك بولۇپ ، ئۇنى تۇمشۇقىدىن سىرتقا چىقىرالايدۇ ، ئىلىپ تۇتۇشقا ئەپلىك .*

3 . بىر بالىلار چۆچەكنى توقۇپ ئۇنىڭدا ئورمانلىقتىكى بىر توپ ھايۋانلارنىڭ مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈۋاتقان تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى

تونۇشتۇرۇلۇش . مۇزىكا يىغىلىشىغا قاتناشقان ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلى-
كىنى يېزىشىڭىز لازىم . سىنىپ بويىچە بىر قېتىم «ھايۋانلار ھەققىدە
ھېكايە ئېيتىش يىغىنى» ئېچىلىپ ، ساۋاقداشلار ئۆزلىرى توقۇغان
ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرسۇن . «قوشۇمچە Ⅲ » دىكى «خەت - چەك-
لەردىن كۆرسەتمە »دىكى «تەكلىپنامە» شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ، سى-
نىپ ھەيئەتلىرى يىغىنى نامىدىن بىر پارچە تەكلىپنامە يېزىلىپ ،
شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى قاتنىشىشقا تەك-
لىپ قىلىنسۇن .

## ئەسەر تۈزىتىش

جۈملىنى تۈزەتكەندە ، ئەسەردىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ قالايمى-
قان ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم .
ئورۇنسىز ، ياسالما ، ئىپادىلەش مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن سۆز-
لەرنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك لازىم . مەسىلەن ، «ھايۋاناتلار»
دېگەن سۆزدە «لار» ئارتۇقچە قوللىنىلغان . چۈنكى «نات» قوشۇمچى-
سى كۆپلۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن . يەنە «مەن سىز دېگەن
گەپلەرنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇنتۇلۇش» خاتا
ئىشلىتىلگەن . ئەسلىدە «ئۇنتۇپ» دەپ كېلىشى كېرەك .

## ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

# ياۋايى هايۋانلارنى قوغداشقا دائىر بىر قېتىملىق پائالىيەت

تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلەر بىلەن تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا چەمبەرچاس باغلىنىش بولۇپ، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى هاياتلىق زەنجىرىنى هاسىل قىلغان، شۇڭا بىرەر تۈرنىڭ يوقىلىشى باشقا تۈرلەرگە چوقۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ. هەربىر تۈر چوڭ ـ كىچىك، گۈزەل ـ سەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هەممىسى قوغدىلىشى لازىم.

هازىر دۆلىتىمىزدىكى ياۋايى هايۋانلارنىڭ ئەهۋالى خەۋپ ئىچىدە. چىڭخەينىڭ خوخشىل ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان تىبەت بۆكىنىنىڭ سانى ئىلگىرىكى 10 يىل ئىلگىرىلا نەچچە يۈز مىڭ تۇياق ئىدى، هازىر 70 مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هەر يىلى 20 مىڭ بۆكەن ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ؛ چاڭجياڭ دەرياسىدا بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى 400 ئاق پالاقلىق دېلفىن بار ئىدى. هازىر 20 گىمۇ يەتمەيدۇ؛ سەهرادا ياشايدىغان شەرقىي شىمال يولۋىسىدىن پەقەت چاڭبەيشەن تېغىدىلا ئاران سەككىز يولۋاس قالغان… ياۋايى هايۋانلارنى قوغداش ئىنتايىن تەخىرسىز هالغا يەتتى!

تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش — ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشى دېمەكتۇر. ياۋايى هايۋانلارنى قوغداشقا هەسسە قوشۇش ئۈچۈن، ئىشنى ئۆز يېنىمىزدىكى ئىشلارنى قىلىشتىن باشلىشىمىز لازىم. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كې-

يىن ، بىر قېتىملىق ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلسۇن .

ئۆز ئەھۋالىڭىزغا قاراپ ، پائالىيەتنى تۆۋەندىكى تەكلىپ بويىچە قانات يايدۇرۇڭ :

1 . ئەگەر ئاشخانا ياكى ئائىلىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگەن كىشىلەرنى كۆرسىڭىز ، ئۇلارغا بۇنى تۈزىتىش ھەققىدە تەسىرات قىلىڭ ھەمدە : «×× مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەتىمنى ئاڭلاڭ» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە قىسقا ماقالە يېزىڭ .

2 . ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش توغرىسىدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭ .

ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ياشاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈڭ . قانداق ياۋايى ھايۋانلار بار ؟ قايسىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ھايۋانلار ؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى سانى قانچە ؟ ئالاقىدار تارماقلار قانداق قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغان ؟ شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭى قانداق ؟ ھازىر قانداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ ؟ بۇنىڭغا قارىتا سىزنىڭ قانداق تەكلىپلىرىڭىز بار ؟

تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، ئاددىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلىپ ، ياخشى تەكشۈرۈش دوكلاتى باھالاپ چىقىلىپ ، ئاخبارات ئورۇنلىرى ياكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا يوللاپ بېرىلىدۇ .

3 . سىنىپ بويىچە بىر قېتىم ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش باش تېما قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلسۇن .

تەشۋىقات مەزمۇنى مەركەزلىك ، كونكرېت بولۇش ؛ تەشۋىقات ئورنىنى ئەستايىدىل تاللاش ؛ تەشۋىقات شەكلى ۋە ئۇسۇلى يېڭىچە بولۇش ؛ تەشۋىقات ماتېرىيالىنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاش ؛ قاتناشقان خادىملارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولۇش لازىم .

ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى ياۋايى ھايۋانلارغا زىيان ـ زەخمەت يېتىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈرسىڭىز بولىدۇ . تەكشۈرۈش جەر-

يانىدا قانۇنغا خىلاپ هالدا ئوۋ ئوۋلاش ، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ياۋايى هايۋانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ، مېهمانخانا ، ئاشخانا ۋە قۇشخانىلاردا قوغدىلىدىغان ياۋايى هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن قورۇما تەييارلاش ، قانۇنغا خىلاپ هالدا قوغدىلىدىغان ياۋايى هايۋان ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ، ياۋايى هايۋانلارنى سېتىش قاتارلىق قىلمىشلار بارمۇ ـ يوق ، دېگەن مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىڭ .

تەشۋىقات پائالىيىتىدىن كېيىن ، ئالاقىدار ئاخبارات ئورۇنلىرىغا بىر پارچە خەۋەر يېزىڭ ، يەنە ئۆزىڭىز بىر پارچە كىچىك خۇلاسە ياكى بىر پارچە ماقالە يېزىپ ، پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ تەسىراتىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

4 . هەرقايسىڭلار ئۆز ئالدىڭلارغا قوغداشقا تېگىشلىك بىر خىل ياۋايى هايۋان (مەسىلەن ، قۇشقاچ قاتارلىقلار )نى تاللاپ ، ئىنتېرنېت توردىن ، كۇتۇپخانا ۋە قورال كىتابلاردىن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تېپىپ ، شۇ خىل هايۋاننى تونۇشتۇرۇپ ، ئۇنى قوغداشنىڭ مۇهىملىقىنى چۈشەندۈرۈڭلار . شۇ ئاساستا ، ياۋايى هايۋانلارنى قوغداشقا دائىر بىر تەكلىپنامە يېزىڭلار . تەكلىپ مەزمۇنى كونكرېت بولۇشى ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى قائىدە ۋە ئاساسى بولۇشى ، ياخشىلاش پىكرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك .




بىزنىڭ بۇگۈنىمىز ئۆتمۈش بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ھەرخىل مەزمۇندىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەرىپى.

بىزنىڭ بۇگۈنىمىز كېلەچەك بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. بىز ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن، بىزنى كەلگۈسى ھەققىدە مول تەسەۋۋۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئالغا ئىنتىلدۇرىدىغان نادىر كىتابلارنىمۇ ئوقۇشىمىز زۆرۈر.

بىز ئەقىل - پاراسىتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى بىلىمىز، لېكىن بىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىز ناھايىتى چەكلىك، ۋاقتىمىزمۇ چەكلىك، شۇڭا بىلگەنلىرىمىز ئەمەلىيەتنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىمىز بىلىش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنالمايمىز. بۇ ھال بىزنىڭ كىتاب ئوقۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىگەن. بىز سەرخىل كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇپ بىلىمىمىزنى تولۇقلايمىز، خاتالىقىمىزنى تونۇيمىز، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمىزنى كۆز ئالدىمىزدىكى مۇرەككەپ رېئاللىقنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرىمىز. شۇڭلاشقا، كىتاب ئوقۇشتىن خالىي پاراسەت ئىگىسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

دۇنيادا كىتاب بەك كۆپ، بىز ئۇلارنى تىنىم تاپماي ئوقۇساقمۇ

ـتەلمەيمىز . يەنە ياشاش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشىمىزغا ، ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . بىز يەنە كۆ-ڭۈل ئاچىمىز ، ئۇخلايمىز . بۇنىڭدىن ئايانكى ، كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش ، ئوقۇغان كىتابلاردىن تۈزۈك ئۈنۈم قازىنىش ناھايىتى مۇ-ھىم .

ئادەتتە ، مۇقاۋىسىنى كۆرۈپلا قويسا بولىدىغان كىتابلارمۇ ، مۇن-دەرىجىسى ۋە قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇپ قويسا بولىدىغان كىتابلار-مۇ . بىرقانچە بابلىرىنى پايدىلىنىش يۈزىسىدىن كۆرىدىغان كىتابلارمۇ بار ، بىرەر قېتىم ئوقۇپ قويسا بولىدىغان كىتابلارمۇ بار . بەزى كىتابلار باركى ، تەكرار ـ تەكرار ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ . يەنە بەزى كىتابلارمۇ باركى ، ئۇلارنى ھەمىشە ھەمراھ قىلىمىز ، ئۇلار ئارقىلىق قايتا ـ قايتا ئويلىنىمىز ، ھايات يولىمىزنى توغرا نىشانغا سالىمىز . دېمەك ، كىتاب ئوقۇشىمىزنىڭ ئۇسۇلىنى ئاشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بېكىتىمىز . كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆز-گەرمەس ئۇسۇلى بولمايدۇ ، ئۇنى سىز ئۆزىڭىز تاللايسىز .

قەدىمكى زامانلاردىن قالغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ، سىز ئالدى بىلەن دۇچ كېلىدىغان مەسىلە كونا سۆز ـ ئىبارىلەرنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدۇر . ئەگەر سىز سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىگىلىيەلمىسىڭىز ، مەزمۇنىنىمۇ خاتا چۈشىنىسىز ، نەتىجىدە كىتاب-تىن ئېلىشقا تېگىشلىك پايدىدىن قۇرۇق قالىسىز ، ھەتتا ئۇ سىزنى خاتا ئوي ـ ھەرىكەتكە باشلاپ قويىدۇ . بۇنى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى رۇس يازغۇچىسى ۋىلادىمىر نابوكوفنىڭ «ياخشى ئوقۇرمەننىڭ يېنىدا سۆزلۈكلەرنى چۈشەندۈرىدىغان لۇغەت بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ . سۆزلۈكلەرنى پىششىق ئىگىلەش بىزنىڭ تىلى-مىزنى بېيىتىپ ، ئىپادىلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرىدۇ .

# تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

بۇ نۇۋەت سىزگە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، تاتار، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ۋە ئەرەب، پارس، ھىندى خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شۆھرەتلىك كىتاب «كەلىلە ۋە دىمنە» تونۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتاب ئەقىل - پاراسەت قامۇسى سۈپىتىدە خان - پادىشاھلارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلارنىڭ مۇلاھىزە پىلتىسىگە ئوت ياققان، دۇردانە سۆزلەرنىڭ كانى سۈپىتىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى تالاي ئەدىبلەرنىڭ تىل مەكتىپى بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، روزى سايىت قاتارلىق نامايەندىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قەلەمىنى بۇ كىتابنىڭ خاسىيەتلىك سۈيىدە سۇغارغان.

بۇ كىتابنىڭ بالىلار نۇسخىسى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، تولۇق نۇسخىدىكى بالىلارغا باب كېلىدىغان مەزمۇنلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ھاياتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار، ياخشى - يامان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايەتلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، سىزدە تەبىئىي قىزىقىش قوزغايدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» كىتابىنى ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ:

1. بۇ كىتابنى باشتىن - ئاخىر ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشقا ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىش كېرەك.

2. بۇ كىتابتا ھېكايىدىن ھېكايە، بىر تېمىدىن يەنە بىر تېما تۇغۇلىدۇ، شۇڭا ھەرقايسى ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى تەپسىلاتلارنى، ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

3. كىتابىڭىزغا نەشرىيات سۆزىنى ئوقۇپ، ئەسەر ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولۇڭ.

4. ھەربىر ھېكايە ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭدا تۇرمۇشقا ئائىت قاندىقى كۆزقاراش ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقاڭ ۋە ئۇنىڭدىكى قاملاشقان تەسۋىر، چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلەرنى خاتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ.

### مۇھاكىمە

1. كىتابىڭىزغا ھەربىر ھېكايەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا قانداق ھايۋان ۋە قانداق ئىشلارنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىڭ.

2. سىز بۇ ئەسەردىن ئۇچراتقان ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ بېقىڭ.

3. تۆۋەندە «كەلىلە ۋە دىمنە»دىن ئېلىنغان ئىككى چاتما ھېكايە بېرىلگەن. سىز ئۇلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ھەقىقىتى توغرىسىدا ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ. چۈشەنمىگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى لۇغەتلەردىن ئاختۇرۇپ بىلىۋېلىڭ. مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئۇچراتسىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈڭ.

## ۋاپادارلىق ۋە ئىناقلىق ھەققىدە ھېكايە

شۇ ئەسنادا ھۇمايۇن پالىنىڭ بىر دەرەخكە نەزىرى چۈشتى. بۇ دەرەخ قېرىلىقىدىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، خۇددى غازاڭ تۆككۈچى بورانغا ئۇچرىغان شاختەك شۇمشەيگەن، قېرىپ كەتكەنلىكىدىن ماغدۇرى قالمىغان بوۋايلاردەك مۈكچەيگەن، ھادىسىلەر ئوتۇنچىسىنىڭ پالتىسى ئۇنى كېسىشكە تەييارلانغان ۋە روزىغار ياغاچچىسىنىڭ ھەرىسى ئۇنىڭ

ئەزالىرىنى پارە ـ پارە قىلىش ئۈچۈن چىشلىرىنى بىلىگەن بىر دەرەخ ئىدى.

ياش چاغدا دەرەخ خۇددى گۈزەل قىزدەك تۇرار باغدا،
رەھىم قىلماي كېسەر باغۋەن دەرەخنى قېرىغان چاغدا.

ئۇ دەرەخنىڭ ئىچى دەرۋىشلەرنىڭ كۆكسىدەك كاۋاك بولغانلىق-تىن، بىر توپ ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىنى جاي قىلىۋالغان ئىدى. پادىشاھ ھەرىلەرنىڭ غۇۋغاسىنى كۆ-رۈپ ۋەزىرىدىن:

— بۇنداق تېز ئۇچىدىغان جانۋارلارنىڭ بۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ بىلى باغلاقلىقلىرى كىمنىڭ پەر-مانى بىلەن بۇنداق يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۇچۇشۇپ تەرەددۇت قىلىشىپ يۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.



— ئەي بەختلىك پادىشاھ! بۇلار پايدىسى كۆپ، لېكىن زىيىنى ئاز بولغان بىر گۇرۇھ. يارىتىلىشتىنلا لاتاپەت ۋە پاكلىقلىرىدىن ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن تائەت ـ ئىبادەت كەمىرىنى بېلىگە مەھ-كەم باغلىغان ھالدا تەرەددۇت قىلىشىپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بىر پادىشا-

ھى بار. ئىسمى يەئسۇپ. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بۇلاردىن چوڭراق. ئۇنىڭ ھەيۋىتى ۋە غەزىپىدىن قورقۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنۇشىدۇ. ئۇ مۇمدىن ياسالغان تۆت بۇرجەكلىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرى، ئىشىك ئاغىسى، ياساۋۇللىرى، پاسىبانلىرى، نائىپلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بار. ئۇلارنىڭ پەم-پاراسەت ۋە زىرەكلىكى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلار ھەر بىرى ئۆزى ئۈچۈن مۇمدىن ئالتە بۇرجەكلىك ئۆي ياسىشۇالغان. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپلىرى بىر-بىرى بىلەن بابباراۋەر، بىرى ئېگىز، بىرى پەس ئەمەس. ھەرقانداق كامىل ئۇستىلارمۇ تاناپ، چۆپگەز ۋە شەيتان ئىشلەتمەي ئۇلاردەك چىرايلىق ئىمارەتلەرنى بىنا قىلالمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ رەسىم-قائىدىسى شۇكى، ئۆيلىرى ياسىلىپ پۈتكەن چاغدا، ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ. پادىشاھ: «ھەي تاۋابىئاتلىرىم! ئەمدى تاغ ۋە ئورمانلىقنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىشىپ ئوتلاڭلار. شۇنداق پاكىز بولۇڭلاركى، لاتاپەتلىك ئاغزىڭلارنى كاساپەتكە يېقىن كەلتۈرمەڭلار، پاك جىسمىڭلارنى نىجاسەت بىلەن بۇلغىماڭلار» دەپ قاتتىق تاپىلاپ، ئۇلاردىن ۋەدە ئالىدۇ. ئۇلار شۇ ۋەدىسى بىلەن بىرىپ خۇشبۇي گۈل ۋە پاكىز چېچەكلەرگە قونۇپ ئۇنىڭدىن ئىشتىھاسىغا لايىق يەپ قايتىدۇ- دە، خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن يېگەن ئوزۇقلىرى قورسىقىنىڭ ئىچىدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق پاكىز ۋە خۇشبۇي بىر شەربەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇ شەربەتنى ھېلىقى ياسىغان ئۆيىگە كىرىپ، ئاغزىدىن قۇسۇپ جۇغلايدۇ. ھېكمىتى ئىلاھى دورىخانىسىدا ياسالغان بۇ نەرسە خالايىقلارنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىگە داۋا بولىدىغان ھەسەل دېگەن شىپالىق دورىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەرقاچان ئۇلار ئوتلاقتىن يېنىپ پادىشاھ دەرگاھىغا قايتىپ كەلسە، ياساۋۇللار ئۇلارنى پۇراپ باقىدۇ. ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرۇپ، پاك نەرسىلەرگە قونۇپ، خۇشبۇي چېچەكلەردىن يېگەن بولسا، ئۇنى ئالتە بۇرجەكلىك ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ئۈچۈن ماڭا بەرگىن قول،
قىلمىغىن خىلاپ ئەسلا، ئۆز ۋەدەڭدە مەھكەم بول.

ئەگەر ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي ناپاك ۋە بەدبۇي نەرسىلەرنى يېگەن بولسا ، ياساۋۇللار يول بەرمەي ، ئەكسىچە ئۇلارنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلايدۇ . ئەگەر ياساۋۇللار بىپەرۋالىق قىلىپ مۇبادا ئۇ بەدبۇي پۇراق ئۆيگە كىرگەن بولسا ، پادىشاھ ۋە ۋەزىر خەۋەر تاپىدۇ ـ دە ، ئالدى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلمىغان ياساۋۇلنى ، ئاندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزغان بىئەدەپ ھەردىنى ئۆلتۈرۈپ ، باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بىپەرۋالىق قىلماسلىقلىرى ئۈچۈن ئىبرەت قىلىدۇ . ئەگەر بىرەر يات ھەرە ئۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولسا ، ياساۋۇللار ئۇي ئىشىكىدىن كىرىشنى مەنئى قىلىدۇ . ئەگەر يانغىلى ئۇنىمىسا ئۆلتۈرىدۇ . خەۋەرلەردە پادىشاھ جەمشىت ياساۋۇل ، پاسىبان ، مەھرەم ، نائىپلارنى تەيىنلەشنى ۋە تەختتە ئولتۇرۇش قاتارلىق پادىشاھلىق ئىشلىرىنى ھەسەل ھەرىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە بىرىپ ـ بىرىپ كامالەتكە يەتكەن دېيىلىدۇ ،— دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى خوجەستەراي .

ھۇمايۇن پال خوجەستەرايدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەرىلەرنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى كۆرمەكچى بولدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخنىڭ قېشىغا بىرىپ ، ھەرىلەرنىڭ بارگاھلىرىنى ، ئۇلارنىڭ بىرىش ـ كېلىشلىرىنى ۋە پادىشاھىغا مۇلايىملىق بىلەن خىزمەت قىلىشلىرىنى بىر پەس تاماشا قىلدى . ھەرىلەر بولسا ئاللاتائالانىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ ، خۇددى سۇلايمان پادىشاھقا ئوخشاش ھاۋا ئېتىغا مىنىپ ، پاكىز گۈللەرنىڭ شىرنىسى بىلەن ئوزۇقلىنىپ ، پاكىز ئۆيلەرنى ياسىشقا ۋالغان بولۇپ ، ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن كارى يوق ئىدى ۋە بىر ـ بىرىگە ئازار بېرىشمەيتتى .

ھەممىسى كەمبەغەل ، لېكىن دۆلەتمەن ،
ئۇلۇغدۇر ، كۇچلۇكتۇر كىچىكلىك بىلەن .

— ھەي خوجەستەراي ، — دېدى پادىشاھ ، — بۇلارنىڭ نەشتەرلىرى تۇرۇپ ، بىر ـ بىرىگە ئازار بېرىشمەيدىكەن ، بەلكى نەشتەرلى-

رىدىن شېرىن - شەربەت چىقىرىدىكەن. گەرچە كۆرۈنۈشتە كىشى شۈركەنگۈدەك بولىسىمۇ، ئۆزئارا ناھايىتى مۇلايىم ئىكەن. ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولارنىڭ ئەكسىچە بىر - بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، بىر - بىرىنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان ئىشلار بار. ئۇ ھال ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

كۆرۈڭ، بۇ ئاجايىپ جاھاننىڭ ئىشى،
خاتىرجەم ئەمەستۇر كىشىدىن كىشى.

— ئەي، ئالەم پاناھ شاھ! — دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى ۋەزىر، — كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ جانۋارلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەت ۋە مىجەزدە يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرى بولسا بىر-بىرىگە زىت ۋە خىلاپ كېلىدىغان مىجەزدە يارىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر بىلەن زۇلمەت ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئېسىللىق ۋە پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىمدە بىر ئالاھىدە مىجەز پەيدا بولغان.

* * *

— بۇ سۆزلەرنى ياخشى ئېيتتىڭ. پەرقلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردىڭ، — دېدى پادىشاھ، — مېنىڭ پىكرىمچە، ھەربىر ئادەم باشقىلارغا ئارىلاشماي يالغۇز ئولتۇرسا، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشمىسە، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقىرىقىدەك ھەرخىل يامان سۈپەتلەردىن خالاس تاپالىشى مۇمكىن. ئىلاجى بار، بىر بولۇڭدا خاتىرجەم ئۆتكەن ياخشى. مەن «كىشىنىڭ ھۇزۇرى يالغۇزلۇقتا، پاراغىتى خىلۋەتتە» دەپ ئاڭلىغان ئىدىم.

ھەزرىتى پادىشاھى ئالەمنىڭ بايان قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى خوجەستەراي، — ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ سۆھبىتى كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان ۋە تەشۋىش پەيدا قىلىدىغان بىر

مەۋەب . ئەمما دۇنيادىن ۋە ئادەملەردىن قېچىش ياخشى ئادەت ئەمەس ،
دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدىن مەلۇم بولىدۇكى ، سۆھبەتنىڭ پايدىسى
خىلۋەتنىڭ مەنپەئىدىن كۆپرەك . ئاللاتائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىنى-
سانلارنى بىر - بىرىگە موھتاج ۋە بىر - بىرىگە لازىم قىلىپ ياراتقان
تۇرسا ، كىشىلەرگە خىلۋەت ، تەنھالىق قانداق راۋا بولسۇن ؟ ئادىمى-
زاتنىڭ تەبىئىتى تەبىئەت مەدەنلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچ-
ۈن بىر - بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن ياردەم
تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ . مەسىلەن ، ئەگەر كىشى تائام پىشۇر-
ماقچى بولسا ، يا بىر كىيىم كىيمەكچى بولسا ، ئاۋۋال قازان ياسىشى
ۋە كەتمەن سوقۇشى كېرەك بولىدۇ . شۇڭا ، لاي ئېتىپ بىر قاچا
ياساپ ، ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ ، كەكە سوقۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتۇن
كېسىپ ، ھەر ئىشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىش لازىم بولىدۇ . قازان
ۋە كەكە سوقۇشقا بولقا ، سەندەل ، كۆررەك ۋە كۆمۈر كېتىدۇ .
ئاددىيسى كۆررەك ياساش ئۈچۈنمۇ تېرە ئەيلەش كېرەك . تاغقا بېرىپ
كۆمۈر كۆيدۈرۈپ ئېلىپ كېلىشكە تاغار توقۇش كېرەك . تاغار توقۇش
ئۈچۈن يۇڭ تېپىپ ، ئۇنى ئېشىش كېرەك ، يۇڭ تېپىش ئۈچۈن قوي
ياكى تۆگە بېقىش كېرەك . قىسقىسى ، ئەنە شۇنداق ئادەم بىر كىمنىڭ
ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇرۇپ يا
يېيەلەيدۇ ، يا يېيەلمەيدۇ . ھەتتا بەزى ئىشلارنى قىلالمايدۇ . شۇڭا ،
زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىر كىم قازان ياسايدۇ ، بىرى كەكە سوقىدۇ ،
بىرى كۆمۈر كۆيدۈرىدۇ . ئالاھەزەل قىياس ، ھەر كىم بىر ئىشقا
مەشغۇل بولۇپ ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى باشقىلارغا بېرىپ ، بىر
ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ھايات كەچۈرگەچكە ،
ھەرقانداق ئىش ئاسانلىق بىلەن ھەل بولىدۇ . ئادەملەر بىر - بىرىگە
زۆرۈر . يالغۇزلۇق بىلەن ھېچ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ . مانا
بۇلار ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى ، بىر-
لەشمىسە ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ . شۇڭا ، تەنھا ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە تەنھا
ئولتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق . خۇددى «جامائەت — رەھمەت»

دېگەنگە ئوخشاش .

تۈت جەمئىيەت ئېتىكىنى ، ئىشلىگىن ،
يالغۇزلۇقتا ھېچ ئىش ئەسلا پۈتمىگەي .

— ھېكمەتلەرنىڭ خۇلاسىسى ۋە ئەقىللەرنىڭ مېغىزىنى بايان قىلدىڭ . لېكىن ، بىر پىكىر كۆڭلۈمگە كېلىۋاتىدۇكى ، ئادەملەر بىر - بىرىگە موھتاج بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشلىرىدىن ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ . چۈنكى بەزىسى بەزىسىدىن كۈچلۈك بولغاچقا ، باشقىلىرىنى يېڭىشنى خالايدۇ . بەزىلىرىنىڭ كۈچى ۋە پۇلى بولغاچقا ، ئۇلار باشقىلارنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىشنى ، باشقىلارنىڭ ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى خالايدۇ . مانا شۇنداق ئىشلار جېدەلگە سەۋەب بولۇپ ، ئاخىر ئۇرۇش پەيدا بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى پادىشاھ .

ئۇرۇش ئانداق سالۇر ئوتلار جاھانغا ،
ئۇ ئوتتىن كۆيگۈسى بۇ بارچە ئالەم .

— ئەي ، ئالەم پاناھ شاھىم ! — دېدى ۋەزىر ئۇنىڭغا ، — بۇ ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن شۇنداق بىر تەدبىر بېكىتىلگەن ، يەنى ھەربىر ئادەم ئۆز ھەققىگە قانائەت قىلىپ ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىدىن تەمە قىلماسلىقى ، كىشىلەرگە زۇلۇم سالماسلىقى ۋە تەئەددى قىلماسلىقى لازىم ، مانا بۇ تەدبىر سىياسەت دەپ ئاتىلىدۇ . سىياسەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بولسا ئادىللىقتۇر . ئادىللىق — ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى .

يۇقىرىقى تېكىستنىڭ بېشىدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۆم، ئىناق، ئىنتىزامچان تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق ئادىل پادىشاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەر تەرەپلىمە پايدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھەسەل ھەرىسى ساپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن گۈل - چېچەكلەردىن شىرنە يىغىدىغان پاكىز تەبىئەتلىك، پادىشاھىغا سادىق جانىۋار. ئۇلار باشتىن - ئاياغ تەرتىپكە رىئايە قىلىدۇ، نىجىس نەرسىلەرگە ھەرگىز-

مۇ يولۇقمايدۇ، يات ھەرىلەرنىڭ ئۆز ئۇۋىسىغا ئۇسۇپ كىرىشكە قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئادەملەرچۇ؟ ئادەملەر ھوقۇق، شان ـ شۆھرەت، مەنپەئەت تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن زىتلىشىپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشماي تەنھا ئۆتۈشى كېرەكمۇ؟ تېكىستنىڭ كېيىنكى قىسمىدا دەل مۇشۇ سوئالىمىزغا چوڭقۇر مەنىلىك جاۋاب بېرىلگەن. تېكىستتە «ھەرقانداق ئادەم بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز پۈتۈن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم ئاش پىشۇ-رۇپ يا يېيەلەيدۇ، يا يېيەلمەيدۇ» دېيىلگەن. بىلىشكە بولىدۇكى، ئادەم ھۆر، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشمىسا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ۋە ئۇ جەمئىيەت-تىكى قانۇن، تۈزۈم، ئېتىقاد، مۇئامىلە يوسۇنلىرى كېلىپ چىققان. دېمەك، ئادەم ھايات ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەرخىل توسالغۇلارنى يېڭىدۇ.

1. تېكىستنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا «ئادەملەر پادىشاھلىق ئىشلى-رىنى ھەسەل ھەرىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە بېرىپ ـ بېرىپ كامالەتكە يەتكەن» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار. سىز بۇ خىل قاراشقا قوشۇلام-سىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

2. «ئادەمزاتنىڭ تەبىئىيتى تەبىئەت مەدەنىلىرىدىن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە قوشۇلماققا مايىل كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن ياردەم تىلەشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ.» سىزنىڭچە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىن بۇ سۆزلەرگە ماس كېلىدىغان مىساللار-نى تېپىشقا بولامدۇ؟

## كىتاب ھەققىدە

«كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق بۇ كىتاب قەدىمكى ھىندى ئەدەبىي تىلى بولغان سانسكرىت تىلىدا مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە رەسمىي كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ مەزگىللەردە بۇ كىتاب «بەشنامە» دەپ ئاتىلىدىغان مەسەل ـ چۆچەكلەر توپلىمى ئىدى. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن:

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين[1] دەپ ماكىدونىيىلىك كاتتا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ شۇنچە يىراق يەرلەردىن كېلىپ، ھىندىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ئىكەن. ئۇ ھىندىستانغا ھىندىلاردىن بولمىغان بىر كىشىنى ھۆكۈمدار قىلىپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ھىندى خەلقى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ ۋە بۇرۇنقى پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان دابشلىم دېگەن كىشىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپتۇ. لېكىن، پادىشاھ قوشنا ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، مۈلكى زىيادە بولغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، خەلققە زۇلۇم سالىدىغان بولۇپتۇ، ئۆزى بولسا كەيپ ـ ساپا بىلەن بوزۇپ ـ چېچىپ ياشايدىكەن.

ئەنە شۇ زامانلاردا بىدپاي ئىسىملىك بىر بىلىملىك كىشى ئۆتكەن بولۇپ، پادىشاھنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ناھايىتى ئىچى پۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ دائىم سۈكۈت قىلىۋېرىشكە ۋىجدانى چىدىماي، پادىشاھ ئوردى-

---

[1] ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 356 ـ يىلى ماكېدونىيىدە تۇغۇلغان. يەنە بىر ئىسمى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى. ئۇ 20 يېشىدا شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. زور ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلىپ غايەت زور ئىمپېرىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 323 ـ يىلى 33 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئىمپېراتور ۋە ھەربىي ئالىم.

ىسغا بېرىپ ، تەسىرلىك باياىلار ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بىلەن نەسىھەت قىپتۇ . پادىشاھ بىدپاي ھەكىمنى زىندانغا سولاپتۇ . كېيىن ، پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشقا يۈز تۇتۇپتۇ ـ دە ، پادىشاھنىڭ ئېسىگە بىدپاي ھەكىم كېلىپ ، ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپتۇ ھەم ئۇنى نۇرغۇن ئۆزرە ۋە ئىنئاملار بىلەن ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ . بىدپاي ھەكىم خەلق ئىچىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتلەرنى ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ۋە سۆھبەت تەرىقىسىدە بايان قىلىپ ، پۇختا ، ئادىل سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بوپتۇ . ئۇنىڭ ئېيتـ قانلىرىدىن «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ ئانا نۇسخىسى پەيدا بوپتۇ . ئېيـ تىلىشىچە ، «ئىزوپ مەسەللىرى»دىكى نۇرغۇن ھېكايەتلەر «كەلىلە ۋە دىمنە»دىكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن . بۇ كىتاب ئەرەبلەرگە تارقالـ غاندىن كېيىن ، «مىڭ بىر كېچە»نىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان دېگەن گەپمۇ بار .

بۇ كىتاب ئىران پادىشاھى نۇشىرۋاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە پەھلىۋى تىلى (قەدىمكى پارس تىلى)غا تەرجىمە قىلىنغان ، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . 1717 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر خانى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ، موللا مۇھەممەت تۆمۈر دېگەن ئالىم بۇ كىتابنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان . بۇ كىتابنىڭ بۈگۈنكى تىل ـ يېزىقىمىزدىكى تولۇق نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نېمەتۇللا ئەبەيدۇللانىڭ تەييارلىشىدا 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان .

كىتابتا ھەرخىل ئۇچار قاناتلار ۋە ھايۋانلار پېرسوناژ قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار جەمـ ئىيىتىدىكى ئىشلاردۇر . كىتابتا سەممىيلىك ، دوستلۇق ، ئىتتىپاقـ لىق ، نادانلىق ، تەدبىر ، مۇكاپات ۋە جازا ··· دېگەندەك تېمىلار بويىچە ئاجايىپ ھېكايىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇستىلىق بىلەن گىرەلەشتۇرۇلـ گەن .

كىتاب بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادىكى 40 تىن ئارتۇق مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان .

# يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1. يۇقىرىدا بېرىلگەن تېكىستتە «ئەگەر بىر كىشى بىر قازان ئاش ئەتمەكچى ياكى بىر قۇر كىيىم كىيمەكچى بولسا» دەپ بايان قىلىنىپ بىر قازان ئاش ئېتىشنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتى تەسۋىرلىنىپ، بىر قۇر كىيىم كىيىشنىڭ تەپسىلاتى سۆزلەنمىگەن. سىزنىڭچە بىر قۇر كىيىم كىيىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ تەپسىلىي سۆزلەپ بېقىڭ. بۇ جەرياندا نېمىنى ھېس قىلغانلىقىڭىزنى قوشۇپ سۆزلەڭ.

2. بىزدە «ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە قەرزدار»، «مەن ھەممە ئۈچۈن، ھەممە مەن ئۈچۈن» دېگەن قاراشلار بار. سىز بۇ قاراشلارنى يۇقىرىقى تېكىستتىكى بىر قازان ئاش ئېتىش مەسىلىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

3. يۇقىرىقى تېكىستتە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشتەك ئالاھىدە تەبىئىيتى تىلغا ئېلىنغان. سىزنىڭچە ئادەملەرنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇشى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭكىگە يېتەمدۇ ـ يەتمەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار.

4. تېكىستتە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. سىز بۇنىڭدىن ۋۇجۇدىنى نەپسانىيەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن بىر قىسىم كەشلەرنىڭ ساختا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ ئىستېمالچىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىدەك قىلمىشىنى قانداق چۈشىنىسىز. كېلەچەكتە ئۆزىڭىز بىر كارخانىچى بولۇپ قالسىڭىز، ھەسەل ھەرىسىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلالامسىز؟

5. بۇ تېكىست تىل ئىشلىتىش جەھەتتە گۈزەل، يېقىملىق، تەسۋىرلىرىنىڭ تارتىملىق بولۇشى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. سىز بۇ ئىككى پارچىدا ئۆگىنىپ ئۆتكەن قانداق ئىستىلىس-

تىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ .

6 . بىر ھېكايە سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ ، «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن كىتابتا سۆزلەنگەن قىسقا ھېكايىلەردىن ھەربىرىڭلار بىردىن سۆزلەڭلار . كىم ئەڭ جانلىق ، راۋان ، تەسىرلىك سۆزلىيەلەيدۇ ، باھالاپ بېقىڭلار .



# ئاخبارات ۋە ئۇچۇر

ئىنسانلار ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويماقتا. كومپيۇتېر، تور قاتارلىقلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تېزلىك بىلەن كىرمەكتە. ئۇچۇر تارقىتىش بىزدىن تۈرلۈك ئاخبارات ژانىرلىرىنى پىششىق بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بۆلەكتە بىز جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخىدىكى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىشلار ھەققىدىكى بىرقانچە خەۋەر ۋە نۇتۇقنى ئوقۇيمىز، جەنۇبىي قۇتۇپنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ناخشىسىنى ئاڭلايمىز، «خىرىسچى» ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ پارتلاپ كېتىشى پەيدا قىلغان زىلزىلىنى ھېس قىلىمىز، شياڭگاڭنىڭ 100 يىل ئۆتكەندە ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدەك زور ۋەقەدىن ۋاقىپ بولىمىز. بۇ تېكىستلەر بىزگە دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى ۋە مول تەسەۋۋۇرلارنى ئاتا قىلىدۇ.

# 17 . ئۇلۇغ تراگېدىيە

ستېفان زىۋېگ[1]

*قار - مۇز بىلەن قاپلانغان جەنۇبىي قۇتۇپ بىر تۆر-*
*كۈم باتۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى جەلپ قىلدى . نورۋېگى-*
*يىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئامىنسون بىلەن ئەنگلىيىلىك*
*ئېكسپېدىتسىيىچى سكوت 1911 - يىلى جەنۇبىي قۇتۇپتا*
*كومىدىيىلىك ھەم كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئېلىشىشنى*
*قانات يايدۇردى . تېكىستتە شۇ قېتىمقى ئېلىشىشتىن كې-*
*يىن ، مەغلۇپ بولغان سكوت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قاي-*
*تىش سەپىرىدە پاجىئەلىك ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلغان .*
*ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئويلاپ بېقىڭ : بۇ يەردە غالىبى-*
*يەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە قانداق تەبىر بېرىش كېرەك ؟*

1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سكوت ھەمراھلىرى بىلەن
مىسلىسىز گۈزەل مەخپىيەتلىكنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن
ئېخمۇ بالدۇر يولغا چىقتى . تەقەززالىق تۇيغۇسى ئۇلارنى ئۇخلاش
خالتىسىدىن سۆرەپ چىققانىدى . قەتئىي بوشاشمايدىغان بۇ بەش ئادەم
چۈشكىچە 14 كىلومېتىر ماڭدى . ئۇلار ئىنىس - جىن يوق قارلىقتا

[1] ستېفان زىۋېگ (1881 — 1942) . ئاۋىستىرىيىلىك يازغۇچى . ئۇنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى تەرجىمىھال (بىئوگرافىيە) ئەدەبىياتى ۋە پروزا ئىجادىيىتى جەھەتلەردە ئىپادى- لىنىدۇ . ئۇنىڭ «ناتونۇش ئايالدىن كەلگەن خەت» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان . بۇ تېكىست «ئىنسانىيەت يۇلتۇزلىرى چاقنىغاندا» ( سەنلىيەن نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى )دىن ئازراق قىسقارتىپ ئېلىندى .

يۇكسەك قىزغىنلىق بىلەن كېتىپ باراتتى ، چۈنكى كۆزلىگەن يەرگە ئەمدى يېتىپ بېرىشتا گەپ يوق ، ئىنسانىيەت ئۇچۇن قىلىنغان ھەل قىلغۇچ ئىش گويا تاماملانغاندەك قىلاتتى . لېكىن ، ھەمراھلاردىن بورس تۇيۇقسىز بىئارام بولۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكسىز قارلىقتىكى كىچىككىنە قارا چېكىتكە تىكىلگەنىدى . ئۇ بۇ يەرگە بىرى يول بەلگىسى قاداپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن پەرىزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . شۇ تاپتا باشقىلارمۇ ئەندىشە بىلەن شۇنى ئويلاپ يەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ ، خۇددى روبىنزون قاقاس ئارالدا يوچۇن ئىزنى كۆرگەندە «بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغاندەك ، ئىمكانقەدەر ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى ، ئامىنسون باشچىلىقىدىكى نورۋېگىيىلىكلەر بۇ يەرگە ئۇلاردىن بالدۇر كېلىپ بولغان .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇلار قارلىقتا چاڭغا تايىقى سانجىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈشتى . تاياققا قارا بايراق باغلاپ قويۇلغانلىقىنى ، ئەتراپتا باشقىلار تىككەن بارگاھ ئىزلىرى — چاڭغا ۋە نۇرغۇن ئىتلارنىڭ ئىزلىرى بارلىقىنى كۆردى . بۇ رەھىمسىز پاكىت ئالدىدا ، ئامىنسوننىڭ بۇ يەردە بارگاھ تىككەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ئورۇن قالمىدى . ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن ياكى كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان جەنۇبىي قۇتۇپنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە — بىر ئايدا كىشىلەر ئىككى قېتىم كۆردى .

بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى . ئۇلار ئىككىنچى تۈركۈمدە كەلگەنلەر بولۇپ ، پەقەت بىر ئاي كېچىكىپ كەلگەنىدى . ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى نەچچە مىليون ئايلار بىلەن ھېسابلىغىلى بولسىمۇ ، لېكىن ھازىر كېچىككەن بىر ئاي تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى . ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تۇنجى يېتىپ كەلگۈچى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ ، ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگۈچى ھېچنىمىگە ھېساب بولمايدۇ . ھەممە تىرىشچانلىق ئاۋارىچىلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ ، باشتىن كەچۈر-

گەن سانسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ . نەچچە ھەپتىلەپ ، ئايلاپ ، يىللاپ كۈتكەن ئۈمىدلەرنى تەلۋىلىك دېيىشكە بولىدۇ . «كۆڭۈلسىز جەبرى ـ جاپالارنى ، تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈردۇق ، تالادا يېتىپ ـ قوپتۇق . بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن ؟ مۇشۇ ئارزۇلار ئۈچۈن ئەمەسمىدى ، لېكىن بۇ ئارزۇلار ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگىدى » — سكوت خاتىرىسىگە شۇنداق دەپ يازدى . كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى . ھېرىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ ، بۇ كۈنى كېچىسى ئۇلار يەنە ئۇخلىيالمىدى . ئۇلار گۇناھىغا جازا ھۆكۈم قىلىنغاندەك ئۈمىدسىزلەندى . ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارىدىغان ئازراق مۇساپىدە كۆڭلى غەش كېتىپ باراتتى . ۋاھالەنكى ، بۇرۇن ئۇلار ئۇ يەرگە ھۇررا توۋلاپ ئېتىلىشنى ئويلىغانىدى . ھازىر بولسا ھېچكىممۇ باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىمايدۇ ، پۈتىنى سۆرەپ ئالغا ماڭاتتى . دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ۋە ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار بۇ يەرگە تۇنجى بولۇپ كەلگەنلەر بولمىغاچقا ، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرالمىدى . ئۇلار كۆڭلىنى زېدە قىلغان بۇ يەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى . «بۇ يەردە ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ . ئادەمنى قورقۇتۇپ شۈركەندۈرۈۋېتىدىغان نەچچە كۈن بۇرۇنقى مەنىسىزلىكتىن ھېچقانداق پەرقى يوق » — مانا بۇ روبېرت فولكىس سكوتنىڭ ئاخىرقى نۇقتا توغرىسىدىكى تولۇق بايانى . ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە بايقىغىنى تەبىئەت دۇنياسى پەيدا قىلغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى رەقىبى ئامۇنسون پەيدا قىلغان ، نورۋېگىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان چېدىر بولدى . ئىنسانىيەت بوسۇپ ئۆتكەن بۇ «قەلئە»دە نورۋېگىيە بايرىقى ھەيۋە كۆرسىتىپ ، كۆرەڭلەپ ، پاراسلاپ لەپىلدەيتتى . بىرىنچى بولۇپ كەلگەنلەر بۇ يەردە بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدى . ئىككىنچى بولغانلارنىڭ چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ، شۇڭا ئۇلار بۇ خەتنى نورۋېگىيىنىڭ پادىشاھى خائاكونغا ئالغاچ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى . سكوت بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل

يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن كېتىپ باراتتى، چۈنكى كۆزلىگەن يەرگە ئەمدى يېتىپ بېرىشتا گەپ يوق، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىلىنغان ھەل قىلغۇچ ئىش گويا تاماملانغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ھەمراھلاردىن بورىس تۇيۇقسىز بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكسىز قارلىقتىكى كىچىككىنە قارا چېكىتكە تىكىلگەنىدى. ئۇ بۇ يەرگە بىرى يول بەلگىسى قاداپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرىزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇ تاپتا باشقىلارمۇ ئەندىشە بىلەن شۇنى ئويلاپ يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، خۇددى روبىنزون قاقاس ئارالدا يوچۇن ئىزنى كۆرگەندە «بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغاندەك، ئىمكانقەدەر ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى، ئامىنسون باشچىلىقىدىكى نورۋېگىيىلىكلەر بۇ يەرگە ئۇلاردىن بالدۇر كېلىپ بولغان.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار قارلىقتا چاڭغا تايىقى سانجىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈشتى. تاياققا قارا بايراق باغلاپ قويۇلغانلىقىنى، ئەتراپتا باشقىلار تىككەن بارگاھ ئىزلىرى — چاڭغا ۋە نۇرغۇن ئىتلارنىڭ ئىزلىرى بارلىقىنى كۆردى. بۇ رەھىمسىز پاكىت ئالدىدا، ئامىنسوننىڭ بۇ يەردە بارگاھ تىككەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ئورۇن قالمىدى. ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن ياكى كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان جەنۇبىي قۇتۇپنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە — بىر ئايدا كىشىلەر ئىككى قېتىم كۆردى.

بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇلار ئىككىنچى تۈركۈمدە كەلگەنلەر بولۇپ، پەقەت بىر ئاي كېچىكىپ كەلگەنىدى. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى نەچچە مىليون ئايلار بىلەن ھېسابلىغىلى بولسىمۇ، لېكىن ھازىر كېچىككەن بىر ئاي تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇنجى يېتىپ كەلگۈچى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ، ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگۈچى ھېچنىمىگە ھېساب بولمايدۇ. ھەممە تىرىشچانلىق ئاۋارىچىلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ، باشتىن كەچۈر-

گەن سانسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ . نەچچە ھەپتىلەپ ، ئايلاپ ، يىللاپ كۈتكەن ئۈمىدلەرنى تەلۋىلىك دېيىشكە بولىدۇ . «كۆڭۈلسىز جەبرى ـ جاپالارنى ، تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈردۇق ، تالادا يېتىپ ـ قوپتۇق . بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن؟ مۇشۇ ئارزۇلار ئۈچۈن ئەمەسمىدى ، لېكىن بۇ ئارزۇلار ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگىدى» — سكوت خاتىرىسىگە شۇنداق دەپ يازدى . كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى . ھېرىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ ، بۇ كۈنى كېچىسى ئۇلار يەنە ئۇخلىيالمىدى . ئۇلار گۇناھىغا جازا ھۆكۈم قىلىنىغاندەك ئۈمىدسىزلەندى . ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارىدىغان ئارزاق مۇساپىدە كۆڭلى غەش كېتىپ باراتتى . ۋاھالەنكى ، بۇرۇن ئۇلار ئۇ يەرگە ھۇررا توۋلاپ ئېتىلىشنى ئويلىغانىدى . ھازىر بولسا ھېچكىممۇ باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىماي ، پۈتىنى سۆرەپ ئالغا ماڭاتتى . دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ۋە ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار بۇ يەرگە تۇنجى بولۇپ كەلگەنلەر بولمىغاچقا ، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرالمىدى . ئۇلار كۆڭلىنى زېدە قىلغان بۇ يەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى . «بۇ يەردە ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ . ئادەمنى قورقۇتۇپ شۈركەندۈرۈۋېتىدىغان نەچچە كۈن بۇرۇنقى مەنىسىزلىكتىن ھېچقانداق پەرقى يوق» — مانا بۇ روبېرت فولكس سكوتنىڭ ئاخىرقى نۇقتا توغرىسىدىكى تولۇق بايانى . ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە بايقىغىنى تەبىئەت دۇنياسى پەيدا قىلغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى رەقىبى ئامىنسون پەيدا قىلغان ، نورۋېگىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان چېدىر بولدى . ئىنسانىيەت بۆسۈپ ئۆتكەن بۇ «قەلئە»دە نورۋېگىيە بايرىقى ھەيۋە كۆرسىتىپ ، كۆرەڭلەپ ، پاراسلاپ لەپىلدەيتتى . بىرىنچى بولۇپ كەلگەنلەر بۇ يەردە بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدى . ئىككىنچى بولغانلارنىڭ چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ، شۇڭا ئۇلار بۇ خەتنى نورۋېگىيىنىڭ پادىشاھى خائاكونغا ئالغاچ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى . سكوت بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل

قىلدى . ئاخىرقى بۇ رەھىمسىز مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلماقچى ، باشقا ئادەم ئورۇندىغان ئىشقا دۇنيا ئالدىدا شاھىت بولماقچى بولدى . باشقىلار ئورۇندىغان بۇ ئىش ئۇ قىلىش ئۈچۈن قىزغىن ئىنتىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى .

ئۇلار ئامىنسوننىڭ غەلىبە بايرىقىنىڭ يېنىغا ئەنگلىيىنىڭ بايرىقىنى — لاغايلاپ يۈرۈپ كېچىكىپ كەلگەن «بىرلەشمە پادىشاھلىقنىڭ بايرىقى»نى خۇشياقمىغان هالدا تىكىپ قويۇپ ، «ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى سۇغا چىلاشتۇرغان» بۇ جايدىن ئايرىلدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن شۇئىرغان ئۇرۇپ تۇراتتى . سكوت شۇملۇقنى تۇيغاندەك ھېسسىيات بىلەن خاتىرىسىگە : «قايتىش يولىمىزنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دەپ يازدى .

قايتىش يولىدىكى خەتەر ئۈن ھەسسە كۆپەيدى . ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىش يولىدا كومپاسقا قاراپ ماڭدى . ئەمدى بۇرۇن كەلگەن ئىزى بىلەن مېڭىش كېرەك . نەچچە ھەپتىلىك سەپەردە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشى ، بۇرۇن كەلگەن ئىزىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ، بۇرۇن نەرسىلەرنى قويۇپ قويغان جايلاردىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى لازىم . ئۇ جايلارغا ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرى ، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە نەچچە گاللون[1] كىرسىن قويۇپ قويۇلغانىدى . پەلەكنى قاپلاپ يېغىۋاتقان شىددەتلىك قار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋېلىپ ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى . چۈنكى ، نەرسىلەر قويۇپ قويۇلغان يەردىن چەتنەپ كەتسە ، بىۋاسىتە ھالاكەتكە مېڭىشى شەكسىز ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە دەسلەپ كەلگەن چاغدىكى تولۇپ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت خوراپ كەتكەنىدى .

دەسلەپ ئۇلار ئۆزلىرى ئاتلانغان ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆچمەس ئىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىغانلىرىدا پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانىدى . ئەمدىلىكتە تېرىسىنىڭ زەخىملەنمەسلە-

---

[1] گاللون — ئەنگلىيە ، ئامېرىكىنىڭ سىغىم بىرلىكى بولۇپ ، ئەنگلىيىنىڭ بىر گاللونى 4.546 لىترغا ، ئامېرىكىنىڭ بىر گاللونى 3.785 لىترغا تەڭ .

كى ئۇچۇن ، ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋۇجۇدىنىڭ ئامانلىقى ئۇ-
چۇن ، ھېچقانداق شان - شەرەپسىز قايتىپ كېتىش ئۇچۇن كۈرەش
قىلىۋاتاتتى . ئۇلار كۆڭلىدە قايتىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدى دېگەندىن
كۆرە ، قايتىپ كېتىشتىن تېخىمۇ قورقۇۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى .

ئاشۇ نەچچە كۈنلۈك خاتىرىنى ئوقۇش قورقۇنچلۇق ئىش . ھاۋا
بارغانسېرى ئۇساللاشتى . قەھرىتان پەسىل ئادەتتىكىدىن بالدۇر كەل-
دى . ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يۇمشاق قار قېتىپ قېلىن مۇز
مونەكلىرىگە ئايلاندى . ئۇ كىشىگە ئوغرى تىكەنگە دەسسىگەندەك بىلى-
نەتتى . ھەر قەدەمدە ئاياغ چاپلىشىپ قالاتتى . سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان
سوغۇق ئۇلارنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەن تېنىنى يالماپ يۇتماقتا ئى-
دى . ئۇلار كۆپ ھاللاردا يولنى خاتا مېڭىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئۇدا
نەچچە كۈن ماڭمايتتى . نەرسىلىرى قويۇپ قويۇلغان بىرەر جايغا
كەلگەندە ئازراق تەسكىن تاپاتتى . خاتىرىلىرىدىكى خەتلەردىن ئىشەنچ-
نىڭ ئۇچقۇنلىرى قايتىدىن چاقنايتتى . سۇرلۇك زېرىكىش ئىچىدە
مۇشۇ بىر نەچچە ئادەملا كېتىپ باراتتى . ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى-
غا كىشى ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتى . ئىلمىي تەتقىقاتقا مەسئۇل
بولغان دوكتور ۋىلسون بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى . ئۆلۈم
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي
كۆزىتىشىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇنىڭ چانىسىغا جىمى زۆرۈر لازىمەت-
لىكلەردىن باشقا ، 16 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قىممەتلىك تاغ جى-
نىسلىرى يۈكلەنگەنىدى .

ۋەھالەنكى ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غايەت زور قۇدرىتى ئادەمنىڭ
جاسارىتىنى ئاستا - ئاستا خوراتتى . بۇ يەردىكى تەبىئەت رەھىمسىز
بولۇپ ، ئۇ نەچچە ئون مىڭ يىلدىن بېرى توپلىغان سېھرىي قۇدرىتى
بىلەن سوغۇقنى ، مۇزنى ، قارنى ، جۇدۇن - چاپقۇننى جىن - شاياتۇن-
لاردەك چىللاپ كېلىپ — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ئىن-
سانىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدىغان كارامىتى بىلەن بۇ قارام ، يۈرەك-
لىك بەش ئەزىمەتكە تاقابىل تۇردى . ئۇلارنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ قال-
دى . ئۇلار يىمەكلىك نورمىسىنى كۈندىن - كۈنگە ئازايتتى . كۈنىگە

قىلدى. ئاخىرقى بۇ رەھىمسىز مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلماقچى، باشقا ئادەم ئورۇندىغان ئىشقا دۇنيا ئالدىدا شاھىت بولماقچى بولدى. باشقىلار ئورۇندىغان بۇ ئىش ئۇ قىلىش ئۈچۈن قىزغىن ئىنتىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى.

ئۇلار ئامۇندسوننىڭ غەلىبە بايرىقىنىڭ يېنىغا ئەنگلىيىنىڭ بايرىقىنى — لاغايلاپ يۈرۈپ كېچىكىپ كەلگەن «بىرلەشمە پادىشاھلىقىنىڭ بايرىقى»نى خۇشياقمىغان ھالدا تىكىپ قويۇپ، «ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى سۇغا چىلاشتۇرغان» بۇ جايدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن شۇۋرغان ئۇرۇپ تۇراتتى. سكوت شۇملۇقنى تۇيغاندەك ھېسسىيات بىلەن خاتىرىسىگە: «قايتىش يولىمىزنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دەپ يازدى.

قايتىش يولىدىكى خەتەر ئۇن ھەسسە كۆپەيدى. ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىش يولىدا كومپاسقا قاراپ ماڭدى. ئەمدى بۇرۇن كەلگەن ئىزى بىلەن مېڭىش كېرەك. نەچچە ھەپتىلىك سەپەردە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىشى، بۇرۇن كەلگەن ئىزىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، بۇرۇن نەرسىلەرنى قويۇپ قويغان جايلاردىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۇ جايلارغا ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە نەچچە گاللون[1] كىروسىن قويۇپ قويۇلغانىدى. پەلەكنى قاپلاپ يېغىۋاتقان شىددەتلىك قار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋېلىپ ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، نەرسىلەر قويۇپ قويۇلغان يەردىن چەتنەپ كەتسە، بىۋاستە ھالاكەتكە مېڭىشى شەكسىز ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە دەسلەپ كەلگەن چاغدىكى تولۇپ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت خوراپ كەتكەنىدى.

دەسلەپ ئۇلار ئۆزلىرى ئاتلانغان ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆچمەس ئىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىغانلىرىدا پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانىدى. ئەمدىلىكتە تېنىسىنىڭ زەخمىلەنمەسلە-

---

① گاللون — ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ سىغىم بىرلىكى بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ بىر گاللونى 4.546 لىترغا، ئامېرىكىنىڭ بىر گاللونى 3.785 لىترغا تەڭ.

كى ئۇچۇن ، ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋۇجۇدىنىڭ ئامانلىقى ئۇ-
چۇن ، ھېچقانداق شان - شەرەپسىز قايتىپ كېتىش ئۇچۇن كۈرەش
قىلىۋاتاتتى . ئۇلار كۆڭلىدە قايتىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلدى دېگەندىن
كۆرە ، قايتىپ كېتىشتىن تېخىمۇ قورقۇۋاتىدۇ دېگەن توغرۇك ئىدى .
ئاشۇ نەچچە كۈنلۈك خاتىرىنى ئوقۇش قورقۇنچلۇق ئىش . ھاۋا
بارغانسېرى ئوساللاشتى . قەھرىتان پەسىل ئادەتتىكىدىن بالدۇر كەل-
دى . ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يۇمشاق قار قېتىپ قېلىن مۇز
مونەكلىرىگە ئايلاندى ، ئۇ كىشىگە ئوغرى تىكەنگە دەسسىگەندەك بىلە-
نەتتى . ھەر قەدەمدە ئاياغ چاپلىشىپ قالاتتى . سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان
سوغۇق ئۇلارنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەن تېنىنى يالماپ يۇتماقتا ئى-
دى . ئۇلار كۆپ ھاللاردا يولنى خاتا مېڭىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئۇدا
نەچچە كۈن ماڭمايتتى . نەرسىلىرى قويۇپ قويۇلغان بىرەر جايغا
كەلگەندە ئازراق تەسكىن تاپاتتى . خاتىرىلىرىدىكى خەتلەردىن ئىشەنچ-
نىڭ ئۇچقۇنلىرى قايتىدىن چاقنايتتى . سورلۇك زېرىكىش ئىچىدە
مۇشۇ بىرنەچچە ئادەملا كېتىپ باراتتى . ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى-
غا كىشى ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتى . ئىلمىي تەتقىقاتقا مەسئۇل
بولغان دوكتور ۋىلسون بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى . ئۆلۈم
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ، ئۇزىنىڭ ئىلمىي
كۆزىتىشىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇنىڭ چانىسىغا جىمى زوۆرۈر لازىمەت-
لىكلەردىن باشقا ، 16 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قىممەتلىك تاغ جى-
نىسلىرى يۈكلەنگەنىدى .
ۋەھالەنكى ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غايەت زور قۇدرىتى ئادەمنىڭ
جاسارىتىنى ئاستا - ئاستا خوراتتى . بۇ يەردىكى تەبىئەت رەھىمسىز
بولۇپ ، ئۇ نەچچە ئون مىڭ يىلدىن بېرى توپلىغان سېھرىي قۇدرىتى
بىلەن سوغۇقنى ، مۇزنى ، قارنى ، جۇدۇن - چاپقۇننى جىن - شاياتۇن-
لاردەك چىللاپ كېلىپ — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ئىن-
سانىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدىغان كارامىتى بىلەن بۇ قارام ، يۈرەك-
لىك بەش ئەزىمەتكە تاقابىل تۇردى . ئۇلارنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ قال-
دى . ئۇلار يېمەكلىك نورمىسىنى كۈندىن - كۈنگە ئازايتتى . كۈنىگە

بىر ۋاخ تاماق يېدى . ئىسسىقلىق يېتىشمىگەنلىكتىن ، ئۇلارنىڭ بەدى-
نى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتتى . بىر كۈنى ئۇلار ئارىسىدى-
كى ئەڭ تېمەن ئېيۋىنسىنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى . ئۇ
بىر چەتتە تۇرۇۋېلىپ ماڭمايتتى . بىر نېمىلەرنى دەيتتى . تارتقان
جاپالىرىدىن تىنماي زارلىناتتى — بەزىلىرى راست ، بەزىلىرى ئۇنىڭ
خىيالىي تۇيغۇسى ئىدى . ئۇنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدىن ئۇلار بۇ
بىچارىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكتىن ياكى غايەت زور ئازابتىن ساراڭ
بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى . ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئادەمزات
يوق مۇشۇ مۇز دالىدا تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ ؟ ياق ، لېكىن يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇلار نەرسىلىرىنى قويۇپ قويغان يەنە بىر جايغا قىلچە
ئىككىلەنمەي تېز يېتىپ بېرىشى كېرەك . بولمىسا ... خاتىرىدىن
سكوتنىڭ زادى قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ .
ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ بەختسىز سىرژانتى 2 - ئاي-
نىڭ 17 - كۈنى كېچە سائەت بىردە جان ئۈزدى . شۇ كۈنى ئۇلار
«قۇشخانا لاگېرى»غا يېتىپ بېرىپ ، ئۆتكەن ئايدا سويۇپ قويغان
پاكار نەسىللىك ئات گۆشىنى تېپىپ ، تۇنجى قېتىم خېلى مول تاماق
يېدى .

قالغان تۆت ئادەم يولنى داۋاملاشتۇردى . لېكىن ، ئاپەت يەنىلا
ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى . نەرسە - كېرەكلىرى قويۇپ قويۇل-
غان كېيىنكى نۇقتا ئۇلارغا يېڭى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ
كەلدى . بۇ يەرگە قويۇپ قويۇلغان كىرسىن بەك ئاز بولۇپ ، ئۇلار
بۇ ئەڭ زۆرۈر بۇيۇمنى — كىرسىننى ئىنچىكە ھېسابلاپ ئىشلىتىشى
كېرەك . ئۇلار يېقىلغۇنى ئىمكانقەدەر تېجىشى كېرەك ، چۈنكى يېقىل-
غۇ ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان بىردىنبىر قورالى ئى-
دى . سوغۇق كېچىدە جۇدۇن ھۇۋلايتتى . ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە
ئۇخلىيالمىدى . ئۇلاردا پىيمىنىڭ تاپىنىنى ئۆرۈپ قاقلىغۇدەكمۇ ھال
قالمىغانىدى . لېكىن ، ئۇلار بەدىنىنى سۆرەپ داۋاملىق ئالغا مېڭىشى
كېرەك . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتس ئۇششۇگەن پۇتلىرى بىلەن كې-
تىپ باراتتى . بوران تېخىمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى . 3 -

ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرى قويۇپ قويۇلغان يەنە بىر نۇقتىغا يېتىپ كەلدى . لېكىن ، ئۇلارنى قورقۇنچلۇق ئۈمىدسىزلىك باستى : ئۇ يەردە زاپاس قويۇلغان يېقىلغۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى .

ئەمدى ئۇلارنىڭ ۋەسۋەسىسى چېكىگە يەتتى . يېزىلغان خاتىرىدىن كىشىلەر سكوتتنىڭ ئۆزىدىكى ۋەھىمىنى قانداق قىلىپ ئىمكانقەدەر يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى ، لېكىن مەجبۇرىي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن چىقىۋاتقان ئۈمىدسىزلىك نىداسىنى ئاڭلايدۇ : «بۇنداق بولىۋەرسە بولمايدۇ» ياكى «خۇدا ساقلىسۇن؟ بۇنداق جاپاغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» ياكى «ئويۇنىمىز پاجىئەلىك ئاخىرلىشىدىغان بولدى» . ئاخىر مۇنداق قورقۇنچلۇق ئىقرار يېزىلغان : «پەرۋەردىگار بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! ئەمدى باشقىلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتەلمەيدىغان بولدۇق» . لېكىن ، ئۇلار ھالسىزلانغان بەدەنلىرىنى سۆرەپ ، چىشىنى چىشلەپ ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئالغا مېڭىۋەردى . ئوتس بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ ، باشقىلارغا ياردەمچى ئەمەس ، بەلكى يۈك بولۇپ قېلىۋاتاتتى . بىر كۈنى چۈشتە ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسقا چۈشۈپ كەتتى . ئۇلار مېڭىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى . تەلەيسىز ئوتس مۇشۇنداق كېتىۋەرسە دوستلىرىغا كۆلپەتلىك تەقدىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماستىن ، كۆڭلى تويۇپ ئاخىرقى تەييارلىقىنى قىلىپ قويدى . ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋېلسوندىن 10 تال مورفىن ئېلىپ ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتمەكچى بولدى . ئۇلار بۇ بىمارغا ھەمراھ بولۇپ يەنە بىر كۈن جاپالىق يول يۈردى . ئاندىن بۇ بەختسىز ئادەم ئۇلاردىن ئۆزىنى ئۇخلاش خالتىسىدا قويۇپ ، ئۆز تەقدىرىنى ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . گەرچە شۇنداق قىلغاندا ھەممەيلەننىڭ يۈكى يېنىكلەيدىغانلىقى ئۇلارغا ئايدىڭ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بۇ پىكىرگە قەتئىي ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىمار ئۇششۇپ كەتكەن پۇتى بىلەن ئاسقاقلاپ قونالغۇغا يېتىپ بارغۇچە يەنە نەچچە كىلومېتىر يول باستى . ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدى . سەھەردە ئۇلار تالاغا قارىدى .

بىر ۋاخ تاماق يېدى . ئىسسىقلىق يېتىشمىگەنلىكتىن ، ئۇلارنىڭ بەدى-
نى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتتى . بىر كۈنى ئۇلار ئارىسىدى-
كى ئەڭ تېمەن ئېيۋىنىسىنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى . ئۇ
بىر چەتتە تۈرۈۋېلىپ ماڭمايتتى . بىر نېمىلەرنى دەيتتى . تارتقان
جاپالىرىدىن تىنماي زارلىناتتى — بەزىلىرى راست ، بەزىلىرى ئۇنىڭ
خىيالىي تۇيغۇسى ئىدى . ئۇنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدىن ئۇلار بۇ
بىچارىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكتىن ياكى غايەت زور ئازابتىن سارالڭ
بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى . ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئادەمزات
يوق مۇشۇ مۇز دالىدا تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ ؟ ياق ، لېكىن يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇلار نەرسىلىرىنى قويۇپ قويغان يەنە بىر جايغا قىلچە
ئىككىلەنمەي تېز يېتىپ بېرىشى كېرەك . بولمىسا ... خاتىرىدىن
سكوتنىڭ زادى قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ .
ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ بەختسىز سېرژانتى 2 ـ ئاي-
نىڭ 17 ـ كۈنى كېچە سائەت بىردە جان ئۈزدى . شۇ كۈنى ئۇلار
«قۇشخانا لاگېرى»غا يېتىپ بېرىپ ، ئۆتكەن ئايدا سويۇپ قويغان
پاكار نەسىللىك ئات گۆشىنى تېپىپ ، تۇنجى قېتىم خېلى مول تاماق
يېدى .
قالغان تۆت ئادەم يولنى داۋاملاشتۇردى . لېكىن ، ئاپەت يەنىلا
ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى . نەرسە ـ كېرەكلىرى قويۇپ قويۇل-
غان كېيىنكى نۇقتا ئۇلارغا يېڭى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ
كەلدى . بۇ يەرگە قويۇپ قويۇلغان كىرسىن بەك ئاز بولۇپ ، ئۇلار
بۇ ئەڭ زۆرۈر بۇيۇمنى — كىرسىننى ئىنچىكە ھېسابلاپ ئىشلىتىشى
كېرەك . ئۇلار يېقىلغۇنى ئىمكانقەدەر تېجىشى كېرەك ، چۈنكى يېقىل-
غۇ ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان بىردىنبىر قورالى ئى-
دى . سوغۇق كېچىدە جۇدۇن ھۇۋۇلايتتى . ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە
ئۇخلىيالمىدى . ئۇلاردا پىيمىنىڭ تاپىنىنى ئۆرۈپ قاقلىغۇدەكمۇ ھال
قالمىغانىدى . لېكىن ، ئۇلار بەدىنىنى سۆرەپ داۋاملىق ئالغا مېڭىشى
كېرەك . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتس ئۇششۇگەن پۇتلىرى بىلەن كې-
تىپ باراتتى . بوران تېخىمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى . 3 ـ

ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرى قويۇپ قويۇلغان يەنە بىر نۇقتىغا يېتىپ كەلدى . لېكىن ، ئۇلارنى قورقۇنچلۇق ئۈمىدسىزلىك باستى : ئۇ يەردە زاپاس قويۇلغان يېقىلغۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى .

ئەمدى ئۇلارنىڭ ۋەسۋەسىسى چېكىگە يەتتى . يېزىلغان خاتىرىدىن كىشىلەر سكوتتىنىڭ ئۆزىدىكى ۋەھىمىنى قانداق قىلىپ ئىمكانقەدەر يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى ، لېكىن مەجبۇري ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن چىقىۋاتقان ئۈمىدسىزلىك نىداسىنى ئاڭلايدۇ : «بۇنداق بولىۋەرسە بولمايدۇ» ياكى «خۇدا ساقلىسۇن؟ بۇنداق جاپاغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيمىز» ياكى «ئويۇنىمىز پاجىئەلىك ئاخىرلىشىدىغان بولدى» . ئاخىر مۇنداق قورقۇنچلۇق ئىقرار يېزىلغان : «پەرۋەردىگار بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! ئەمدى باشقىلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتەلمەيدىغان بولدۇق» . لېكىن ، ئۇلار ھالسىزلانغان بەدەنلىرىنى سۆرەپ ، چىشىنى چىشلەپ ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئالغا مېڭىۋەردى . ئوتس بارغانسېرى ماڭالماي ، باشقىلارغا ياردەمچى ئەمەس ، بەلكى يۈك بولۇپ قېلىۋاتاتتى . بىر كۈنى چۈشتە ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسقا چۈشۈپ كەتتى . ئۇلار مېڭىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى . تەلەيسىز ئوتس مۇشۇنداق كېتىۋەرسە دوستلىرىغا كۆلپەتلىك تەقدىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماستىن ، كۆڭلى تويۇپ ئاخىرقى تەييارلىقىنى قىلىپ قويدى . ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋېلسوندىن 10 تال مورفىن ئېلىپ ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتمەكچى بولدى . ئۇلار بۇ بىمارغا ھەمراھ بولۇپ يەنە بىر كۈن جاپالىق يول يۈردى . ئاندىن بۇ بەختسىز ئادەم ئۇلاردىن ئۆزىنى ئۇخلاش خالتىسىدا قويۇپ ، ئۆز تەقدىرىنى ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . گەرچە شۇنداق قىلغاندا ھەممەيلەننىڭ يۈكى يېنىكلەيدىغانلىقى ئۇلارغا ئايدىڭ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بۇ پىكىرگە قەتئىي ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىمار ئۇششۇپ كەتكەن پۇتى بىلەن ئاسقاقلاپ قونالغۇغا يېتىپ بارغۇچە يەنە نەچچە كىلومېتىر يول باستى . ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدى . سەھەردە ئۇلار تالاغا قارىدى .

شىددەتلىك قار - شىۋىرغان تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى.

ئوتس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، دوستلىرىغا: «تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، سەل ئۇزۇندا كىرىشىم مۇمكىن» دېدى. باشقىلار ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇنداق ھاۋادا تالاغا چىقىپ ئايلىنىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. ھېچكىم ئۇنى توسۇپ قالىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا قول سۇنۇشقىمۇ بىرەرى پېتىنالمىدى. ئۇلار ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە شۇنى ھېس قىلدىكى: ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر ستارشى لېيتېناتى لاۋرېنس ئوتس ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا باتۇرلۇق بىلەن كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى.

ئەمدى ھارغان، ئاجىزلاپ كەتكەن ئۈچ ئادەم پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ، كۆز يەتكۈسىز، تۈمۈردەك قاتتىق مۇز ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغان خىرە تۇيغۇسىغا تايىنىپ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ دەلدەڭلەپ قەدەم تاشلايتتى. ھاۋا بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى. نەرسە - كېرەكلىرى قويۇلغان ھەربىر نۇقتىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى يېڭى ئۈمىدسىزلىك كۈتۈۋالاتتى. ئۇلارنى ئەخمەق قىلغاندەك، ئىنتايىن ئاز كىرسىن، يەنى يېقىلغۇ قالدۇرۇلغان بولاتتى. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرى قويۇلغان نۇقتىغا 20 كىلومېتىر قالدى. لېكىن، جاننى ئالىدىغاندەك ئاجايىپ قاتتىق بوران چىقتى، ئۇلار چېدىردىن ئايرىلىشقا ئىلاجىسىز قالدى. ھەر كۈنى كەچتە ئۇلار ئەتىسى كۆزلىگەن جايغا يېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، ئەتىسى بىر كۈنلۈك يېمەكلىكنى يەپ بولغاندىن باشقا، ئۈمىدنى ئىككىنچى ئەتىگە باغلاشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلارنىڭ يېقىلغۇسى تۈگىدى. تېرمومېتىر نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھەممە ئۈمىد بەربات بولدى. ئۇلار ھازىر ئاچلىقتىن ئۆلۈش ياكى توڭلاپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆلۈمدىن بىر خىلىنى تاللىۋالاتتى. ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز ئاپئاق ئىپتىدائىي دۇنيا. ئۈچەيلەن كىچىككىنە

چېدىر ئىچىدە مۇقىملىشىپ قالغان ئۆلۈم بىلەن سەككىز كۈن كۈرەش قىلدى. 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇلار ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، چېدىردا ئەزرا-ئىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈتتى. ھەرقانداق ئازاب-قا بەرداشلىق بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇخلاش خالتىلىرىغا كىر-دى. لېكىن، ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇچرىغان ھەرخىل كۈلپەتلىرى توغرىسىدا دۇنياغا بىر ئېغىز نالە قىلمىدى.

شىددەتلىك قار - بوران نېپىز چېدىرغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئەزرائىل شەپە چىقارماي كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق پەيتتە، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى سكوت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى ئەسلىدى. چۈنكى، ئەزەلدىن ئادەم ئاۋازى تەرىپىدىن بۇزۇلمىغان مۇشۇنداق جىمجىتلىقتا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، پۈتۈن ئىنسا-نىيەتكە بولغان سەممىي دوستانىلىقىنى ھاياجان ئىچىدە ئويلىدى. لېكىن، مۇشۇنداق ئاپئاق قار قاپلىغان كەڭ دالىدا كۆڭۈلدىكى خىيا-لىي تۇيغۇ ئاشۇ مۇھەببەت، ساداقەت، دوستلۇق بىلەن باغلانغان ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى چاقىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ ئادەم-لەرگە سۆز قالدۇردى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى سكوت ئۆلۈپ كېتىدىغان چېغىدا سۆيگەن ئادەملىرىگە مۇزلاپ قېتىپ قالغان قولى بىلەن خەت يازدى.

پولكوۋنىك سكوتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە، پۈتۈنلەي مۇزلاپ قېتىپ قالغان قولىدىن قەلەم چۈشۈپ كەتكۈچە يېزىلدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئۆز جەسىتى يېنىدىن ئۇنىڭ ۋە ئىنگلىز مىللىتىنىڭ باتۇرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ خاتىرىنى تېپىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. دەل مۇشۇ ئۈمىد ئۇنىڭغا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان جاسارەت بىلەن خاتىرىنى ئاخىرقى دەقىقىگىچە يازدۇردى. ئاخىرقى كۈندىلىك خاتىرىگە مۇزلاپ قالغان قولى تىترىگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئارزۇسىنى يازدى:

«بۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپتەرنى ئايالىمنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار!» لېكىن بىردەمدىن كېيىن «ئايالىم» دېگەن خەتلەرنى

شىددەتلىك قار - شىۋىرغان تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى .

ئوتس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، دوستلىرىغا : «تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي ، سەل ئۇزۇندا كىرىشىم مۇمكىن» دېدى . باشقىلار ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى . بۇنداق هاۋادا تالاغا چىقىپ ئايلىنىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى هەممەيلەنگە ئايان ئىدى . هېچكىم ئۇنى توسۇپ قالىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا قول سۇنۇشقىمۇ بىرەرى پېتىنالمىدى . ئۇلار هۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە شۇنى هېس قىلدىكى : ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇهاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر ستارشى لېيتېناتى لاۋرېنىس ئوتس ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا باتۇرلۇق بىلەن كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى .

ئەمدى هارغان ، ئاجىزلاپ كەتكەن ئۈچ ئادەم پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ، كۆز يەتكۈسىز ، تۆمۈردەك قاتتىق مۇز ئۈستىدە كېتىپ باراتتى . ئۇلار هېرىپ هالىدىن كەتكەن ، هېچقانداق ئۈمىد بولمىغان خىرە تۇيغۇسىغا تايىنىپ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ دەلدەڭلەپ قەدەم تاشلايتتى . هاۋا بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى . نەرسە - كېرەكلىرى قويۇلغان هەربىر نۇقتىغا يېتىپ بارغاندا ، ئۇلارنى يېڭى ئۈمىدسىزلىك كۈتۈۋالاتتى . ئۇلارنى ئەخمەق قىلغاندەك ، ئىنتايىن ئاز كىرسىن ، يەنى يېقىلغۇ قالدۇرۇلغان بولاتتى . 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرى قويۇلغان نۇقتىغا 20 كىلومېتىر قالدى . لېكىن ، جاننى ئالىدىغاندەك ئاجايىپ قاتتىق بوران چىقتى ، ئۇلار چېدىردىن ئايرىلىشقا ئىلاجىسىز قالدى . هەر كۈنى كەچتە ئۇلار ئەتىسى كۆزلىگەن جايغا يېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى . لېكىن ، ئەتىسى بىر كۈنلۈك يېمەكلىكنى يەپ بولغاندىن باشقا ، ئۈمىدنى ئىككىنچى ئەتىگە باغلاشقا مەجبۇر بولاتتى . ئۇلارنىڭ يېقىلغۇسى تۈگىدى . تېرمومېتىر نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . هەممە ئۈمىد بەربات بولدى . ئۇلار هازىر ئاچلىقتىن ئۆلۈش ياكى توڭلاپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆلۈمدىن بىر خىلىنى تاللىۋالاتتى . ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز ئاپئاق ئىپتىدائىي دۇنيا . ئۆچەيلەن كىچىككىنە

چىدىر ئىچىدە مۇقىملىشىپ قالغان ئۆلۈم بىلەن سەككىز كۈن كۈرەش قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇلار ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، چىدىردا ئەزرائىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈتتى. ھەرقانداق ئازابقا بەرداشلىق بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇخلاش خالتىلىرىغا كىردى. لېكىن، ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇچرىغان ھەرخىل كۈلپەتلىرى توغرىسىدا دۇنياغا بىر ئېغىز نالە قىلمىدى.

شىددەتلىك قار ـ بوران نېپىز چېدىرغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئەزرائىل شەپە چىقارماي كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق پەيتتە، دېگىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى سكوت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى ئەسلىدى. چۈنكى، ئەزەلدىن ئادەم ئاۋازى تەرىپىدىن بۇزۇلمىغان مۇشۇنداق جىمجىتلىقتا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان سەمىمىي دوستانىلىقىنى ھاياجان ئىچىدە ئويلىدى. لېكىن، مۇشۇنداق ئاپئاق قار قاپلىغان كەڭ دالىدا كۆڭۈلدىكى خىيالى تۇيغۇ ئاشۇ مۇھەببەت، ساداقەت، دوستلۇق بىلەن باغلانغان ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى چاقىرىپ كەلگەننىدى. ئۇ بۇ ئادەملەرگە سۆز قالدۇردى. دېگىز ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى سكوت ئۆلۈپ كېتىدىغان چېغىدا سۆيگەن ئادەملىرىگە مۇزلاپ قېتىپ قالغان قولى بىلەن خەت يازدى.

پولكوۋنىك سكوتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە، پۈتۈنلەي مۇزلاپ قېتىپ قالغان قولىدىن قەلەم چۈشۈپ كەتكۈچە يېزىلدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئۆز جەسىتى يېنىدىن ئۇنىڭ ۋە ئىنگلىز مىللىتىنىڭ باتۇرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ خاتىرىنى تېپىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. دەل مۇشۇ ئۈمىد ئۇنىڭغا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان جاسارەت بىلەن خاتىرىنى ئاخىرقى دەقىقىغىچە يازدۇردى. ئاخىرقى كۈندىلىك خاتىرىگە مۇزلاپ قالغان قولى تىترىگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئارزۇسىنى يازدى:

«بۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپتەرنى ئايالىمنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار!» لېكىن بىردەمدىن كېيىن «ئايالىم» دېگەن خەتلەرنى

ھەسرەت ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، قورقۇنچلۇق ھالدا «تۇل قالغان خوتۇنۇمغا» دەپ ئۆزگەرتىپ قويىدى.

بازىدىكى ياغاچ ئۆيدە شېرىنكىلىرى ئۇلارنى بىرنەچچە ھەپتە ساقلىدى. دەسلەپ ئىشەنچكە تولغانىدى، كېيىن سەل ئەنسىرەپ قالدى. ئاخىر بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندى. ئۇلار قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئادەم ماڭغۇزغان بولسىمۇ، ھاۋا بەك ئوسال بولغاچقا، يېنىپ كەلدى. جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، يەنى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھېچبولمىسا ئاشۇ بىرنەچچە قەھرىماننىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھېلىقى چېدىرغا يېتىپ كېلىپ، قەھرىمانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئۇيقۇ خالتىلىرىدا مۇزلاپ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھېلىقى خەت ۋە ھۆججەتلەرنى تاپتى ھەمدە پاجىئەلىك ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلارغا تاشتىن قەبرە ياساپ قويدى. ئاپئاق قار بېسىپ كەتكەن قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئاددىي قارا كرېست ئورنىتىپ قويدى.

ئەنگلىيىدىكى خان جەمەتىنىڭ چېركاۋىدا پادىشاھ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بۇ قەھرىمانلارغا ماتەم تۇتتى.

ئادەم يەڭگىلى بولمايدىغان كۈلپەتلىك تەقدىر بىلەن كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى شۇ سەۋەبتىن شۇنچە چەكسىز ئالىيجاناب بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئوقۇپ، ھېكايىدىكى قايسى ھادىسىنىڭ سىزنى ئەڭ قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. تېكىستنىڭ ئالدىنى كەينى بىلەن باغلاپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ بېقىڭ ھەمدە تىرناق ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ

كۆرۈك:

1) «ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈنجى يېتىپ كەلگۈچى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگۈچى ھېچنىمىگە ھېساب بولمايدۇ.» مۇئەللىپ بۇ يەردە نېمە مەنىنى ئىپادىلىگەن؟ مۇشۇنداق دېيىشكە قوشۇلامسىز؟

2) «ئىنسانىيەت بۆسۈپ ئۆتكەن بۇ قەلئەدە نورۋېگىيە بايرىقى ھەيۋە كۆرسىتىپ، كۆرەڭلەپ، پاراسلاپ لەپىلدەيتتى.» نورۋېگىيە بايرىقى قانداق «ھەيۋە كۆرسىتىپ»، «كۆرەڭلىيەلەيدۇ»؟ بۇ يەردە سكوتنىڭ كۆڭلىدىكى قانداق مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن؟

3) «سكوت بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى. ئاخىرقى رەھىمسىز مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلماقچى، باشقا ئادەم ئورۇندىغان ئىشقا دۇنيا ئالدىدا شاھىت بولماقچى بولدى. باشقىلار ئورۇندىغان بۇ ئىش ئۇ قىلىش ئۈچۈن قىزغىن ئىنتىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى.» باشقا ئادەمنىڭ ئىشىغا شاھىت بولىدىغان بۇ ۋەزىپىنى سكوت نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ؟ قوبۇل قىلمىسا بولامتى - يوق؟

4) «لېكىن، مۇشۇنداق ئاپئاق قار قاپلىغان كەڭ دالىدا كۆڭگۈلدىكى خىيالىي تۇيغۇ ئاشۇ مۇھەببەت، ساداقەت، دوستلۇق بىلەن باغلانغان ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى چاقىرىپ كەلـگـەنـىـدى. ئۇ بۇ ئادەملەرگە سۆز قالدۇردى.» ئەسەرنىڭ ئالدى - كەينىنى باغلاپ قارىغاندا، «كۆڭگۈلدىكى خىيالىي تۇيغۇ» دېگەندە نېمە كۆزدە تۇتۇلغان؟ مۇئەللىپ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئوخشىتىدۇ؟

5) «ئادەم يەڭگىلى بولمايدىغان كۈلپەتلىك تەقدىر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى شۇ سەۋەبتىن شۇنچە چەكسىز ئالىيجاناب بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ ئىككى ئېغىز سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ پۈتۈن تېكىستتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

3. سكوت ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، سوغۇق بوران ھۇۋلاپ تۇرغان جەنۇبىي قۇتۇپتىكى چېدىردا ئەنگلىيە جامائىتىگە ۋىدالىشىش خېتى يېزىپ

ھەسرەت ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، قورقۇنچلۇق ھالدا «تۇل قالغان خوتۇنۇمغا» دەپ ئۆزگەرتىپ قويىدى.

بازىدىكى ياغاچ ئۆيدە شېرىنكىلىرى ئۇلارنى بىرنەچچە ھەپتە ساقلىدى. دەسلەپ ئىشەنچكە تولغانىدى، كېيىن سەل ئەنسىرەپ قالدى. ئاخىر بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندى. ئۇلار قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئادەم ماڭغۇزغان بولسىمۇ، ھاۋا بەك ئوسال بولغاچقا، يېنىپ كەلدى. جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، يەنى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھېچبولمىسا ئاشۇ بىرنەچچە قەھرىماننىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھېلىقى چېدىرغا يېتىپ كېلىپ، قەھرىمانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئۇيقۇ خالتىلىرىدا مۇزلاپ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھېلىقى خەت ۋە ھۆججەتلەرنى تاپتى ھەمدە پاجىئەلىك ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلارغا تاشتىن قەبرە ياساپ قويىدى. ئاپئاق قار بېسىپ كەتكەن قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئاددىي قارا كرېست ئورنىتىپ قويىدى.

ئەنگلىيىدىكى خان جەمەتىنىڭ چېركاۋىدا پادىشاھ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بۇ قەھرىمانلارغا ماتەم تۇتتى.

ئادەم يەڭگىلى بولمايدىغان كۈلپەتلىك تەقدىر بىلەن كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى شۇ سەۋەبتىن شۇنچە چەكسىز ئالىيجاناب بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئوقۇپ، ھېكايىدىكى قايسى ھادىسىنىڭ سىزنى ئەڭ قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. تېكىستنىڭ ئالدىنى كەينى بىلەن باغلاپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ بېقىڭ ھەمدە تىرناق ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ

كۆرۈڭ:

1) «ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇنجى يېتىپ كەلگۈچى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگۈچى ھېچنىمىگە ھېساب بولمايدۇ.» مۇئەللىپ بۇ يەردە نېمە مەنىنى ئىپادىلىگەن؟ مۇشۇنداق دېيىشكە قوشۇلامسىز؟

2) «ئىنسانىيەت بۆسۈپ ئۆتكەن بۇ قەلئەدە نورۋېگىيە بايرىقى ھەيۋە كۆرسىتىپ، كۆرەڭلەپ، پارىسلاپ لەپىلدەيتتى.» نورۋېگىيە بايرىقى قانداق «ھەيۋە كۆرسىتىپ»، «كۆرەڭلىيەلەيدۇ»؟ بۇ يەردە سكوتنىڭ كۆڭلىدىكى قانداق مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن؟

3) «سكوت بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى. ئاخىرقى رەھىمسىز مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلماقچى، باشقا ئادەم ئورۇندىغان ئىشقا دۇنيا ئالدىدا شاھىت بولماقچى بولدى. باشقىلار ئورۇندىغان بۇ ئىش ئۇ قىلىش ئۈچۈن قىزغىن ئىنتىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى.» باشقا ئادەمنىڭ ئىشىغا شاھىت بولىدىغان بۇ ۋەزىپىنى سكوت نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ؟ قوبۇل قىلمىسا بولامتى ـ يوق؟

4) «لېكىن، مۇشۇنداق ئاپئاق قار قاپلىغان كەڭ دالىدا كۆڭگۈلدىكى خىيالىي تۇيغۇ ئاشۇ مۇھەببەت، ساداقەت، دوستلۇق بىلەن باغلانغان ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى چاقىرىپ كەلـگـەنـــدى. ئۇ بۇ ئادەملەرگە سۆز قالدۇردى.» ئەسەرنىڭ ئالدى ـ كەينىنى باغلاپ قارىغاندا، «كۆڭگۈلدىكى خىيالىي تۇيغۇ» دېگەندە نېمە كۆزدە تۇتۇلغان؟ مۇئەللىپ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئوخشىتىدۇ؟

5) «ئادەم يەڭگىلى بولمايدىغان كۆلپەتلىك تەقدىر بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى شۇ سەۋەبتىن شۇنچە چەكسىز ئالىيجاناب بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ تراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ ئىككى ئېغىز سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ پۈتۈن تېكىستتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

3. سكوت ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، سوغۇق بوران ھۇۋلاپ تۇرغان جەنۇبىي قۇتۇپتىكى چېدىردا ئەنگلىيە جامائىتىگە ۋىدالىشىش خېتى يېزىپ

قالدۇرغان.

تۆۋەندە بۇ خەتنىڭ بىر قىسمى ئۈزۈپ ئېلىندى. ئوقۇغاندىن كېيىن تېكىستنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ (شەرت شۇكى، سكوتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارنى دەرسنىڭ سىرتىدا تېپىش كېرەك) ئوقۇش خاتىرىسى يېزىڭ:

«بۇ قېتىمقى ئاپەتنىڭ سەۋەبى تەشكىللەشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىك ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان كۆلپەتلىك تەقدىردە...

دۇنيادا بىز ئۇچرىغان ئاخىرقى بۇ زەربىدىنمۇ بەختسىز كەچۈرمىش بولماس. بىزگە تونۇش بولغان «ئاشخانا»غا 11 كىلومېتىر يول قالغان يەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تاماقنى پىشۇرىدىغان يېقىلغۇ ۋە ئىككى كۈنلۈك ئاشلىق قالغانىدى.

تۆت كۈندىن بۇيان چېدىردىن ئايرىلىشقا ئىلاجىسىز قالدۇق. ئەتراپىمىزدا بوران ھۆۋلايتتى. تېنىمىز ئاجىزلاپ كەتكەن، خەت يېزىشتا ناھايىتى قىينىلاتتۇق. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇ ئىنگلىزلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ھەمدە ئۆتكەنلەرگە ئوخشاش قەتئىي قايتمايدىغان، ئۇلۇغ جاسارەت بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنەلەيدىغان روھىنى ئىپادىلەپ بەردى. خېيىمخەتەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساقمۇ، خېيىمخەتەر بىلەن تىركىشىپ ئىش قىلدۇق. ئەھۋال يامانغا بۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەگرىدىن ئاغرىنىشقا، كىشىلەردىن رەنجىشكە ھەددىمىز يوق؛ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىگە ئەلھۆكمىلىللاھ دەيمىز. لېكىن، ئۆلۈپ كەتكۈچە يەنىلا تىرىشىپ باقىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى بېغىشلىغان ئىكەنمىز، بۇ يەردە قېرىنداشلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بىزدىن قالغان يېتىملارنىڭ ھالىدىن مۇۋاپىق خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار.

ئەگەر ھايات قالالىساق، ھەمراھلىرىمنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا باسقان ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇ ھەربىر ئىنگلىزنىڭ قەلبىنى چوقۇم لەرزىگە سالاتتى. مانا ئەمدى مۇشۇ چۇۋالچاق خاتىرىمىز ۋە جەسەتلىرىمىز بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسۇن...»

# 18 . ھەقىقىي قەھرىمان[1]

رېگان

*ئامېرىكىنىڭ «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇنىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، پارتلاپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى يەتتە ئالەم ئۇچقۇچىسى (جۈملىدىن بىر ئايال ئوقۇتقۇچى) قازا قىلدى. بۇ تۇيۇقسىز پاجىئەدە ئامېرىكا قايغۇغا چۆمدى، دۇنيا لەرزىگە كەلدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېگان 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇشۇ تېلېۋىزىيە نۇتقىنى ئېلان قىلدى. ئىنتوناتسىيە بىلەن ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ماتەم نۇتقىنى ئوقۇپ، سۆزلىگۈچى ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىگىلەڭ.*

بۈگۈن بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىزدىن ئايرىلغان يەتتە قەھرىمان ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ، دىلىمىزدىكى قايغۇنى تەڭ ئورتاقلىشىمىز. بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىش داۋامىدا قايغۇغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچكە ۋە غايىگە ئىنتىلىدىغان قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

ئائىلىنى، دوستلارنى ۋە ئالەم ئۇچقۇچىلىرىمىزنى سۆيگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ تارتقان زىيىنى ئالدى بىلەن شۇ يەتتە نەپەر ئادىمىمىزنىڭ قازاغا ئۇچرىشىدۇر.

---

[1] «دۇنيادىكى مەشھۇر نۇتۇقلار» (لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى) دىن ئازراق ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

قالدۇرغان.

تۆۋەندە بۇ خەتنىڭ بىر قىسمى ئۆزۈپ ئېلىندى. ئوقۇغاندىن كېيىن تېكىستنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ (شەرت شۇكى، سكوتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارنى دەرسنىڭ سىرتىدا تېپىش كېرەك) ئوقۇش خاتىرىسى يېزىڭ:

«بۇ قېتىمقى ئاپەتنىڭ سەۋەبى تەشكىللەشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق تەۋەككۈلچىلىك ئۈچرىشى مۇمكىن بولغان كۆلپەتلىك تەقدىردە...

دۇنيادا بىز ئۈچرىغان ئاخىرقى بۇ زەربىدىنمۇ بەختسىز كەچۈرمىش بولماس. بىزگە تونۇش بولغان «ئاشخانا»غا 11 كىلومېتىر يول قالغان يەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئاخىرقى بىر ۋاخلىق تاماقنى پىشۇرىدىغان يېقىلغۇ ۋە ئىككى كۈنلۈك ئاشلىق قالغانىدى.

تۆت كۈندىن بۇيان چېدىردىن ئايرىلىشقا ئىلاجىسىز قالدۇق. ئەتراپىمىزدا بوران ھۆۋلايتتى. تېنىمىز ئاجىزلاپ كەتكەن، خەت يېزىشتا ناھايىتى قىينىلاتتۇق. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇ ئىنگلىزلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ھەمدە ئۆتكەنلەرگە ئوخشاش قەتئىي قايتمايدىغان، ئۈلۈغ جاسارەت بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنەلەيدىغان روھىنى ئىپادىلەپ بەردى. خېيىمخەتەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساقمۇ، خېيىمخەتەر بىلەن تىركىشىپ ئىش قىلدۇق. ئەھۋال يامانغا بۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەگرىدىن ئاغرىنىشقا، كىشىلەردىن رەنجىشكە ھەددىمىز يوق؛ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىگە ئەلھۆكمىلىللاھ دەيمىز. لېكىن، ئۆلۈپ كەتكۈچە يەنىلا تىرىشىپ باقىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى بېغىشلىغان ئىكەنمىز، بۇ يەردە قېرىنداشلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بىزدىن قالغان يېتىملارنىڭ ھالىدىن مۇۋاپىق خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار.

ئەگەر ھايات قالالىساق، ھەمراھلىرىمنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا باسقان ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇ ھەربىر ئىنگلىزنىڭ قەلبىنى چوقۇم لەرزىگە سالاتتى. مانا ئەمدى مۇشۇ چۇۋالچاق خاتىرىمىز ۋە جەسەتلىرىمىز بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسۇن...»

# 18 . ھەقىقىي قەھرىمان[1]

رىگان

*ئامېرىكىنىڭ «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇنىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، پارتلاپ كې‍تىپ ، ئايروپىلاندىكى يەتتە ئالەم ئۇچقۇچىسى (جۈملىدىن بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ) قازا قىلدى . بۇ تۇيۇقسىز پاجىئەدە ئامېرىكا قايغۇغا چۆمدى ، دۇنيا لەرزىگە كەلدى . ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىگان 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇشۇ تېلېۋىزىيە نۇتقىنى ئېلان قىلدى . ئىنتوناتسىيە بىلەن ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ماتەم نۇتقىنى ئوقۇپ ، سۆزلىگۈچى ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىگىلەڭ .*

بۈگۈن بىر يەرگە جەم بولۇپ ، بىزدىن ئايرىلغان يەتتە قەھرىمان يۇقىراغا ماتەم تۇتۇپ ، دىلىمىزدىكى قايغۇنى تەڭ ئۈستىمىزگە ئېلىۋا‌تىمىز . بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىش داۋامىدا قايغۇغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچكە ۋە غايىگە ئىنتىلىدىغان قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن .

ئائىلىنى ، دوستلارنى ۋە ئالەم ئۇچقۇچىلىرىمىزنى سۆيگەن كې‍شىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، دۆلەتنىڭ تارتقان زىيىنى ئالدى بىلەن شۇ يەتتە نەپەر ئادىمىمىزنىڭ قازاغا ئۇچرىشىدۇر .

---

[1] «دۇنيادىكى مەشھۇر نۇتۇقلار» (لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 - يىلى نەشرى ) دىن ئازراق ئۆزگەرتىپ ئېلىندى .

قەدىردان كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتىلار ، ئانىلار ، ئەر-لەر ۋە ئاياللار ، ئاكا - ئۇكىلار ، ئاچا - سىڭىللار ، بولۇپمۇ بالىلار ، سىلەر قايغۇلۇق ماتەم تۇتۇۋاتقان كۈنلەردە ھەممە ئامېرىكىلىقلار سى-لەر بىلەن بىللە مۇسىبەتتە .

تىلىمىز شۇ تاپتا دىلىمىزدىكى چىن ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادى-لەپ بېرەلمەيدۇ . پاجىئە ئالدىدا تىل شۇ قەدەر ئاجىز ؛ سۆزلەر سىلەر چوڭقۇر سۆيگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز ھۆرمەتلىگەن ، قەھرىمانى-لارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەرگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتى-مىزنى ئىزھار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ .

بۇ قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىقى بىزنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىمىزدە بولماستىن ، بەلكى ئۇلاردا كەسپچانلىق تۇيغۇسى ، غۇرۇر ۋە سىر-لىق ھەم گۈزەل ئالەمنى بوشاشماي تەكشۈرىدىغان يۈكسەك مەسئۇلى-يەت تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقىدا ، ھەقىقىي ياشاشنى ئەمەلىيەتتىن ئۈزۈ-كۈزگەنلىكىدە ، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقىدا . بىزنىڭ تىرى-شىپ قىلالايدىغىنىمىز يەتتە ئالەم ئۇچقۇچىمىز — يەتتە خىرىسچى-مىزنى ئەستە ساقلاش ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا تونۇش كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھاياتىي كۈچىنى ، مۇھەببىتىنى ۋە خۇشاللىقىنى ، ۋەتەنگە كەلتۈرگەن ئېپتىخارىنى ئېسىمىزدە ساقلاشتىن ئىبارەت .

ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدىن — جەنۇبىي كالىفورنىيىدىن تارتىپ ۋاشىنگتون شتاتىغىچە ، ئوخىئودىن تارتىپ نيۇيورك شتاتىدىكى موخاۋكىغىچە ، ھاۋايدىن تارتىپ شىمالىي كارو-لىنا ۋە نيۇيورك شتاتىدىكى بوفۇلوغىچە بولغان جايلاردىن كەلگەن . ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى ۋە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئوخشاش ئىدى .

دىك سكوب يادىمىزدا : «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى-دىن ئاڭلانغان ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزنى مۇشۇ ئايروپىلان باشلىقى-نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندۇق . ئۇ ئالەم بوشلۇقى پىلانىغا قاتنىشىش-تىن ئىلگىرى كورەشچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىسى بولۇپ ، كېيىن يۇقىرى بوشلۇقتا ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ تەجرىبە ئۇچقۇچىسى بولدى .

ئىروپىلان باشلىقى سىكوبقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېيىمخەتەر ئەزەلدىن ئۇنىڭغا تونۇش ھەمراھ ئىدى.

مايىك شىمسىنىڭ كورەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولۇپ ئالغان مېداللىرىنىڭ مەيدىسىگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى، جۇملىدىن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە ئۇچقۇچىلارغا بېرىلىدىغان كرېست ئوردېنى ۋە يەنە بىر دۆلەتتىن كەلگەن كۈمۈش يۇلتۇز كرېست ئوردېنىنى ئالغانلىقى ئېسىمىزدە.

دوستلىرى تەرىپىدىن J.R دەپ ئاتىلىدىغان جۇدىس رېينكېف ئېسىمىزدە. ئۇ كولۇمىسىرەپلا تۇرىدىغان ئايال ئىدى. خەلققە تۆھپە قوشۇشقا ھەمىشە تەقەززا ئىدى. خىزمەت ئارىلىقىدا پىئانىنو چېلىپ، گۈزەللىكتىن بەھرە ئالاتتى.

بالىلىق دەۋرىدە قەھۋەزارلىقتا ۋە ھاۋايدىكى مەككوتامىيە قەبرىستانلىقىدا يۈرگەن ئېركسون ئانىزوكانىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز، ئۇ خېلى بۇرۇن ئاي شارىغا چىقىپ ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ كىشىلەرگە بەختكە يارىشا ئۇچقۇچى بولۇپ، ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى كۆرسىتەلەيدىغان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

جەنۇبىي كالىفورنىيىنىڭ كېۋەزلىكلىرى مىجەزىنى قەتئىي قىلىپ تاۋلىغانلىقىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن رونالد مايلىنىمۇ بار. ئۇ ئالەم بوشلۇقى پونكىتىغا چىقىپ ياشاشنى، ئېغىرلىقنى يوقاتقان ئالەم بوشلۇقىدا تەجرىبە قىلىشنى، ساكسفون چېلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئېھ! ران (رونالدنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى)، ساكسفونۇڭنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز. سەن ئارزۇ قىلغان ئالەم بوشلۇقى پونكىتىنى بەرپا قىلىمىز.

گرېگورى جېرۇس يادىمىزدا. شۇ قېتىملىق ئەجەللىك ئۇچۇشتا ئانا مەكتىپى بۇففالودىكى نيۇيورك شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بايرىقىنى يېنىغا ئېلىۋالغانىدى. بۇ كىچىككىنە خاتىرە بۇيۇم بولۇپ، ماڭا كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىلەرنى ئەسلەيمەن، دېگەنىدى.

پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قويۇقلاشتۇرغان كوللىس-

قەدىردان كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتىلار، ئانىلار، ئەرـ
لەر ۋە ئاياللار، ئاكا ـ ئۇكىلار، ئاچا ـ سىڭىللار، بولۇپمۇ بالىلار،
سىلەر قايغۇلۇق ماتەم تۇتۇۋاتقان كۈنلەردە ھەممە ئامېرىكىلىقلار سىـ
لەر بىلەن بىللە مۇسىبەتتە.

تىلىمىز شۇ تاپتا دىلىمىزدىكى چىن ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىـ
لەپ بېرەلمەيدۇ. پاجىئە ئالدىدا تىل شۇ قەدەر ئاجىز؛ سۆزلەر سىلەر
چوڭقۇر سۆيگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز ھۆرمەتلىگەن، قەھرىماـ
نلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەرگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتىـ
مىزنى ئىزھار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

بۇ قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىقى بىزنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىمىزدە
بولماستىن، بەلكى ئۇلاردا كەسپچانلىق تۇيغۇسى، غۇرۇر ۋە سىرـ
لىق ھەم گۈزەل ئالەمنى بوشاشماي تەكشۈرىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىـ
يەت تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقىدا، ھەقىقىي ياشاشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆزـ
كۆزگەنلىكىدە، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقىدا. بىزنىڭ تىرىـ
شىپ قىلالايدىغىنىمىز يەتتە ئالەم ئۇچقۇچىمىز — يەتتە خىرىسچىـ
مىزنى ئەستە ساقلاش، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا تونۇش كىشىلەرگە
ئېلىپ كەلگەن ھاياتىي كۈچىنى، مۇھەببىتىنى ۋە خۇشاللىقىنى،
ۋەتەنگە كەلتۈرگەن ئىپتىخارىنى ئېسىمىزدە ساقلاشتىن ئىبارەت.

ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن — جەنۇبىي
كالىفورنىيىدىن تارتىپ ۋاشىنگتون شتاتىغىچە، ئوخىئودىن تارتىپ
نيۇيورك شتاتىدىكى موخاۋكىغىچە، ھاۋايدىن تارتىپ شىمالىي كاروـ
لىنا ۋە نيۇيورك شتاتىدىكى بوفۇلوغىچە بولغان جايلاردىن كەلگەن.
ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى ۋە
ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئوخشاش ئىدى.

دىك سىكوب يادىمىزدا: «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىـ
دىن ئاڭلانغان ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزنى مۇشۇ ئايروپىلان باشلىقىـ
نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدۇق. ئۇ ئالەم بوشلۇقى پىلانىغا قاتنىشىشـ
تىن ئىلگىرى كۈرەشچى ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىسى بولۇپ، كېيىن
يۇقىرى بوشلۇقتا ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ تەجرىبە ئۇچقۇچىسى بولدى.

ئابروپىلان باشلىقى سىكوبقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، خېيىمخەتەر ئەزەلـ
دىن ئۇنىڭغا تونۇش ھەمراھ ئىدى .

مايىك شىمىسىنىڭ كۆرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولۇپ ئالغان
مېداللىرىنىڭ مەيدىسىگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى ، جۇملىدىن دېڭىز
ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە ئۇچقۇچىلارغا بېرىلىدىغان كرېست ئوردېنى
ۋە يەنە بىر دۆلەتتىن كەلگەن كۈمۈش يۇلتۇز كرېست ئوردېنىنى
ئالغانلىقى ئېسىمىزدە .

دوستلىرى تەرىپىدىن J. R دەپ ئاتىلىدىغان جۇدىس رېينكېف
ئېسىمىزدە . ئۇ كۇلۇمىسىرەپلا تۇرىدىغان ئايال ئىدى . خەلققە تۆھپە
قوشۇشقا ھەمىشە تەقەززا ئىدى . خىزمەت ئارىلىقىدا پىئانىنو چېلىپ ،
گۈزەللىكتىن بەھرە ئالاتتى .

بالىلىق دەۋرىدە قەھۋەزارلىقتا ۋە ھاۋايدىكى مەككوتامىيە قەبـ
رىستانلىقىدا يۈرگەن ئېركسون ئانىزوكاننىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز ،
ئۇ خېلى بۇرۇن ئاي شارىغا چىقىپ ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغانـ
دى . ئۇ كىشىلەرگە بەختكە يارىشا ئۇچقۇچى بولۇپ ، ھاياتىدا ئۇنتۇلـ
غۇسىز تۆھپىلەرنى كۆرسىتەلەيدىغان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدـ
دى .

جەنۇبىي كالىفورنىيىنىڭ كېۋەزلىكلىرى مىجەزىنى قەتئىي قەـ
لىپ تاۋلىغانلىقىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن رونالد مايلىنىلمۇ
بار . ئۇ ئالەم بوشلۇقى پونكىتىغا چىقىپ ياشاشنى ، ئېغىرلىقنى
يوقاتقان ئالەم بوشلۇقىدا تەجرىبە قىلىشنى ، ساكسفون چېلىشنى
ئارزۇ قىلغانىدى . ئېھ ! ران (رونالدنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى) ، ساكسـ
فونوڭنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز . سەن ئارزۇ قىلغان ئالەم بوشلۇقى پونكىـ
تىنى بەرپا قىلىمىز .

گرىگورى جېرۋىس يادىمىزدا . شۇ قېتىملىق ئەجەللىك ئۇچۇشتا
ئانا مەكتىپى بۇففالودىكى نيۇيورك شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بايرىـ
قىنى يېنىغا ئېلىۋالغانىدى . بۇ كىچىككىنە خاتىرە بۇيۇم بولۇپ ، ماڭا
كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىلەرنى ئەسلەيمەن ، دېگەنىدى .

پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قويۇقلاشتۇرغان كوللىسـ

تېخى مىكاۋلىخو ھېلىمۇ ئېسىمىزدە. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى بىلەن بىزگە ئىلھام بەردى. ئۇ مۇئەللىمە ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭلا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇشى بىزنىڭ كەلگۈسىگە ھۇجۇم قىلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدىغان دەرسلىك بولۇپ، بىزگە ھارماي سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇلارنى — بۇ مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىم، تەۋەككۇلچىلەرنى، بۇ سەنئەتچى، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز. ھەربىر ئادەم توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى قەدىرلەيمىز. بۇ غەلىبىنى ۋە باتۇرلۇقنى تەرىپلەيدىغان ھېكايىدۇر. بۇ ھەقىقىي ئامېرىكا قەھرىمانلىرىنىڭ ھېكايىسىدۇر.

پاجىئە يۈز بەرگەن كۈنى ھەممە ئامېرىكىلىقلار تېلېۋىزور ئالدىدا كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇردۇق. كېچىچە ئۇخلىيالمىدۇق. ھاياجانلىرىمىز ئاشۇ بەختسىز پەيتتە تىترەككە ئايلاندى. كۈتتۇق، دىققەت قىلدۇق، يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولدۇق. شۇ كۈنى كېچىسى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ زىيارەت پروگراممىسىنى ئاڭلىدىم. چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم قايغۇسىنى بايان قىلدى، ئالەم ئۇچقۇچىلىرىدىن ئىپتىخارلاندى. پۈتكۈل دۆلەتنى تۇمان قاپلىدى. ئۆيلىرىمىزدىن چىقىپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق.

سىلەر قىزغىن سۆيگەن كىشىلەرنىڭ قۇربان بولۇشى پۈتكۈل دۆلەتنى لەرزىگە سالدى. ئازاب ئىچىدە، ئەھمىيىتى چوڭقۇر قائىدىنى چۈشىنىپ يەتتۇق: كەلگۈسىنىڭ يولى تۈز بولمايدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش تارىخى جاپا - مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسالغۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. بىز يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتۇقكى، بىزنىڭ ئامېرىكا قەھرىمانلىق ۋە ئالىيجانابلارچە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇنى يەتتە نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىمىزدەك ئەرلەر، ئاياللار، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز-

نىڭ مەسئۇلىيىتى قىلغان ئادەملەر، خەلققە خەلق ئۈمىد قىلغان ۋە تەلەپ قىلغاندىنمۇ كۆپرەك تۆھپە يارىتىپ، ئازراقمۇ ھەق تەلەپ قىلىش نىيىتىدە بولمىغان كىشىلەر بەرپا قىلغان.

بىر ئەسىر بۇرۇنقى يول ئاچقۇچىلار ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە كېلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ قاقاس غەربىي قىسمىدىكى ئېچىش ئۈچۈن، بالا - چاقىلىرىنى ۋە ئۆي - بىساتلىرىنى ئېلىپ ماڭغان قەيسەر، ئېگىلمەس كىشىلەر ھەمىشە يامان شارائىتقا دۇچكېلىپ، ئورىگوننىڭ چىغىر يوللىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن. يىقىلىپ چۈشكەن بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ قەبرىلىرىنى ھېلىھەم كۆرەلەيسىلەر. لېكىن، ئازاب ئۇلارنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش نىيىتىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرگەن ئىدى.

بۈگۈنكى قاقاسلىق دەل ئالەم بوشلۇقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى يېتىپ بارمىغان جايلاردۇر. بەزىدە تاشقى پلانېتىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوقلۇقىنى ھېس قىلىمىز. لېكىن، چوقۇم يېڭىۋاشتىن روھلىنىپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىداپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز ھەقىقەتەن تولىمۇ بەختلىك دۆلەت. چۈنكى غايەت زور قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئىناۋەتنى ۋە تىز پۈكمەيدىغان پەزىلەتنى ساقلاپ كەلمەكتىمىز. بىزدە «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىدىكى يەتتە نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىسىغا ئوخشاش قەھرىمانلار ھېلىمۇ بار.

دىك سىكوبقا مەلۇمكى، ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇش ئەسۋابىنىڭ ھەر قېتىملىق قويۇپ بېرىلىشى تېخنىكا جەھەتتىكى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ: «بىرەر چاتاقنىڭ چىقىشى ھەرگىزمۇ ئالەم بوشلۇقى پىلانىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ» دېگەنىدى. قەھرىمانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى مەن ئۇچراشقان ھەربىر ئادەم بۇ پىلانىنى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى ئالاھىدە تەلەپ قىلدى. بۇ، ئۇلار يېقىن ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلغان پىلان ئىدى. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىز قويمايمىز.

بۈگۈن دىك سىكوبقا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا شۇنداق ۋەدە بېرى-
مىزكى ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ھەرگىزمۇ بەربات بولمايدۇ . ئۇلار ئۆزى-
نى بېغىشلىغان غايە چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ . دۆلەتنىڭ ئاۋىئات-
سىيە ۋە ئالەم ئىدارىسىدە ئۆزىنى بېغىشلاپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەر
ئائىلىسىدىكى يەتتە ئەزادىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇلار داۋاملىق خىزمەت
قىلىپ ، بىخەتەر ھەم خەتەرلىك ئالەم بوشلۇقى پىلانىنى يۈرەكلىك
ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ . ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىغا داۋاملىق يۈرۈش
قىلىدۇ، يېڭى نىشانىنى ئۆزلۈكسىز تىكلەيدۇ ، يېڭى نەتىجىلەرنى
ئۆزلۈكسىز قولغا كەلتۈرىدۇ . مانا بۇ «خىرىسچى» ناملىق ئالەم
ئايروپىلانىدىكى يەتتە قەھرىماننى خاتىرىلىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇ-
سۇلى .

دىك ، مايك ، جۇدىس ، ئېركسون ، رونالد ، گرىگورى ۋە كول-
لىستىر ، سىلەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىڭلارغا ئائىلەڭلار ۋە دۆلىتىڭلار
ماتەم تۇتتى . خاتىرجەم يېتىڭلار ، سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز .
سىلەر بىلەن تونۇشىدىغان ۋە سىلەر سۆيگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا ، ئازابلىق زەربە ئېغىر بولىدۇ ، ئۇزۇنغا داۋاملىشىدۇ . بىر
دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يەتتە پەرزەنتىنىڭ ، يەتتە ياخشى دوستى-
نىڭ كېتىپ قېلىشى تولدۇرغۇسىز زىيان ھېسابلىنىدۇ . بىز تاپالاي-
دىغان بىردىنبىر تەسەللى شۇكى ، شۇنداق ئېگىز ، شۇنداق ئېپتىخار-
لىق بىلەن ئۇچقان سىلەرنىڭ ھازىر پىلانېتىلار ئارىسىدا پەرۋەردىگار
ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانىنى تاپقىنىڭلارنى تۇيۇپ تۇرىۋا-
تىمىز .

مۇشۇ جاپالىق پەيتتە پەرۋەردىگار كۆيۈملىكنى ئۆز پاناھىدا ساق-
لىغاي ھەممە سىلەرگە مەدەت بەرگەي .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ. سىزنى تەسىرلەندۈرگەن جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ ھەمدە بۇ ماقالىدىكى ئادەم قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۈچنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. بىلىم جۇغلانمىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى قانداق چۈشەنگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ:

1) بۇ قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىقى بىزنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىمىزدە بولماستىن، بەلكى ئۇلاردا كەسپچانلىق تۇيغۇسى، غۇرۇر ۋە سىرلىق ھەم گۈزەل ئالەمنى بوشاشماي تەكشۈرىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقىدا، ھەققىي ياشاشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكىدە، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقىدا.

2) ئازاب ئىچىدە، ئەھمىيىتى چوڭقۇر قائىدىنى چۈشىنىپ يەتتۇق: كەلگۈسىنىڭ يولى تۈز بولمايدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش تارىخى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسالغۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت.

3) بىز تاپالايدىغان بىردىنبىر تەسەللى شۇكى، شۇنداق ئېگىز، شۇنداق ئىپتىخارلىق بىلەن ئۇچقان سىلەرنىڭ ھازىر پلانېتلار ئارىسىدا پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك ماكاننى تاپقىنىڭلارنى تۇيۇپ تۇرىۋاتىمىز.

*3. كۇتۇپخانا ياكى ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال تېپىپ، «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

# 19 . كىرىشتۇرمە خەۋەر[1]

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى

ھازىر ئىستانسىمىز مۇخبىرلىرى ۋۇ شەنئاۋ ، ياڭ جېنشېن ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز فې ئەندىلارنىڭ توشۇغۇچى راكېتا قويۇپ بېرىلگەن دېڭىز رايونىدىن ئەۋەتكەن كىرىشتۇرمە خەۋەر — «دۆلىتىمىزنىڭ توشۇغۇچى راكېتانى سۇ ئاستىدىن قويۇپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھەققىدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىگە نەزەر» نى ئاڭلىتىمىز .

10 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ، بىز دېڭىز رايونىدىكى قويۇپ بېرىش ئورنىغا يېتىپ كەلدۇق . ئاسمان زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ، دېڭىز يۈزى تىپتىنچ ئىدى . قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى ، توشۇغۇچى راكېتا. نىڭ سۇ ئاستىدا قويۇپ بېرىلىش سىنىقى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلەتتى .

(قوماندانلىق ئورنىدىن: «بىر سائەت ئىچىدە تەييارلىنىڭلار» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋال: بېيجىڭ، خۋاشەن، 1 ــ نومۇر، ھەرقايسى نومۇرلار دىققەت، بىر سائەت تەييارلىق قىلىڭلار ...)

قوماندانلىق ئورنىدىن «بىر سائەت تەييارلىق قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندە ، گۈرۈلدىگەن پاراخوت ئاۋازلىرى ئىچىدە، بىر جەڭگىۋار پاراخوت ئەترىتى دېڭىزدىكى سىناق رايونىغا كەلدى. ھەممىدىن ئاۋۋال كەلگىنى قوغدىنىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى پاراخوتلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆتكەن يېرىدە يول - يول دولقۇن ئىزلىرى قالدى ؛ كەينىدىن مېتېئورولوگىيە پاراخوتى ، مۇداپىئە -

---

[1] بۇ تېكىست 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ رادىئو ئورىگىنالى .

قۇتقۇزۇش پاراخوتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا ئەركىن - ئازادە كېلىپ توختىدى؛ ئەڭ ئاخىرقىسى توشۇغۇچى راكېتا قاچىلانغان بىر قويۇپ بېرىش سۇ ئاستى كېمىسى بولۇپ، سۇ يۈزىدىن دېڭىز رايونىغا ئۇ خۇددى غايەت زور كىتتەك كىرگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا چۆكتى. بىردەمدىن كېيىن، بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان دېڭىز رايونى ھاۋا بوشلۇقىغا كېلىپ، توختىماي ئايلىنىشقا باشلىدى، راكېتا قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

تۇيۇقسىز دېڭىز يۈزىدە راكېتانىڭ سۇ چىقىرىش نۇقتىسىنى كۆرسىتىدىغان بىر قىزىل رەڭلىك يورۇقلۇق نۇقتىسى كۆرۈندى. بۇ، قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىغا يەنە ئىككى مىنۇت قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ چاغدا، قۇرۇقلۇقتا، پاراخوتتا ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇرغۇن ئىز قوغلاپ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، راكېتا سۇدىن چىققاندىن كېيىن، ئالدىن بەلگىلەنگەن سۇ يۈزىگە چۈشۈش نۇقتىسىغا قاراپ ئۇچۇش جەريانىدىكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كەلگەن تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاندى.

(سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ چىقىشى جەھەتتىكى «بىر مىنۇتلۇق تەييارلىق» مەشغۇلاتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى: «ھەرقايسى جەڭگىۋار ئورۇنلار دىققەت! بىر مىنۇت تەييارلىق قىلىڭلار ...» ئارىلاش ئاۋازلار تۆۋەنلىتىپ ئاڭلىتىلىدۇ.)

قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىغا يەنە بىر مىنۇت قالغاندا، سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ قويۇپ بېرىش بۆلۈمچىسى بىر خىل جەڭگىۋار كەيپىياتقا تولدى. رولچى لۇ ياۋجۇڭ رول سۇپىسى ئالدىدا سالماق ھالدا تۇرۇپ، قويۇپ بېرىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

(سۇ ئاستى كېمىسىدىن قويۇپ بېرىلىش ئالدىدىكى مەشغۇلات ئاۋازى: «10 — 5، 4، 3، 2، 1، ئات!» ۋە ئېتىلغان چاغدىكى قاتتىق ئاۋاز.)

لۇ ياۋجۇڭ بىر بۇيرۇق بىلەنلا كەسكىن ھالدا ئېتىش كۇنۇپكىسىنى باستى، تۇنجۇققان گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن تەڭلا توشۇغۇچى راكېتا سۇ يۈزىگە ئېتىلىپ چىقتى.

(راكېتا سۇدىن چىقىپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى شاۋقۇن ئاۋازى

ئارىلاش ئاڭلىنىدۇ.)

بۇ چاغدا، ئادەملەر راكېتانىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن ئاپپاق رەڭگىدىكى يالقۇن چىققانلىقىنى، دېڭىز سۈيى بىردىنلا شىددەتلىك دولقۇنلاپ، ئاق رەڭلىك بۇژغۇن چىقارغانلىقىنى، ئۇنىڭ زۇمرەتتەك دېڭىز يۈزىدە خۇددى بەرق ئۇرۇپ ھۆپپىدە ئېچىلغان غايەت زور نىلۇپەر گۈلىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. راكېتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۇقىرىغا ئۆرلىدى، قۇيرۇقىدىكى يالقۇنمۇ خۇددى سۇدىن چىققان ئەجدىھادەك بارغانسېرى ئۇزىراپ، ئاسمانغا تىك چىقىپ كەتتى. راكېتا بارغانسېرى ئېگىزلەپ ۋە كىچىكلەپ، ئاخىر كىچىك بىر يورۇق نۇقتىغا ئايلانغان پېتى پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىدا غايىب بولدى.

(ئادەملەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ياڭراۋاتىدۇ، ئاندىن ئارىلاش ئاۋاز تۆۋەنلەيدۇ.)

رادىيو ئاڭلىغۇچىلار ئەمدى ئىستانسىمىز مۇخبىرلىرى لىيۇ چاڭيۈ، ما جېنيى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ جىنجۇڭلارنىڭ توشۇغۇچى راكېتانىڭ بەلگىلەنگەن چۈشۈش رايونىدىكى ئۆلچەش پاراخوتىدىن يوللىغان كىرىشتۈرمە خەۋىرىنى ئاڭلىتىمىز.

**لىيۇ چاڭيۈ:** رادىيو ئاڭلىغۇچىلار، ياخشىمۇسىلەر. ھازىر مەن سىلەرگە دۆلىتىمىزنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ سۇ ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەن توشۇغۇچى راكېتاسىنىڭ سۇغا قايتىپ چۈشۈشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىمەن.

**ما جېنيى:** توشۇغۇچى راكېتانى سۇ ئاستىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق كۈچلۈك ئېلېكتر دولقۇنى ئارقىلىق ئۆلچەش پاراخوتىغا يەتكۈزۈلدى. پاراخوتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشقا كىرىشتى. ئۇ، پاراخوتتىكى ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى كونترول قىلىش مەركىزى بولۇپ، ھەرخىل ئېلېكترونلۇق ۋە ئوپتىكىلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى يېتەكلەپ، نىشاننى جىددىي ئىزدىمەكتە.

(ئەمەلىي ئەھۋال: يىراقتىن ئۆلچەش ئەسۋابىدا نىشان بايقالدى! رادار

نىشاننى بايقىدى! تېئودولىت[1] نىشان بايقالدى! ھەرقايسى ئورۇنلار، ئىز قوغلاشقا دىققەت قىلىڭلار... ئارىلاش ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.)

**ما جېنيى :** ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان خۇش خەۋەرلەر كونترول بۆلۈمىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. سارغۇچ رادار ئېكرانىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان يورۇق نۇقتىنى ئۆلچەپ تېزلىكتە كرېست شەكىللىك لىنىيىگە كىرگۈزدى. بۇ، رادارنىڭ نىشاننى تاپقانلىقى ھەمدە ئۆلچەنگەن يولنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى مەركىزىي كومپيۇتېرغا ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(ئەمەلىي ئەھۋال: قوماندانلىق بۆلۈمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.)

**ما جېنيى :** پاراخوت پالۇبىسىنىڭ ئېگىز يېرىدىكى لازېرلىق كىنو تېئودولىتنىڭ ئىككىنچى رولچىسى ھېسابلاش ماشىنىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۆپتىكىلىق چەنلەش ئەينىكىدىن نىشاننى ئىزدەپ، بىر ئوت شارچىسىنىڭ بىر پارچە ئاق بۇلۇتنى خۇددى ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بايقىدى.

(ئەمەلىي ئەھۋال: باشقۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ: «ئوق بېشى سۇغا كىردى! چۈشۈش نۇقتىسى ئۇقتۇرۇلسۇن.» ئەمەلىي ئەھۋال: تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.)

**لىيۇ چاڭيۇ :** رادىئو ئاڭلىغۇچىلار، ھازىر بىز تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ چۈشۈش نۇقتىسى ئۈستىگە پەسلەپ ئۇچۇپ كېلىپ، راكېتىنىڭ سۇغا چۈشكەندە بىردىنلا قويۇپ بەرگەن كۆرۈنۈشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن فلۇئورسېنسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

(ئەمەلىي ئەھۋال: گۈدۈك ئاۋازى، دۆلەت شېئىرى ئوقۇلغان ئاۋاز.)

**لىيۇ چاڭيۇ :** كوماندىر - جەڭچىلەر گۈدۈك ياڭراتتى، رادىئو كانىيىدا دۆلەت شېئىرى ئورۇنلاندى، سىناققا قاتناشقان خادىملار بىرلىكتە پالۇبىغا يىغىلىپ شاد - خۇراملىققا چۆمدى. بىز ئۇلارنىڭ

---

① تېئودولىت — گورىزونتال بۇلۇڭ، ئېگىزلىك بۇلۇڭى قاتارلىقلارنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋاب.

ھاياجاندىن ياش تۆكۈپ، ئۆزئارا قول ئېلىشىپ قۇچاقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

(ئارىلاش ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.)

كىشىلەر ھاياجاندىن كۆزلىرى نەمدەلگەن ھالدا شاد-خۇراملىققا چۆمگەندى. ھەممەيلەن ئېلىمىزنىڭ توشۇغۇچى راكېتاسىنىڭ سۇ ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلگەنلىكى — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ بىر باھار گۈلدۈرمامىسى ئىكەنلىكىنى ئالقىشلىدى!

سىناق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز دېڭىز رايونى قويۇپ بېرىش قوماندانلىق ئورنىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ خۇيجۈنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېدى (ئۈنئالغۇ): «بۇ قېتىم سىناق قىلىنغان توشۇغۇچى راكېتا سۇ ئاستى كېمىسى ئارقىلىق سۇ ئاستىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۇچۇشىمۇ ناھايىتى نورمال بولۇپ، بەلگىلەنگەن دېڭىز تەۋەسىدە سۇ يۈزىگە قايتىپ چۈشتى؛ ھەرقايسى ئۆلچەش-تىزگىنلەش پونكىتلىرىنىڭ ئىز قوغلىشى ناھايىتى ياخشى بولدى، بارلىق پارامېتىرلار[1]غا ئېرىشىپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا يەتتى. بۇ، مۇستەقىل، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى سىناققا قاتناشقان بارلىق ئىنژېنېرلار، تېخنىكلار، ئىشچىلار ۋە كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋاملىق تىرىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.»

[1] پارامېتىر — ھەرقانداق ھادىسە، ئۈسكۈنە ياكى باشقا خىزمەت جەريانىدىكى مەلۇم بىر خىل مۇھىم خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستكە ئاساسەن، گۇرۇپپىلار ئارا ئالدىن تەييارلىق قىلىنىدۇ. ئاڭلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىدۇ. دەرسخانىدا تەقلىدىي ئاڭلىتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيگە قايتقاندىن كېيىن، ھەركىم ئائىلە باشلىقلىرىغا تەقلىدىي ئاڭلىتىدۇ ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنى باھالاشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە سۇ ئاستى كېمىسىنى، بۇژغۇن ۋە راكېتانى يېزىشتا ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. سىزنىڭچە، بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

1) ئەڭ ئاخىرقىسى توشۇغۇچى راكېتا قاچىلانغان بىر قويۇپ بېرىش سۇ ئاستى كېمىسى بولۇپ، ئۇ خۇددى غايەت زور كىتتەك، سۇ يۈزىدىن دېڭىز رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا چۆكتى.

2) بۇ چاغدا، ئادەملەر راكېتانىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن ئاپېلسىن رەڭگىدىكى يالقۇن چىققانلىقىنى، دېڭىز سۈيى بىردىنلا شىددەتلىك دولقۇنلاپ، ئاق بۇژغۇن چىقارغانلىقىنى، زۇمرەتتەك دېڭىز يۈزىدە خۇددى بەرق ئۇرۇپ ھۆپپىدە ئېچىلغان غايەت زور نىلۇپەر گۈلگە ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

3. تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنىڭ، ئۇ جۈملىلەردىن ئاڭلىتىش جەريانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھېسسىيات، سۈرئەت ۋە ئىنتوناتسىيىنى ھېس قىلىڭ:

1) ئاسمان زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك، دېڭىز يۈزى تېپتىنچ ئىدى. قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى، توشۇغۇچى راكېتانىڭ سۇ ئاستىدىن قويۇپ بېرىلىش سىنىقى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلەتتى.

2) راكېتا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۇقىرىغا ئۆرلىدى، قۇيرۇقىدىكى يالقۇنمۇ خۇددى سۇدىن چىققان ئەجدىھادەك بارغانسېرى ئۇزىراپ، ئاسمانغا تىك چىقىپ كەتتى.

3) رادىئو ئاڭلىغۇچىلار، ياخشىمۇسىلەر. ھازىر مەن سىلەرگە دۆلىتىمىزنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن توشۇغۇچى راكېتاسىنىڭ سۇغا قايتىپ چۈشۈشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىمەن.

4) رادىئو ئاڭلىغۇچىلار، ھازىر بىز تىك ئۇچار ئايروپىلانىنىڭ چۈشۈش

نۇقتىسى ئۈستىگە پەسلەپ ئۇچۇپ كېلىپ، راكېتا سۇغا چۈشكەندە بىردىنلا قويۇپ بەرگەن كۆرۈنۈشنى ئىنچىكىلىك بىلەن فلوئورسېنىيىلىك سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

5) كوماندىر – جەڭچىلەر گۈدۈك ياڭراتتى، رادىئو كانىيىدا دۆلەت شېئىرى ئورۇندالدى، سىناققا قاتناشقان خادىملار پالۇبىغا يىغىلىپ شاد – خۇراملىققا چۆمدى.

# 20. جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى شىياڭگاڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى[1]

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە شىياڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى (شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى، خەلق گېزىتى مۇخبىرى) 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 دە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى شىياڭگاڭدا لەپىلدىدى، 100 يىللىق مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن شىياڭگاڭ[2] ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى.

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېرىم كېچىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەرگىچە، يىغىن كۆرگەزمە مەركىزى بىناسىدىكى چىراغ نۇرلىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. پۈتۈن دۇنيا كۆز

---

① 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»دىن ئېلىندى.

② 19 - ئەسىرنىڭ 40 - ، 50 - يىللىرىدا ئەنگلىيە جۇڭگوغا ئىككى قېتىملىق [illegible]ئۇرۇشىنى قوزغىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەننى ھاقارەتكە قويىدىغان «نەنجىڭ شەرتنامىسى» ۋە «بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ شەرتنامىدە شىياڭگاڭ ئارىلى بىلەن جيۇلۇڭ ئارىلى ئەنگلىيىگە ئايرىپ بېرىلدى. ئەنگلىيە 1898 - يىلى يەنە «شىياڭگاڭ چېگراسىنى كېڭەيتىش مەخسۇس شەرتنامىسى» ئارقىلىق «شىنجيې»نى زورلۇق بىلەن 99 يىللىق ئىجارىگە ئالدى، شۇنىڭدىن تارتىپ پۈتكۈل شىياڭگاڭ رايونىنى بېسىۋالدى.

تىككەن جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى بۇ يەرنىڭ 5 - قەۋەتتىكى زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى .

تارىخنىڭ ئىستىرېلكىسى 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 نى كۆرسەتكەندە ، يىغىن زالىدىكى پۈتۈن كىشىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ، نەچچە مىڭ جۈپ كۆز چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە سېرىس گۈللۈك رايون بايرىقىغا تىكىلدى بۇ ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلغان بىر دەقىقە ، بۇ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈ پۈتۈلىدىغان ۋاقىت ئىدى .

بۇ يەردە سائەت 0 دىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن تەنتەنىلىك ھالدا مۇنۇلارنى جاكارلىدى : جۇڭگو ۋە ئەنگلىيىنىڭ شىياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتىغا ئاساسەن ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى شىياڭگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنى ئۆز قەرەلىدە ئېچىپ ، جۇڭگونىڭ شىياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى . 100 يىللىق زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولغانلىقىنى ، شىياڭگاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ شۇنىڭدىن تارتىپ يېپيېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ تەنتەنىلىك جاكار يىغىن زالىدىكى 4000 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ئۇزاق ئالقىش سادالىرىنى قوزغىدى . بۇ جاكار ئېلېكتر دولقۇنى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىغا ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەنگە ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى .

جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى 6 - ئاينىڭ 30 -

كۆنى يېرىم كېچىدە ئۆتكۈزۈلدى . سائەت 23 تىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆتكۈزۈپ بېرىش — ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى .

جۇڭگو — ئەنگلىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتى مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپ كانايچىلىرى كاناي چالدى . 23 تىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە ، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن ، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋەننيەن ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى قېتىم تەيىنلەنگەن مەمۇرىي ئەمەلدارى دۇڭ جيەنخۇا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ ، رەئىس سەھنىسىنىڭ مۇراسىم سۇپىسىغا چىقتى . ئەنگلىيە تەرەپتىن شاھزادە چارلىز ، باش ۋەزىر بلايىر ، دىپلوماتىيە ۋەزىرى كۇك ، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان شياڭگاڭ تەپتىش ئەمەلدارى پېڭ دىڭكاڭ ، دۆلەت مۇداپىئەسى شتاب باشلىقى چارلىز گوسرىلار ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ، رەئىس سەھنىسىنىڭ مۇراسىم سۇپىسىغا چىقتى .

ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتى مىلتىق كۆتۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ، شاھزادە چارلىز سۆز قىلدى . ئۇ : بۇ مۇھىم ۋە ئالاھىدە مۇراسىم ، ئۇ شياڭگاڭغا ئەنگلىيە 150 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ، ئەمدى ئۇنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ، دېدى . ئۇ ، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش»[1] تەسەۋۋۇرىنى «جۇڭگو — ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتى»غا ئايلاندۇرغان كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈردى ھەمدە بىرلەشمە بايانات سۆھبىتىنىڭ يولغا قويۇش تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈر-

[1] دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : بىز «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» سىياسىتىنى يولغا قويىمىز ، كونكرېت ئېيتقاندا ، بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە ، 1 مىليارد نوپۇسى بولغان چوڭ قۇرۇقلۇقتا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ، شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەندە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ، يەنى بىر «دۆلەت» ئىچىدە «ئىككى خىل تۈزۈمنى» يولغا قويۇشتىن ئىبارەت . بۇ ، قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدۇر .

دى .

چارلىز مۇنداق دېدى : شياڭگاڭ دۇنياغا شۇنى بىلدۈردىكى ، جۇشقۇنلۇق ۋە مۇقىملىق — مۇۋەپپەقىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر .

ئۇ مۇنداق دېدى : شياڭگاڭ بۈگۈندىن باشلاپ جۇڭگوغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ ، «بىر دۆلەت ، ئىككى خىل تۈزۈم» رامكىسى ئاستىدا ، شياڭگاڭ داۋاملىق ھالدا ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم خەلقئارا ھەمراھى بولۇپ قالىدۇ . 1984 - يىلىدىكى «بىرلەشمە بايانات» پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك ھالدا شۇنداق ۋەدە بېرىدۇكى ، ئۇ شياڭگاڭنىڭ ئۆز تۇرمۇش شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئەنگلىيەمۇ ئۇ «بىرلەشمە بايانات»نى داۋاملىق تۈردە قەتئىي تەۋرەنمەي قوغدايدۇ .

سائەت 23 تىن 56 مىنۇت ئۆتكەندە ، جۇڭگو ، ئەنگلىيە ئىككى تەرەپنىڭ بايراق مۇھاپىزەتچىلىرى مەيدانغا كىردى . جۇڭگو - ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشىنىڭ سىمۋولى بولغان بايراق چۈشۈرۈش ، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى باشلاندى . مۇراسىمغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ نەزىرى رەئىس سەھنىسىدىكى ئاساسىي مۇراسىم سۇپىسىنىڭ شەرق - غەرب تەرەپلىرىدىكى بايراق خادىسى ئۈستىگە مەركەزلەشتى .

سائەت 23 تىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقى بىلەن شياڭگاڭ بايرىقى ئەنگلىيە دۆلەت گىمنىنىڭ ساداسى ئىچىدە ئاستا - ئاستا چۈشۈرۈلدى . «米» خېتى شەكلىدىكى بايراقنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭدىكى بىر يېرىم ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى .

بۇ چاغدا ، سائەت 0 گە پەقەت بىرنەچچە سېكۇنتلا قالغان بولۇپ ، پۈتۈن مەيدان سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى .

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 دە ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان مۇقەددەس پەيت يېتىپ كەلدى : جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ

ھەربىي ئوركېستىرى ھەيۋەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت
گېمىنىنى ئورۇندىدى ، جۇڭگو دۆلەت بايرىقى بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدـ
ـە رايون بايرىقى بىرلىكتە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى .
پۈتۈن مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
كۆزلىرى ھاياجان يېشى بىلەن نەمدەلدى ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۇزاقـ
قىچە توختىمىدى . فوتو ئاپپاراتلىرى تىنىمسىز چاراسلاپ ، تېلېكامېـ
ـرالار توختىماي ھەرىكەت قىلىپ ، بۇ سەلتەنەتلىك تارىخىي پەيتنى
خاتىرىلىدى .

كەينىدىن رەئىس جياڭ زېمىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
دۆلەت گېربى نەقىش قىلىنغان مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ سۆز قىلدى .
ئۇ مۇنداق دېدى : جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە
مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى . بۇ ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىـ
ـنىڭ ئۇلۇغ ئىشى ، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەققانىي ئىشلىرىنىڭ
غەلىبىسى . 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ
خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدىغان كۈن سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىـ
ـدۇ .

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى : تارىخ «بىر دۆلەت ، ئىككى خىل
تۈزۈم»دىن ئىبارەت ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان دېڭ
شياۋپىڭ ئەپەندىنى ئەستە ساقلايدۇ . بىز دەل مانا شۇ «بىر دۆلەت ،
ئىككى خىل تۈزۈم» دېگەن ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر يورۇتقان نىشان بويىچە ،
شياڭگاڭ مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىـ
ـلىپ ، ئاخىر شياڭگاڭنى ۋەتەن قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئەمەلگە
ئاشۇردۇق .

جياڭ زېمىن جۇڭگو ـ ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتىكى
شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشقان بارلىق ئەربابلارـ
ـغا ، دۇنيادىكى شياڭگاڭنى ۋەتەن قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە كۆڭۈل
بۆلگەن ۋە قوللىغان بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتتى . ۋەتەن
قويىنىغا قايتىپ كەلگەن 6 مىليوندىن ئارتۇق شياڭگاڭلىق قېرىنداشـ
ـلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە تەبرىكداشلىق بىلدۈردى .

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقاندىن
كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»،
«شياڭگاڭلىقلار شياڭگاڭنى باشقۇرۇش»، يۇكسەك ئاپتونومىيە بو-
لۇشتىن ئىبارەت توپ فاڭجېننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ،
شياڭگاڭنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە تۇر-
مۇش شەكلىنى ھەمدە قانۇننى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەيدۇ.

ئۇ مۇنداق دېدى: شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقاندىن كېيىن،
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى ۋە
مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە
مەمۇرىي رايونى نېگىزلىك قانۇنغا ئاساسەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش
ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە
ئاخىرىدا قاراپ چىقىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شياڭگاڭ ئاھا-
لىسى قانۇن بويىچە تۈرلۈك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن بەھرىمەن
بولىدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان دېموكراتىك تۈزۈمنى پەيدىنپەي تەرەققىي
قىلدۇرىدۇ.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقاندىن
كېيىن، ئەركىن پورت[1] لۇق ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ،
خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى[2]، سودا، سۇ ترانسپورت مەركىزى بولۇش-
تەك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر، ھەر-
قايسى رايونلار ۋە ئالاقىدار خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ئىقتىساد-
مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بار-
لىق دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ شياڭگاڭدىكى توغرا ئىقتىسادىي مەنپەئە-
تى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ.

---

① ئەركىن پورت — بىر خىل پورت. بەلگىلەنگەن رايون ئىچىدە چەتكە تاۋار چىقى-
رىش، تاۋار كىرگۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باجسىز بولىدۇ.

② پۇل مۇئامىلىسى — پۇل مەبلىغى مۇئامىلىسى بولۇپ، پۇل تارقىتىش، ئوبوروت
قىلىش ۋە پۇل بانكىغا قايتىش، پۇل ئامانىتى جەلىپ قىلىش ۋە ئېلىش، قەرز پۇل تارقىتىش
ۋە يىغىش، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى پۇل پېرېۋوت ئالاقىسى، دىسكونت بازىرى ۋە
ئاكسىيە بازىرى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ دۇنيادىكى شياڭگاڭدا مەبلەغ سالغان ۋە سودا مەنپەئىتىگە ئىگە بولغان بارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىدى .

جياڭ زېمىن : شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ياراتقان . شۇنداقلا ئۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيات ۋە قوللاشتىنمۇ ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ ، دەپ كۆرسەتتى . ئۇ ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ شياڭگاڭنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ ۋە قۇرۇپ ، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك گۈللەنگەن ، مۇقىم ھالىتىنى ساقلاپ ، شياڭگاڭنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىشىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

رەئىس جياڭ زېمىننىڭ سۆزى تۈگىگىچە ئالتە قېتىم ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى .

ئاندىن جۇڭگو - ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى رەئىس سەھنىسى ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ ، بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى .

سەھەر سائەت 0 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە ، شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى .

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋاڭ خەنبىن ، فېي شاۋتوڭ ، لېي جيېپچيۇڭ ، چېڭ سىيۈەن ، ۋۇ جيېپىڭ ، لوگەن ، ۋۇشۆچيەن ، دۇڭ يىنچۇ ، ئەن زىجيې ، خو يىڭدۇڭ ، ما ۋەنجى ، خې لۇلى ، جو لىن قاتارلىق ئەزالىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى . مۇراسىمغا قاتناشقانلاردىن يەنە مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلار ئۆمىكىمۇ بار .

ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمغا قاتناشقانلار ئىچىدە 40 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننىڭ ۋەكىللىرى ، 30 خەلقئارا ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە خەلقئارادىكى مەشھۇر

سىياسىي ئەربابلار، 90 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ شياڭگاڭدىكى كونسۇل ئورگىنى ۋەكىللىرى ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ خەلق تەشكىلاتلىرى، رايون ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ شياڭگاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئو-رۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بار.

شياڭگاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئەربابلار، ئاۋمېن، تەي-ۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلارمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دۇنيا بويىچە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى 700 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى[1] دىن كەلگەن 8000 دىن ئارتۇق مۇخبىر بۇ تارىخىي خا-راكتېرلىك ۋەقەنى زىيارەت قىلدى ۋە خەۋەر قىلدى.

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. بۇ خەۋەردە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور تارىخىي ۋەقە يېزىلغان. سىز ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى ئىخچام تىل بىلەن سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

2. بىر پارچە خەۋەر ئادەتتە ماۋزۇ، كىرىش سۆز، ئاساسىي قىسىم، ئارقا كۆرۈنۈش ۋە خاتىمە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يۇقىرىقى خەۋەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە مۇھاكىمە قىلىڭلار:

1) ماۋزۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

2) كىرىش سۆز قىسمىدا نېمە ئىپادىلەنگەن؟

3) ئاساسىي قىسمىدا قانداق مەزمۇن گەۋدىلەندۈرۈلگەن؟

3. خەۋەر تىلىدا مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ:

1) 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 دە، جۇڭخۇا خەلق

---

[1] ئاخبارات ۋاستىسى — ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە تارقىتىش ۋاستىلىرىنى، مەسى-لەن، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت تورى، ئېلان قاتارلىقلارنى كۆرسى-تىدۇ.

جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن شىاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى شىاڭگاڭدا لەپىلدىدى، 100 يىللىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن شىاڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىاڭگاڭغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

2) 100 يىللىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەن شىاڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى شىاڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ شۇنىڭدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقىنى، شىاڭگاڭنىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدىن تارتىپ يېپيېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4. بۇ خەۋەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىياتنى ھېس قىلىڭ، ئاندىن رادىئو ئىستانسىسى دىكتورلىرىغا تەقلىد قىلغان ھالدا ھېسسىياتلىق ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، كىمنىڭ ياخشى ئوقۇغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

5. ئەگەر سىز شىاڭگاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتىدىكى بىر كاتىپ بولغان بولسىڭىز، بىرەر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭىنى بۇ مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىپ قانداق بىر پارچە تەكلىپنامە يازغان بولاتتىڭىز؟ «قوشۇمچە Ⅱ» دىن پايدىلىنىپ بىر پارچە تەكلىپنامە يېزىڭ.



ئوقۇپ ھوزۇرلىنىڭ

# زېمىننىڭ كۆزى

## پرىشۋىن [1]

### ئىككى تۈپ قېيىن

بىر يىلتىزدىن ئىككى تۈپ قېيىن نوتىسى باغجانلاپ چىقتى. ئۇلار ئادەم بويى ئۆرلىگەندە ئىنسان تىلىدا پاراڭلاشتى:

— مەن ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ياشايمەن، — دېدى بىرى.

— مەنمۇ شۇنداق! — دېدى يەنە بىرىمۇ.

ئۇلار شۇ سەۋەبى ئارزۇلىرى بويىچە ئايرىلىپ كېتىشتى. بىر يىلتىزدىن ئوزۇق ئېلىپ ئېگىز ھەم بوك - باراقسان دەرەخ بولۇپ يېتىشتى.

ئۇلار يۈز ئايازنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بورانلار قۇم ۋە توزانلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تىندۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئۇنۇمسىز تۇپراقتىن يەنە بىر توپ ياش بوغۇنلار يېتىشىپ چىقتى. خۇش ئاۋاز قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ بۇ قېيىنلارغا ئۇۋا سالدى. قېيىنزارلىق ھەر كۈنى كۈن پېتىپ ئۇيۇق شەپەق قىزىللىقىغا چۆمۈلگەندە، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ شوخ سايراشلىرى بىلەن جانلىنىپ كېتىدىغان بولدى.

---

[1] مىخائىل مىخايلوۋىچ پرىشۋىن (1873 — 1954) — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق نەسر يازغۇچىسى. ئۇ ئىلگىرى ئاگرانوم بولۇپ ئىشلىگەچكە، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ناھايىتى تونۇشلۇق. شۇڭا، ئەسەرلىرىدىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە گۈزەللىكىگە قارىتا كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە «كىشىلەرنىڭ گۈزەل پەزىلىتىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىزدەش كېرەك» دەپ قارىغان. گوركىي ئۇنىڭغا «ھەقىقىي شائىر ۋە پەيلاسوپ ئىدى» دەپ يۇكسەك باھا بەرگەن. بۇ تېكىستتە تونۇشتۇرۇلغان نەسرلەر ئۇنىڭ «زېمىننىڭ كۆزى» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن تاللاپ ئېلىنغان.

قۇشلار سايرىماقتا . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن ئىككى تۇپ قېرى قېيىنىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھارلىماقتا .

ئىككى تۇپ قېيىنىنىڭ كۆڭلى شاد . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى بىكار كەتمىدى . ئۇلارنىڭ قوينىدىمۇ قۇش ئۇۋىلىرى بار . قۇشلار بۇ يەرنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ماكان ئېتىپ توختىماي سايراپ تۇرىدۇ .

## سۇنىڭ باھارى

قار ئاق تۇزغاقتەك يۇمشاق ئىدى ، ھەتتا ياۋا توشقانمۇ ئۇنى كۆكرىكى بىلەن تۇرتۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىدا بىمالال ھەرىكەتلىنەلەيتتى .

يىراق جايلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار قارايغان چىلان تۇپراقلاردىن ئوزۇق ئىزلەشكە باشلىدى .

يامغۇر شەرىبىتىگە تويۇنغان قېيىنلار خۇشاللىقىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكتى . ياش تامچىلىرى قار ئۈستىگە تېمىۋېرىپ ، ئۇنى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويدى .

يول ئۈستىدىكى مۇزلار پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ئەينەك پارچىلىرىدەك چېچىلىپ ياتاتتى . شۇرمەللەر ئېقىۋاتقان دەريا قىرغاقلىرى بوشىشىپ ، ئۆلتۈرۈشقا باشلىدى . . .

كېچىدە بىر ياۋا توشقان بۇ يەردىن ئۆتتى ـ دە ، يىراقلارغا يۈگۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى يۇمشاققىنە ساھىل ئۈستىگە گۈل بولۇپ چېكىلەتتى .

## كەچكى شەپەق

كەچكى شەپەق چوغدەك جۇلالىنىشقا باشلىدى . دەرەخ ئۇچلىرىغا قىزغۇچ جىيەك تۇتۇلۇشى بىلەن تەڭ دەرەخ تۈۋى سۇس قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولدى . بوزىراڭغۇ تولۇنئاي قۇياش ئورنىدا بالقىشقا تەييارلاندى . دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئېگىز شاخلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرىمۇ خىرەلەشتى .

رەسسام قەلىمىنى تاشلاپ قويدى .

— سىزىپ بولايلا دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ .

— ئەمدى نېمە قىلىسىز ؟ — دەپ سورىدۇق بىز .

— ھېچ ئىش يوق ، يەنە بىر كەچكى قۇياشنى كۈتمەي ئامال يوق .

ئازراقلا ۋاقىت بولسا يېتەتتى .
— لېكىن ، بۇ پەيت تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئەبەدىي خوشلاشقان تۇرسا ، ئۇ يەنە قايتىپ كېلەمدۇ .
— ئەلۋەتتە كەلمەيدۇ . لېكىن ، شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان پەيتلەر يەنە كېلىدۇ . مەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىيەلەيمەن ھەم ئېسىمدە مەڭگۈ ساقلىيالايمەن .
— بۇ مۇمكىنمۇ ؟
— ئەلۋەتتە ! ئەگەر بىر ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن شۇنداق پەيتلەرنى ئېسىدە ساقلىيالمىسا ئۇنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟

## ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ

گۈدەك چاغلىرىمدا چوڭقىيىپ كېتىشتىن بەك ئەنسىرەيتتىم . خېلى ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسامۇ ھېچقانچە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىم ، دەپ ئويلايتتىم . شۇڭا ، ئون يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ يۈردۈم . لېكىن ، ئون يەتتە ياشتىن ھالقىغاندا كىشىلەر مېنى «پاھ ، قالتىس جۇمۇ سەن !» دەپ ماختىشىدىغان بولدى . مەنمۇ سۇدەك ئۆتۈۋاتقان ئۆمرۈمگە پۇشايمان قىلمايدىغان بولدۇم ، ھەتتا قانچە چوڭايسام كىشىلەر مېنى شۇنچە ماختايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

بىر كۈنى قېنىيە چوڭ ئانام ماشىنىمىزنى يۇيۇشقا ياردەملەشتى . ئۇ سۇ بىلەن يۇيدى ، مەن بۇغا تېرىسى بىلەن سۈرتتۈم .

مەن خېلى كۈچىنىپ ئىشلىدىم . پىشانەمدە تەر تەپچىرەشكە باشلىدى . ئۇ پىشانەمدىكى تەرنى كۆرگەن بولسا كېرەك ، مەندىن :
— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئۇنىڭغا بىر پەس تىكىلىپ قاراپ ۋە تەشۋىشلىنىشكە باشلىدىم . چۈنكى ، مەن بىر ئاددىي ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز قانۇنىيىتىنى كۆرگەنىدىم . مەن شۇندىلا قەلبىمدىكى لىرىك كۈيلەر ۋە شائىرانە تۇيغۇلارنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم .

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم . كۆڭلۈم پاراكەندە ئىدى . مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭ سوئالىنى

تەكرارلىدىم :

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز دەمسىز ؟

— شۇنداق بىگىم ، — دېدى چولڭ ئانام ، — نەچچىگە كىردىڭىز دەۋاتىمەن .

مەن كۆڭلۈمدىكى تەھلىكىنى ئاخىر بېسىۋالدىم :

— قانچە ياشقا كىردىڭىز دەمسىز ؟ ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ ، مانا مەن ئاتتەك ئىشلەۋاتىمەنغۇ .

— مەنغۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ، — يامان ئەمەس ئىشلەۋاتىسىز . لېكىن ، زادى قانچە ياشقا كىرگەنسىز ؟

— ئاتتەك ئىشلەۋاتىمەنغۇ ، — دېدىم مەن سۆزۈمنى تەكرارلاپ ، — كىشىلەر ئاتقا مىنىۋالغاندا ، ئاتنىڭ چىشىغا قارىمايدۇ ـ دە .

— جايىدا گەپ قىلدىڭىز ! — فېنيە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى . بىزنىڭ سۆھبىتىمىزمۇ شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى . ئۇ ئويلانغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە : «ئادەم دېگەن ئۇزاقراق ياشىسام دەيدۇ ـ دە» دەپ قويدى .

## سۇ

دەريا ئۇيقۇنلىرى قىرغاقلاردىن ھالقىپ يىراق جايلارغا ئېقىپ بارالايدۇ . شىر ـ شىر ئېقىنلارمۇ شۇنداق . ئۇلارمۇ ئاخىر ئۇيقۇنلارغا قوشۇلىدۇ ، ھەتتا يىراق دېڭىزلارغىچە ئېقىپ بارىدۇ .

پەقەت توختام سۇلا مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغاندەك بەتبۇي لەشلەر ئارىسىدا ئۇخلاپ ياتىدۇ .

كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىمۇ شۇنداق . بۈيۈك مۇھەببەت پۈتكۈل دۇنياغا مەنسۇپ ، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە بەخت ئاتا قىلىدۇ . يەنە ئاددىي كىشىلەرنىڭمۇ مۇھەببىتى بار . ئۇ سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشىشىدۇ ، ئۇمۇ كىشىلەرگە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنداق بىر خىل مۇھەببەتمۇ باركى ، ئۇ خۇددى قۇرتلاپ كەتكەن توختام سۇغا ئوخشاش كىشىلەر كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ .

## خەۋەر يېزىش

خەۋەر — ئاخباراتتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقان ژانىرلارنىڭ بىر تۈرى . چىن ، توغرا بولۇش — خەۋەر يېزىشتا قاتتىق رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان پرىنسىپ . خەۋەرنى شەكىللەندۈرىدىغان پاكىتلار شەخس ، ۋەقە ، ۋاقىت ، ئورۇن ۋە ھەربىر تەپسىلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىن ، توغرا بولۇشى لازىم . خەۋەرنىڭ يېزىلىشى تېز ، دەل ۋاقتىدا بولۇشى كېرەك . خەۋەرنىڭ ۋاقىتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ .

«شۇ كۈنلۈك خەۋەر — ئالتۇن دېمەكتۇر» . خەۋەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ يېڭىلىقىدا . خەۋەر قىسقا ۋە مېغىزلىق ، سۆز - جۈملىلەر يەڭگىل ۋە ئېنىق بولۇشى زۆرۈر . شىائىگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدىكى خەۋەردە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن ۋەقە ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىنغان ، مەزمۇنى چىن ۋە كونكرېت ، سۆزلىرى ئېنىق ۋە ئىخچام بولغان .

خەۋەر ئومۇمەن ، ماۋزۇ ، كىرىش سۆز ، ئاساسىي قىسىم ، ئارقا كۆرۈنۈش ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپىدۇ . ماۋزۇ — پۈتۈن تېكىستنىڭ مۇھىم مەزمۇنى . كىرىش سۆز — خەۋەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ياكى بىرىنچى جۈملىسى بولۇپ ، بەزىلەر ئۇنى خەۋەرنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىدۇ . خەۋەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا خەۋەردىكى پاكىت كونكرېت تونۇشتۇرۇلىدۇ . ئارقا كۆرۈنۈش پاكىتنى خەۋەر قىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ . خەۋەرنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە

سۆزى ياكى بۆلىكى خەۋەرنىڭ خاتىمىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدا پاكىت ئىخچام خۇلاسە قىلىنىدۇ، شۇنداقلا شەيئىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىمۇ كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇلار كىرىش سۆز ياكى خاتىمىدە ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنى يەنە يېزىش ھاجەتسىز.

خەۋەردە دائىم «تەتۈر ئەلئېھرام» شەكلىدىكى قۇرۇلما قوللىنىلىدۇ، بۇ «تەتۈر ئۈچ بۇرجەك»مۇ دېيىلىدۇ، يەنى ئەڭ مۇھىم ئاخبارات پاكىتى ئاۋۋال يېزىلىدۇ، ئاندىن «مۇھىملىرى — قوشۇمچە مۇھىم ئورۇندىكىلىرى — ئىككىنچى ئورۇندىكىلىرى» دېگەن پرىنسىپ بويىچە يېزىلىدۇ.

1. بىر خەۋەر يېزىپ، ئۆز مەكتىپىڭىز ياكى ئۆز سىنىپىڭىزدا يېقىندا يېڭىدىن قانات يايدۇرۇلغان بىر ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنى خەۋەر قىلىڭ. چىن ۋە توغرا، تېز ۋە دەل ۋاقتىدا، ئىخچام ۋە ئېنىق بولۇش، پاكىت ئارقىلىق سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ يەردىكى بىر ئىلغار ئورۇنغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ، بىر پارچە خەۋەر يېزىڭ.

* 3. 7 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى «مەكتەپنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ئۆلچەش پونكىتى» قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئۇلارنى مەكتەپ تېخنىكا ۋە ئۇسكۇنە جەھەتلەردىن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى زۆرۈر ئىدى. سىز «قوشۇمچە III»تىكى «ئىلتىماس» شەكلىگە تەقلىد قىلىپ، ئۆز سىنىپىڭىزدىكى ساۋاقداشلار نامىدىن مەكتەپ مۇدىرىغا ئىلتىماس يېزىپ، مەكتەپ ئىشخانىسىغا بېرىڭ، ئۇنىڭدا «مەكتەپنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ئۆلچەش پونكىتى» قۇرۇشتىكى تەسەۋۋۇرىڭىز ۋە كونكرېت تەلەپلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

4. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى: ئۆزىڭىز يېقىندا رادىئودىن ئاڭلىغان، تېلېۋىزوردىن كۆرگەن خەۋەرلەر ئىچىدىن قىممىتى بار دەپ قارىغان بىر خەۋەر تاللاپ، يىغىنچاقلاش ۋە پىششىقلاش ئارقىلىق «بىر جۈملىلىك خەۋەر»نى يېزىڭ ھەمدە سىنىپ ياكى گۇرۇپپىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بىر جۈملىلىك خەۋەرلەرنى ئوقۇش يىغىنى»دا ئوقۇڭ.

## ئەسەر تۈزىتىش ھەققىدىكى مەخسۇس مەشىق

# جۈملە تۈزىتىش

جۈملىنى تۈزىتىشتە، ئاۋۋال ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ راۋان بولغان - بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يەنە جۈملە قۇرۇلمىسىدا كەمتۈكلۈكنىڭ بار - يوقلۇقى، سۆز - ئىبارىلەر تەرتىپىنىڭ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك. بىز تۆۋەندە بېرىلگەن ئىككى جۈملىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىپ باقايلى:

*1. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ «نامرات رايونلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش»گە ئاۋاز قوشتى.*

*2. سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ «نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بىز بىلەن مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئاڭلىدى.*

بىرىنچى جۈملىدە نېمىگە ئاۋاز قوشقانلىقى جۈملىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تولۇق ئىپادىلەنمىگەن. قانداقتۇر بىر سۆز كەملىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن جۈملە راۋان چىقمىغان. دېمەك، مۇۋاپىق تۈزىتىش زۆرۈر بولغان. يەنى «بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ «نامرات رايونلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، چاقىرىقغا ئاۋاز قوشتى» دەپ تۈزەتكەندىلا جۈملە راۋان، چۈشىنىشلىك ھالەتكە كېلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ جۈملىدە «چاقىرىق» دېگەن سۆز چۈشۈرۈپ قويۇلغان. ئىككىنچى جۈملىدە

بولسا «... تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بىز بىلەن مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئاڭلىدى» دېيىلىپ سۆز تەرتىپى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. ئەسلىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئاڭلاش ئالدىدا، مۇھاكىمە قىلىش كەينىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. دېمەك، جۈملە تۈزۈتىشتە ئىش ـ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپىگە ئاساسەن تۈزىتىش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

جۈملىنى تۈزىتىشتە مەزمۇن ئىپادىسىنىڭ نامۇۋاپىق ياكى زىت بولغان جايلىرىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تۈزىتىپ راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن:

*1. مەن تېز سۈرئەتلىك ئاپتوبۇس بىلەن ئىلى دەرياسى كۆۋرۈ-كىدىن ئۆتكەندە، ئىلى دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى، شۇن-داقلا كۆۋرۈك بېشىدا كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي ئوقەت قىلىۋاتقان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى كۆردۈم.*

*2. سائەت تۆت بولدى. مەن ئاخىر ئۇنى ئېھتىمال بۈگۈن كەلمەيدىغان بولدى دەپ جەزملەشتۈردۈم.*

بىرىنچى جۈملىدە ئېنىقكى، تېز سۈرئەتلىك ئاپتوبۇس بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ «كېچە ـ كۈندۈز» ئوقەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ جۈملى-دىن «كېچە ـ كۈندۈز»نى چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئىككىنچى جۈملى-دىكى جۈملە مەزمۇنىدا ئۆز ئارا زىتلىق بار. «ئۇنىڭ بۈگۈن كەلمەيدى-غانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش» بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئېھتىمال كەلمەيدى-غانلىقىنى بىرلا ۋاقىتتا دېيىش مەزمۇن جەھەتتىكى زىتلىقنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ.

دېمەك، بىر جۈملىدە بىر خىل ئىش ـ ۋەقە بىرلا ۋاقىتتا مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن ۋە پەرەز قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئىككىدىن بىرىنىلا تاللاش كېرەك.

جۈملىنى تۈزىتىشتە، يەنە مەزمۇن ئىپادىلەشنىڭ تەبىـئىـي

بولغان ـ بولمىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىشتە قىسقا، جانلىق جۈملىلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىشىمىز، مەزمۇننى خۇددى ئادەتتىكى چاغلاردا سۆزلىگەندەك ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلىشىمىز كېرەك. تۈزىتىشتە ئۇچرىغان نامۇۋاپىق ئۇزۇن جۈملىلەرنى ئامال بار قىسقىراق قىلىپ ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. مەسىلەن:

*يەكشەنبە كۈنى مەن يېڭى كەلگەن قەرەللىك ژۇرنالدىن دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر توپ يېزا زىيالىي ياشلىرىنىڭ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يېزا ـ بازار كارخانىسى ئېچىپ، يۇرتىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر پارچە ھېكايىنى ئوقۇدۇم.*

بۇ ئۇزۇن جۈملىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «مەن بىر پارچە ھېكايىنى ئوقۇدۇم» دېگەندىن ئىبارەت. «ھېكايە ئوقۇدۇم» دېيىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئېنىقلىغۇچى سۆز ـ ئىبارىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، ئوقۇماققىمۇ تەس، ئاڭلىماققىمۇ چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ. بۇنى تۈزىتىشتە ئۇنى بىرقانچە قىسقىراق جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكىچە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

*يەكشەنبە كۈنى مەن بىر پارچە ھېكايىنى ئوقۇدۇم. بۇ ھېكايىدە دۆلىتىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر توپ يېزا زىيالىي ياشلىرىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلار قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يېزا ـ بازار كارخانىسى ئېچىپ، يۇرتىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن.*

جۈملىنى تۈزىتىشتە ئۇنىڭ راۋانلىقى ۋە تەبىئىيلىكىگە ئەھمىيەت

بىرىشتىن سىرت ، يەنە مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ ئىخچام بولغان - بولمىغانلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم . جۈملە ئىچىدىكى روشەن ھالدا ئارتۇقچە بولغان ياكى بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەر-نى قىلچە ئايىماي چىقىرىۋېتىش كېرەك . مەسىلەن ، «ھاۋا ئوچۇق ، قۇياش پارلاق نۇرلىرىنى چاچقان بىر سەھەردە بىز رەتلىك تىزىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق» دېگەن جۈملىدە «ھاۋا ئوچۇق» بىلەن «قۇياش پارلاق نۇرلىرىنى چاچقان» تەگداش ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، مەزمۇندا تەكرارلىنىش كۆ-رۈلگەن ، چۈنكى «ھاۋا ئوچۇق» دېگەن تەسۋىردە «قۇياشنىڭ پارلاق نۇرلىرىنى چاچقان»لىق مەنىسىمۇ بار . شۇڭا ، ئىككىدىن بىرىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق .

### ئويلاپ بېقىڭ ، ئىشلەپ بېقىڭ

1 . تۆۋەندىكى ھەربىر جۈملىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئىپادىلەش جەھەتتىكى نۇقسان بار ، ئۇنى تېپىپ چىقىڭ ۋە تۈزىتىڭ (بەزىلىرى-نىڭ ئىككى خىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆزگەرتىلىش ئۇسۇ-لى بار ) .

*1 ) تۈنۈگۈن شەھىرىمىزنىڭ تەنتەربىيە ماھىرلىرى زەپەر قۇچۇپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى ، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاممىا ۋەكىللىرى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ، ئۇلار-نى قىزغىن كۈتۈۋالدى .*

*2 ) فىزىكا دەرسىدە ، مۇئەللىم بىزنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەكلىدى .*

*3 ) ئىنتېرنېت تورى بىزنى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەي-دۇ . ئۇ خۇددى بىر پايانسىز ئوكياندەك چەكسىز .*

*4 ) بايىقى مۇزاكىرە ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، مېنىڭچە ساۋاقداش-لارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان پىكرى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك .*

2 . «ئۇزۇن جۈملىنى قىسقارتىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئۇزۇن جۈملىنى بىرنەچچە قىسقا جۈملىلەرگە ئۆزگەرتىڭ (ئايرىم سۆز - ئىبارىلەر ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ ، لېكىن جۈملە مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ) . سىز ھەربىر جۈملىنىڭ ئىككى خىل ئۆزگەرتىلىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپالامسىز ؟

*1 ) جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيدىن بويى ئېگىز ، كۆزلىرى چوڭ ، چاچلىرىغا ئاق سانچىغان ، كىيىملىرى ئاددىي - ساددا بولغان بىر مويسىپىت بوۋاي چىقىپ كەلدى .*

*2 ) ئۇ قىشلىق تەتىلدە شىنجاڭنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدىكى ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدا باندىتلارنى يوقىتىش كۈرىشى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكى ئەگرى - توقاي ، قىزىقارلىق ، پېرسوناژلار تىلى جانلىق بولغان بىر پارچە رومانىنى ئوقۇپ چىقتى .*

# توردا ئوقۇش، يېزىش ۋە ئالاقىلىشىش

ئىنتېرنېت تورىنىڭ بارلىققا كېلىشى يەر شارىنى كىچىكلىتىۋەتتى. دېڭىز - ئوكيانلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان يىراق ئارىلىقتىكىلەرمۇ ئۇچۇرلارنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالماشتۇرالايدۇ. توردا يالغۇز تۈرلۈك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقىلا ئەمەس، بەلكى يېزىقچىلىق قىلىش ۋە يېزىق ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

توردا ئوقۇشتا تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. توردىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن مول، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ، بەزىدە ساغلام بولمىغان نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بىز ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆرۈشىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. توردا ئوقۇشتا، بىزدە توغرا ئوقۇش مەقسىتى ۋە ئېنىق ئوقۇش تېمىسى بولۇشى لازىم. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوقۇش، تېمىغا ئالاقىسىز نەرسىلەرگە مەستانە بولۇپ قالماسلىق لازىم. ھازىر تور بېكەتلىرى ناھايىتى كۆپ ھەمدە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بەزى تور بېكەتلىرى ئۇنىۋېرسال بولسا، بەزىلىرى كەسىپلەشكەن بولىدۇ. تور بېكىتىنى ئېھتىياجغا قاراپ تاللىغاندا، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئوقۇش مەزمۇنىنى ناھايىتى تېز تاپقىلى بولىدۇ. ئوقۇلىدىغان مەزمۇن كۆپ بولۇپ، ۋاقىتنى تېجەشكە توغرا كەلسە، ئالاقىدار مەزمۇننى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ. ھۆججەتلەرنى ساقلاشتا

«ھۆججەت (F)» تىزىملىكىدىكى «ھۆججەت ساقلاش»نى تاللاشقا، شۇنداقلا قىيىپ چاپلاش تاختىسى ئارقىلىق شۇ پەيتتىكى مەزمۇنلارنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

ئوقۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىزدەشنى ئۆگىنىش لازىم. ئىنتېرنېت تورى خۇددى بىر پايانسىز ئوكيانغا ئوخشايدۇ. پايانسىز ئۇچۇر ئوكيانىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان ئوقۇش مەزمۇنىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، ئىزدەش ئۇسۇلىنى ئۆگەنسىلا بولىدۇ. كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئىزدەش ئۇسۇلى — ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئىزدەشتىن ئىبارەت. سىز پەقەت «search» (ئىزدەش 搜索)نىڭ سول تەرىپىدىكى رامكىغا ئىزدىلىدىغان مەزمۇننىڭ تېما سۆزىنى تولدۇرۇپ، ئاندىن «search» دېگەن كۇنۇپكىنى باسسىڭىزلا بولىدۇ. مەسىلەن، سىز ئەگەر «بالىلار ئەدەبىياتى» ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، رامكىغا «بالىلار ئەدەبىياتى» دېگەن سۆزنى تولدۇرسىڭىزلا بولىدۇ.

توردىكى يېزىقچىلىق كۆپىنچە توردىكى خەت - ئالاقە (ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توردىكى سالام خەت بىزنىڭ ئادەتتىكى سالام خەت يېزىش شەكلىمىزگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. باش قۇردىن يازغاندا بوش ئورۇن قالدۇرۇش ھاجەتسىز، ئىمزا قويۇشتىمۇ شۇنداق. ئاخىرىدا ۋاقىتنى يېزىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەلۋەتتە، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسىمۇ ئادەتتىكى سالام خەت ئەمەس، ئۇ سىزنى باشقىلار بىلەن تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. توردا ئەسەر ئېلان قىلىش ئىنتايىن ئوڭاي. ئۆزىڭىز يازغان ماقالىنى توردا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېلان قىلىشىڭىزغا، باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇشىڭىزغا بولىدۇ. سىز يەنە ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تور بېكەتلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇزاكىرىلىرىگە قاتنىشالايسىز. ئۇنىڭدىن سىرت بەزىلەر توردا ماتېرىيال يىغىشتىن پايدىلىنىپ ئەسەر يېزىشنى تور يېزىقچىلىقى دەپ قارايدۇ. توردا ماتېرىيال يىغىشنى يېزىقچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يېزىقچىلىق ئۈنۈمىمىزنى زور دەرىجىدە

ئۆستۈرىدۇ ، بولۇپمۇ تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىشتا شۇنداق بولىدۇ . پەقەت سىز «search» نىڭ سول تەرىپىدىكى رامكىغا ماتېرىيال يىغىشتىكى تېما سۆزىنى يېزىپ «search» دېگەن كۇنۇپكىنى باسسىڭىزلا ، ئۆزىڭىزگە ئېھتىياجلىق ماتېرىيالغا دەرھال ئېرىشەلەيسىز .

ئەگەر شارائىت بولسا ، سىز توردا تۆۋەندىكىچە ئوقۇش ، يېزىقچىلىق ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارالايسىز :

1 . توردا خەۋەر ئوقۇش . « 新浪 » (SINA) ياكى « 搜狐 » (SOHU) دېگەن بېتىدىن بىر كۈندىكى خەلقئارا خەۋەرنى ئوقۇپ ، ئۇلاردا قانداق ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىغا قاراپ بېقىڭ .

(تور ئادرېسى تۆۋەندىكىچە :

( http: " www. sohu. com. cn ۋە http: "www. sina. com. cn

ئەگەر پرىنتېر (بېسىش ئەسۋابى ) بولمىسا ، ئاخباراتنىڭ ماۋزۇسى ، مۇھىم نۇقتىلىرىنى يېزىۋېلىپ ، ساۋاقداشلار بىلەن دېيىشسەڭلار بولىدۇ .

2 . ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى [E — mail] بار تونۇغىنىڭىز ، دوستىڭىز ، مۇئەللىمىڭىز ياكى ساۋاقدىشىڭىزغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىمۇ سىزگە بىر پارچە [E — mail] ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىڭ ، خېتىڭىزنى ئۆزىڭىز كۆرۈڭ .

3 . سىزنىڭ يېقىنقى ئۆگىنىشىڭىز جەريانىدىكى مەسىلىلەر بويىچە ، مائارىپ تورىدىكى بىر تور بېكىتىنى زىيارەت قىلىپ ، ئۆزىڭىزگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىستوندىن ئالاقىدار ماقالىنى ئوقۇپ ، بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقىغا قاراڭ .

4 . مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ياكى جامائەت كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق قىرائەتخانىلىرىغا بېرىپ ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇڭ ھەمدە ياخشى خاتىرە قالدۇرۇڭ .

5 . توردىن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر مەشھۇر ئەسەرنى ياكى بىر يازغۇچىنىڭ ماتېرىيالىنى ئىزدەپ ، ئۇلارنى ساقلاپ قويۇپ ،

بىر پارچە تەتقىقات ماقالىسى يېزىشنى سىناپ بېقىڭ.

6. بىرەر تور چايخانىسىنى تاللاپ، ئۆزىڭىز ئېلان قىلماقچى بولغان پىكىرلەرنى كىرگۈزۈپ، مۇزاكىرىگە قاتنىشتۇرۇڭ.

## <u>پايدىلىنىش ماتېرىيالى</u>

### توردا ئوقۇش

ئۇچۇر دەۋرىدە، بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش بىلىمنى ئۆگىنىشتىنمۇ مۇھىم، توردا ئوقۇشنى ئۆگىنىش — بىلىمگە ئېرىشىشنى ئۆگىنىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى.

توردا ئوقۇش — خەلقئارا ئالاقە تورى (ئىنتېرنېت تورى) تەمىنلىگەن تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى تاللىغان ھالدا مەقسەتلىك كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنتېرنېت تورىدىكى ئۇچۇر بايلىقى خۇددى دېڭىزدەك چەكسىز، ئۇنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، ئاخبارات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، كىنو - تېلېۋىزىيە، ساياھەت، تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك - گىگىېنا، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، شۇنداقلا كۆزىمىزنىمۇ ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. تور ئۇچۇرلىرىنىڭ مىقدارى چەكسىز بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇ يىراق مۇساپىلىك بولۇش، تېز بولۇش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە.

تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشتە، بىزنىڭ توردىن پايدىلىنىپ ئوقۇشىمىزدا زۆرۈر بولغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازما (تور ئاتالغۇسىدا كۆپىنچە «تېكىست» دېيىلىدۇ) مەزمۇنغا كىرىدۇ. تور ئارقىلىق ئوقۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كومپيۇتېرغا مۇۋاپىق دەرىجىدىكى تور ئارقىلىق ئوقۇش يۇمشاق ماتېرىيالىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرساق، تور ئارقىلىق ئوقۇش يۇمشاق ماتېرىيالى ياردىمىدە، كۆزدىن كۆچۈرمەكچى ياكى ئوقۇماقچى بولغان ماقالىگە ئاچقۇچلۇق سۆز-

لەرنى ئىزدەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېزلىكتە ئىرىشەلەيمىز .

ئىزدەش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئەسەرنى توردا بىۋاستە ئوقۇش. قىمۇ، شۇنداقلا ئۇنى كومپيۇتېرغا قاچىلاپ ساقلاشقىمۇ بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش، كېيىنكىسى ساقلاپ ئوقۇش دېيىلىدۇ. بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇش ھەقسىز، بەزىلىرى ھەقلىق بولىدۇ، ھەقلىق ماقالىلەرنى ئوقۇش ياكى ساقلاشتا تورغا بەلگىلىك دەرىجىدە ھەق تاپشۇرۇش كېرەك.

**توردىكى يېزىقچىلىق**

تور — ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئۇچۇرلىرى جەھەتتىكى بىر ئاساسىي يۆكىلىملەرنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە. شۇنداقلا بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تارقىتىش خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايمىز.

توردىكى يېزىقچىلىقنىڭ ئادەتتىكى يېزىقچىلىققا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، توردىكى يېزىقچىلىق ۋە ئەسەر ئېلان قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېردىكى مەشغۇلات ئارقىلىق بىۋاستە ئورۇنلىنىدۇ. توردا ئەسەر ئېلان قىلىشنىڭ ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل يولى بار: بىرى، بىرقەدەر تەسىرگە ئىگە تور بېكەتلىرى، مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| مەيىن شامال | WWW. mayinxamal. com |
| ماكانىم | WWW. makanim. com |
| دىيارىم | WWW. diyarim. com |
| ئىزباسار | WWW. izbasar. 8u8. com |

قاتارلىق تور بېكەتلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە تور بېكەتلىرىدىن سىنا (新浪)، ۋاڭيى (网易)، سوخۇ (搜狐) قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر مەخسۇس ئىستونىدا ئېلان قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئاپتورنىڭ شەخسىي تور بېكىتىدە ئېلان قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، باشقا تور بېكەتلىرىنىڭ سۆز قالدۇرۇش بەتلىرىدە ئېلان قىلىش. بۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىرىنچى خىل يولدا ماقالە ئەۋەتىش خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭدا خالىغانچە ئېلان

قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى زور بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىل يول ئارقىلىق ماقالە ئېلان قىلىشتا گەرچە خالىغانچە ئورۇنداشقا بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى كىچىكرەك، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش كەمچىل بولىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل يول ئارقىلىق ھەم ئەركىن ئېلان قىلىشقا، ھەم ئۆزئارا كەڭ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن تەسىرى يەنىلا بىر قەدەر تار بولىدۇ.

توردىن ئىبارەت باراۋەر مۇھىت شۈبھىسىزكى، بىز يېزىش ھەۋەسكارلىرىنى ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان كەڭ زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما تور ئەسەرلىرى بىۋاسىتە توردا ئېلان قىلىنغانلىقتىن، بىزنىڭ يېزىقچىلىق پوزىتسىيىمىز ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇشى، ماقالە مەزمۇنى يېڭى ۋە ساغلام، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئىملاسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بىز يېزىقچىلىق ئىستىلى جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن، ساغلام بولمىغان ئىجادىيەت پوزىتسىيىسىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

توردىكى يېزىقچىلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. نۇرغۇن مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ئىجادىيەت قانۇنىيىتى، تېخنىكىسى، بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىجابىي، سەلبىي تەسىر قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.




## ئوقۇش ۋە پايدىلىنىش

### ئەسەرلەردىن تاللانما

# ئات

بوفون[1]

*ئات ئىنسانلارنىڭ سادىق ۋە ئېسىل دوستى . ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ پۇشۇلداپ ھارۋىنى تارتىپ ئۆتۈپ كەتكە- نىنى كۆرگىنىڭىزدە ، توپ - توپ ئاتلار كەڭ يايلاقتا چېپىپ يۈرگەن مەنزىرە ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ ؟ ئەمدى ئىك- كى خىل مۇھىتتىكى ئاتلارنىڭ تەقدىرىگە مۇئەللىپ بىلەن بىرگە كۆڭۈل بۆلەيلى .*

---

[1] بوفون (Buffon 1707 — 1788) — فرانسىيىلىك مۇزېيشۇناس ، يازغۇچى . ئۆمۈر بويى ئوردا بېغىنى پەرۋىش قىلغان . ئۇنىڭ 40 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان «تەبىئەت تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرى بار . بۇ ئەسەر «يەر شارىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى» ، «ھايۋانات تارىخى» ، «ئىنسانلار تارىخى» ، «قۇشلار تارىخى» ، «قۇرتلار تارىخى» ، «تەبىئەتنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى» قاتارلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ تېكىست «دۇنيا ئەسەرلەر جەۋھەرلىرى . ياۋروپا تومى» (جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى ، 1994 - يىلى نەشرى)دىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلگەن ئەڭ ئالىيجاناب بىر-
سۇندۇرۇش — جەسۇر ھەم چەبدەس جانىۋار ئاتنى بويسۇندۇرغانلىقى
بولدى . ئات جەڭ مەيدانىدىكى جاپالارنى ئادەم بىلەن تەڭ تارتتى ،
ئۇرۇشلارنىڭ شان - شەرىپىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى ؛ ئۇمۇ ئىگە-
سىگە ئوخشاش قورقماس روھقا ئىگە بولۇپ ، ئالدىدىكى خەۋپنى
كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مەردانىلىك بىلەن ئېتىلدى ؛ قورال - ياراغلارنىڭ
ئاۋازلىرىغا كۆنۈپ كەتتى ، ئۇنى ياخشى كۆردى ، ئۇنىڭغا ئىنتىلدى ،
ئىگىسىگە ئوخشاش روھلىنىپ ئىلھاملاندى ؛ ئۇمۇ ئىگىسى بىلەن
بىللە شادلاندى ؛ ئوۋ ئوۋلىغاندا ، ھەربىي ماھارەت كۆرسەتكەندە ،
بەيگىگە چۈشكەندە ئاجايىپ روھلىنىپ ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتتى . لې-
كىن ئۇ باتۇرلۇقنى ئازراقمۇ كۆز - كۆز قىلمىدى ، ئۆزىنىڭ ھەرىكە-
تىنى تىزگىنلەشنىلا بىلدى ؛ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا باشقۇرۇلۇپ ، ئا-
دەمنىڭ كونترول قىلىشىغا بويسۇنۇپلا قالماستىن ، بەلكى باشقۇرغان
ئادەمنىڭ چىرايىغا باقىدىغاندەك قىلاتتى . ئىگىسىنىڭ ئىپادىسىدىن
ئىگە بولغان تەسىر بويىچە گاھ چاپتى ، گاھ ئاستا ماڭدى ، گاھ
توختىدى . ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى ئىگىسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت بولدى . ئۇ تۇغۇلۇشىدىن ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ
باشقىلارنى قۇتقۇزىدىغان ھايۋان ھېسابلاندى . ھەتتا باشقىلارنىڭ ئار-
زۇسىغا ماسلىشىشنى بىلدى . ئۇ ھەرىكىتىدىكى چېچەنلىك ، چەبدەس-
لىك ، توغرىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئىپادىلىدى ۋە
ئىجرا قىلدى . كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانچىلىك تۇيغۇنلۇقنى ئۈمىد قىل-
سا ، ئۇ شۇنچىلىك تۇيغۇن بولالىدى . ئۇنىڭ ئىپادىلىگەنلىرى ئادەم
ئارزۇ قىلغان دەرىجىگە دەل كەلدى ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئايىماي تەقدىم
قىلىپ تۇرغانلىقتىن ، ھەرقانداق ۋەزىپىنى رەت قىلمىدى . شۇڭا ،
ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ
كۈچىدىن ئاشۇرۇپ ، ھەتتا ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ تېخىمۇ ياخشى
بويسۇنۇشنى خالىدى .

يۇقىرىدا ھەممە ئىقتىدارى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ، تەبىئىي سۇ-

پتى سۈنئىي يوللار بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ، كىچىكىدىن كىشىلەر
تەرىپىدىن بېقىلغان ، كېيىن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ، كىشىلەرنىڭ
ئىشلىتىشى ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن ئات بايان قىلىنىدى . ئاتنىڭ تەر-
بىيىلىنىشى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىشتىن باشلىنىپ ، تىز-
گىنلەشنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بۇنداق ھايۋانلارنى
قول قىلىش ياكى كۆندۈرۈش بەك ئومۇملاشتى ، بەك ئۇزۇن بولدى .
بىز ئۇلارنى كۆرگەن چېغىمىزدا ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھالەتتە بولغانلى-
رى ناھايىتى ئاز . ئەمگەك داۋامىدا ئۇلار ھەمىشە ئېگەرلەنگەن بولى-
دۇ . كىشىلەر ئەزەلدىن ئۇلارنىڭ بېشىدىكى نوقتىسىنى ئېلىۋەتمەي-
دۇ ، ھەتتا ئارام ئالغان چاغلىرىدىمۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ قېرىملىرىدا
ئەركىن يۈرۈشكە يول قويغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردا قۇللۇقنىڭ بەلگى-
لىرى بولىدۇ ھەمدە ئەمگەك ۋە ئازاب كەلتۈرگەن شەپقەتسىزلىكنىڭ
ئىزلىرى ئۇچرايدۇ : يۈگەن ئات ئاغزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتى-
دۇ ، قورسىقىدا تارام ـ تارام جاراھەت ئىزلىرى قالىدۇ . تۇياقلىرىغا
مىقلار قېقىلىدۇ . ئۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن تەبىئىيسىزلىك چىقىپ
تۇرىدۇ . بۇ ، يۈگەنگە كۆنگەنلىكتىن قالغان ئىزنالاردۇر . ئەمدى
ئۇلارنىڭ يۈگىنىنى ئېلىۋەتكەن بىلەنمۇ بىكار ، يۈگىنىنى ئېلىۋېتىش
بىلەن ئۇلار ئەركىن ـ ئېتىكلىكىنى كۆرسىتەلمەيدۇ . قول ھالىتىدى-
كى ئات ياۋاش ئات ، سۆلىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ، ھەيۋىسىنى
نامايان قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ، ئارزۇلىنىۋاتقان ئات ، ئۆزى ئۈچۈن
جابدۇنماي ، ئىگىسىنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكى بىلەن ئالتۇن يۈگەن سې-
لىنغان ئاتلارنىڭ قاشقىسىنى بىر تۇتام چىرايلىق يالى يېپىپ تۇرىدۇ .
پاتىقىدىكى يالى ئۇششاق ئۆرۈپ قويۇلغان ، ئۇستىگە يۇمشاق يىپەك
يوپۇق يېپىلغان بولىدۇ . بۇلار ئاتلارنىڭ تەبىئىيتىنى خورلاش بو-
لۇپ ، ئۇلارنىڭ تۇياقلىرىغا مىخلانغان تاقىدىن ئېشىپ چۈشىدى-
دۇكى ، كەم قالمايدۇ .
تەبىئىيلىك سۈنئىيلىكتىن تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ . بىرەر
ھايۋاننىڭ تېنىدىكى ھەرىكەت ئەركىنلىكى گۈزەل تەبىئىيلىكنى ھا-
سىل قىلىدۇ . جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپەيتىلىپ

ئەركىن ، ئازادە ياشاۋاتقان ئاتلارغا قاراپ بېقىڭلارچۇ : ئۇلار ماڭىدۇ ، چاپىدۇ ، قىيغىتىدۇ . باغلانمايدۇ ، چەكلەنمەيدۇ . ئۇلار يۈگەنسىز بولغانلىقتىن ئېيتىمخارلىنىدۇ ، ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشتىن خالىي يۈرىدۇ . ئادەمنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بولمايدۇ ، ئۆزىگە مۇۋاپىق يېمەكلىكلەرنى تېپىپ يېيەلەيدۇ . ئۇلار چەكسىز يايلاقتا ئەركىن يۈرىدۇ ، قىيغىتىدۇ . تۆت پەسلى باھاردەك بولىدىغان كىلىمات تەمىنلەپ تۇرغان تەبىئىي ، ساپ نەرسىلەرنى يەيدۇ . ئۇلارنىڭ مۇئەييەن تۇرالغۇسى بولمايدۇ . ئۇلارغا سۈزۈك ئاسماندىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ . بۇنداق ھاۋا ئۇلار ئىگىلەشكە تېگىشلىك بوشلۇقنى كېڭەيتىپ ، ئۇلارنى قاماپ قويغان يۇمىلاق ئۆگزىلىك قەسىرلەرنىڭ ھاۋاسىدىن كۆپ پاكىز بولىدۇ . شۇڭا ، ياۋا ئاتلار قولدا بېقىلغان زور كۆپ ساندىكى ئاتلاردىن تېمەن ، چەبدەس ۋە كۈچلۈك كېلىدۇ . ئۇلار تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ ، يەنى ئۇلاردا تولۇپ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت ۋە ئېسىل سۈپەت بولىدۇ . قولدا بېقىلغان ئاتلاردا ئادەم بېرەلىگەن نەرسىلەرلا ، يەنى ماھارەت ۋە ھوشيارلىقلا بولىدۇ ، خالاس .

بۇ خىل ھايۋاننىڭ تەبىئىيىتى ھەرگىز ۋەھشىي ئەمەس . ئۇلار كۆرەلگ ۋە ياۋايى كېلىدۇ . كۈچ جەھەتتىن زور كۆپ ساندىكى ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئەزەلدىن باشقا ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلغان ئەمەس . ئەگەر ئۇلار باشقا ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا ، ئۇلار قارشى تەرەپتىن قېلىشماي ئېلىشىپ ، ئۇلارنى قوغلىۋېتىدۇ ياكى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇلارمۇ توپ ـ توپ بولۇپ يۈرىدۇ . ئۇلار توپنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن جەم بولىۋالىدۇ . چۈنكى ئۇلار ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ . ئۇلارغا ئىتتىپاقلىشىپ مۇداپىئەلەنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ، لېكىن ئۇلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ . ئۇلار يەيدىغان ئوت ـ چۆپلەر يېتەرلىك بولغاچقا ، ئىشتىھاسىنى قاندۇرىدىغان مول نەرسىلەرگە ئىگە بولغاچقا ، ھايۋانلارنىڭ گۆشىگە قىزىقمىغاچقا ، باشقا ھايۋانلار بىلەن ئەسلا جەڭ قىلمايدۇ ، بىر ـ بىرى بىلەنمۇ ئېلىشمايدۇ ، مەۋجۇتلۇقنا ئېھتىـ

ياجلىق نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن تالاشمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر كىچىك جانىۋارنى تۇتۇۋالغان ياكى ئۆزىگە ئوخشاش تۈردىكى هايۋانلاردىن ئازراق نەرسىنى تارتىۋالغان ئەمەس. بۇنداق ۋەقەلەر باشقا گۆشخور هايۋانلارنىڭ ئادەتتە بىر - بىرىدىن تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى هېسابلىنىدۇ. ئاتلارنىڭ هامان تىنچ ياشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى هەم ئادەتتىكىچە، هەم ئاددىي بولىدۇ. مەۋجۇتلۇققا ئېهتىياجلىق نەرسىلەر يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئۆزئارا هەسەت قىلىشقا ئورۇن قالمايدۇ.

هەممە هايۋانلار ئىچىدە ئاتنىڭ بويى ئېگىز، بەدەن ئەزالىرى ناهايىتى ياخشى ماسلاشقان هەم ئىنتايىن چىرايلىق بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇنى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ياكى بىر دەرىجە تۆۋەن هايۋان بىلەن سېلىشتۇرساق، ئېشەكنىڭ ناهايىتى سەتلىكىنى، شىرنىڭ بېشى بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى، كالىنىڭ پۇتلىرىنىڭ بەك ئىنچىكە، قىسقا بولۇپ يوغان تېنىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى، تۆگىنىڭ غەلىتە شەكىللىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەڭ چوڭ هايۋانلارنى، مەسىلەن، كەركىدان، پىلنى بىر دۆۋە گۆش دېيىشكە بولىدۇ. هايۋانلارنىڭ ئېگەك سۆڭىكىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇشى ئىنسان ئېگىكى بىلەن ئوخشىمىغان مۇهىم يېرى، شۇنداقلا هەممە هايۋانلاردىكى سەتلىكنىڭ روشەن ئالامىتى هېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئاتنىڭ ئېگەك سۆڭىكى ناهايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئېشەكنىڭكىدەك سەت، كالىنىڭكىدەك جانسىز ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاتنىڭ باش قىسمىنىڭ نىسبىتى تەكشى بولۇپ، ئۇنىڭغا چەبدەسلىك تۈسى بەرگەن. بۇنداق قىياپەت بويىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن تازا ماسلاشقان. ئات بېشىنى كۆتۈرسە، ئۆزىنىڭ تۆت پۇتلۇق هايۋانلىق هالىتىدىن هالقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مۇشۇنداق ئېسىل سۈپەت هالەتتە ئادەم بىلەن كۆز تىكىشىپ قاراپ تۇرالايدۇ. كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ هەمدە كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئىنتايىن سەممىي. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىمۇ ناهايىتى چىرايلىق، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس. كالىنىڭكىدەك قىسقا، ئېشەكنىڭكىدەك ئۇزۇن ئەمەس. ئۇنىڭ يالى بېشىغا تازا ماسلىشىپ، بويىنىنى زىننەت-

لەپ ، ئۇنىڭغا كۈچتۈڭگۈر ۋە مەردانە قىياپەت بەرگەن . ئۇنىڭ ساغ-گىلاپ تۇرغان قويۇق قۇيرۇقى بەدىنىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يېپىپ تۇرىدۇ ھەمدە چىرايلىق ئاخىرلاشتۇرىدۇ . ئاتنىڭ قۇيرۇقى بوغا ، پىل قاتارلىقلارنىڭ قىسقا قۇيرۇقلىرى بىلەن ئېشەك ، تۆگە ، كەركى-دان قاتارلىقلارنىڭ مويسىز قۇيرۇقلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ . ئاتنىڭ قۇيرۇقى قويۇق ۋە ئۇزۇن قىللاردىن تەركىب تاپقان . بۇ قىللار گويا ئاتنىڭ ساغرىسىدىن بىۋاسىتە ئۆسۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ . چۈنكى قىل ئۆسۈپ چىققان گۆشلۈك تۈگۈنەك ناھايىتى قىسقا بولىدۇ . ئات قۇيرۇقىنى شىرغا ئوخشاش دىڭگايتالمايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قۇيرۇقى ساڭگىلاپ تۇرسىمۇ ئۆزىگە ناھايىتى ياراشقان . ئۇ قۇيرۇقىنى ئىككى تەرەپكە پۇلاڭلىتالىغاچقا ، چىۋىننى بىمالال قورىيالايدۇ . چىۋىنلەر ئۇنى ناھايىتى بىزار قىلىدۇ ، چۈنكى ئاتنىڭ تېرىسى ناھايىتى چىڭ ھەمدە قويۇق تۈكلۈك بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ .

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

**1 . «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى . بىئولوگىيە» دىكى «ئات» سۆزلۈكى :**

تۇياقلىقلار تىپى بويىچە ئات ئائىلىسىدىكى ئاتلار ئۆي ئېتى ۋە ياۋا ئاتلارغا ئايرىلىدۇ . ئۆي ئېتى بۇنىڭدىن 4500 يىللار ئىلگىرى ئاسىيا قىتئەسىدە كۆندۈرۈلگەن ، تۈرى ناھايىتى كۆپ . بەدەن ئۇزۇن-لۇقى 110 سانتىمېتىردىن 160 سانتىمېتىرغىچە ، ئېگىز-لىكى 100 ~ 170 سانتىمېتىرغىچە ، ئېغىرلىقى 300 كىلوگرامدىن 600 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ ، ئەڭ ئېغىرلىرى 1000 كىلوگرامغا يېتىدۇ ; يايلى بويىنىغا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ . پۆپۈچكى بار ، قۇيرۇقلىرى-نىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى ئوشۇقىغىچە يېتىپ بارىدۇ ، تۇياقلىرىدا تۇياق ئارىلىق تۈكى بار ; ئايغىرنىڭ 40 تال ، بايتالنىڭ 36 تال چىشى بولىدۇ (ئاستى - ئۈستىدىكى قوزۇق چىشى كەم) . جۇڭگو ئۆي ئاتلىرى ئاساسەن تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ : موڭغۇل ئېتى ئىچكى

موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە شەرقىي شىمالدىن چىقىدۇ، مىنىش،
هارۋىغا قېتىش، ساپان سۆرەشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئېسىل سورتلىرى
بار. ئىلى ئېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن
چىقىدۇ، ئەڭ ياخشى قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. نەنفەن ئېتى
سىچۈەن، گەنسۇ ۋە چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن چىقىدىغان كىچىك
تىپتىكى ئاتلاردۇر. سىچۈەن ئېتى سىچۈەن، يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق
جايلاردىن چىقىدۇ. ئۇلار ئېسىل يۈك ئاتلىرىدۇر.

ياۋا ئاتنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 220 سانتىمېتىردىن 280 سانتى-
مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 110 سانتىمېتىردىن 140 سانتىمېتىرغىچە،
ئېغىرلىقى 200 كىلوگرامدىن 300 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. يالى
ساڭگىلىماي تىك تۇرىدۇ، پۆپۈكى بەك قىسقا، ھەتتا يوق دېيەرلىك
بولىدۇ. قۇيرۇق قىلى قۇيرۇق تۈگۈنچىسىدىن ئۆچ ھەسسە ئۇزۇن
بولىدۇ، تۇياقلىرىنىڭ تۇياق ئارىلىق تۈكى بولمايدۇ، يازدا بەدىنىنىڭ
ئۈستى تەرىپى سۇس قوڭۇر، قىزغۇچ قوڭۇر، سارغۇچ قىزىل رەڭ-
لەردە بولىدۇ. ياۋا ئاتلار چۆل - باياۋان ۋە جاڭگاللاردا، كۆپىنچە
تۆپىلىك، تاغلىق رايونلاردا ۋە ئوت - سۇيى مول جايلاردا 5 تىن
10 غىچە بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. 6 - ئايدا جۈپلىشىپ، كېيىنكى
يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا ھەر قېتىمدا بىردىن قۇلۇنلايدۇ، تۆت يېشىدا
يېتىلىدۇ. ياۋا ئاتلار ئەسلىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ماناس دەرياسى
ۋادىسىغا تارقىلىپ، شەرققە قاراپ بەيتىك تېغى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ
قوبدۇ ئويمانلىقىغىچە كېڭەيگەن. ھازىر ياۋا ئاتلارنىڭ سانى بەك ئاز.
خەلقئارا تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش بىرلەشمىسى تۈز-
گەن قىزىل تاشلىق كىتابتا ئۇ ھالاكەت گىردابىدا تۇرغان تۈرلەر
قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو ئۇنى قوغدىلىدىغان ھايۋان قىلىپ
بېكىتكەن.

## 2. يۇرتىغا قايتقان ياۋا ئات

بۇنىڭدىن 500 مىڭ يىل ئىلگىرىكى تاشقا ئايلانغان جىسىملارنى كۆزەتكەندە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادلىرى ئاللىبۇرۇن ياۋا ئاتنى ئۆز-لىرىنىڭ ئوۋلايدىغان ئوبيېكتى قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كې-يىن، ئېھتىمال ياۋا ئاتنى ھەرقايسى يايلاقلاردا كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۆي ئېتى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياۋا ئاتنىڭ تۇرقى موڭغۇل ئېتىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، لېكىن ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە، تۇرقى ئۆي ئېتىدىن كۆپ تەرەپ-لەردە پەرقلىنىدۇ. ئەڭ كۆرۈنەرلىك پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ بېشى، بويىنى ۋە يالى ئۆي ئېتىنىڭكىدىن قىسقا. ئۆي ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىللىرى ناھايىتى ئۇزۇن، ئەمما ياۋا ئاتنىڭ قۇيرۇقى ئىنچىكە ھەم قىسقا. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ پۆپچىكى يوق. دۈمبىسىدە قوڭۇر قارا رەڭلىك سىزىقچىلار بار.

ياۋا ئات دانلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە قىياق مول بولغان، سۇ مەنبە-سى تولۇق بىپايان يايلاقلاردا ياشايدۇ. ياۋا ئات بۇ يايلاقلاردا ئوت - چۆپكە تويۇنۇپ، سۈپسۈزۈك سۇلارنى ئىچىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل مۇھىتقا ئۇلار تولىمۇ ماسلاشقان. ئەسلىدە، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئات خۇددى تۈلكىدەك چوڭ-لۇقتا بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەسىرى-گە ئۇچراپ، ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان، مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، تۆت پۇتى بۇگۇنكىدەك ھالغا كەلگەن. ئۇنىڭ پەقەت ئارا بارمىقى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تۇياق ھالىتىگە كەلگەن، باشقا بارماقلىرى رودىمىنتلىشىپ كەتكەن.

دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياۋا ئاتلار موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-نوم رايونى چېگرىلىنىدىغان جايلار بولۇپ، 1876 - يىلىدىن ئىلگى-رى، كىشىلەر يەر شارىدا ياۋا ئاتنىڭ نەسلى ئاللىقاچان قۇرۇپ

كەتتى، دەپ قارايتتى. 1880 - يىلى، روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژېۋالسكى شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدا بىر ياۋا ئاتنى بايقاپ قالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەرگە ياۋا ئات ئوۋلاشقا كېلىشكە باشلىغان. كېيىن، 1899 - يىلىدىن 1904 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئۇلار ئىزچىل تۇردە



پىرژېۋالسكى 1890 - يىلى تارتقان سۈرەت.

نۇرغۇن ياۋا ئاتنى تۇتۇۋالغان. بەلكىم سىز ياۋا ئاتنى تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى بىلىسىز. ئۇلار تۇتۇۋالغان ياۋا ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ياۋروپا ۋە روسىيىدىكى ھايۋانات باغچىلىرىغا سېتىۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھېچقانداق يېرىدە بىرەر ياۋا ئات بايقالمىغان. شۇڭا، ئەينى چاغدا، ياۋا ئات نەسلى دۆلىتىمىزدە ئەلتۈكۈس قۇرۇپ كەتتى،دەپ جاكارلانغان ئىدى. ياۋروپا، ئامېرىكا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن ياۋا ئاتلار كۆپىيىپ بۈگۈنكى كۈندە 300 دىن ئېشىپ كەتتى.

ياۋا ئاتنىڭ دۆلىتىمىزدىكى نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بىز 1985 - يىلى ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن شىنجاڭ ياۋا ئېشەكى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق 16 ياۋا ئاتنى قولغا

كەلتۈرۈپ ، ياۋا ئاتنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان جۇڭغار ئويمانلىقىدا قورۇلغان ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزىدە بېقىۋاتىمىز . بۇ يەر كۆز يەتكۈسىز بىپايان دالا بولۇپ ، 9000 مو كېلىدۇ . ياۋا ئاتلار قاشالانغان 2000 مولۇق باغقا سولاپ قويۇلدى . بۈگۈنكى كۈندە ، ئۆز يۇرتىغا ، ئۆز تۇپرىقىغا قايتىپ كەلگەن ياۋا ئاتلار ئەينى دەۋردە چەت ئەلگە يۆتكەپ كېتىلگەن ياۋا ئاتلارنىڭ 8 ـ ياكى 9 ـ ئەۋلادلىرى . بۇ 16 ياۋا ئات 1988 ـ يىلى ئالتىنى ، 1989 ـ يىلى ئۈچنى قولۇنلىدى . نۆۋەتتە ، بۇ ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزي مەيدانى خېلى كۆپ ياۋا ئاتقا ئىگە بولۇپ قالدى .

## 3 .ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى

ئابدۇرېھىم راخمان[1]

ئات ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئات ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەن .

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى خەلقلەردىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئاتنى كۆندۈرگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ، ھەربىي ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى . ئۇلار ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، ئۇرۇش ، قاتناش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، تەنتەربىيە قاتارلىق تەرەپلەردە ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن پارلاق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇردى . بۇ ئىزلار خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ، چۆچەك ، مەسەللىرىدە ، قىياتاش تەسۋىرىي سەنئىتىدە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردا ، تارىخىي يازما خاتىرىلەردە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى .

شەك ـ شۈبھىسىزكى ، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئاتنى ئۆزىنىڭ

---

[1] ئابدۇرېھىم راخمان 1970 ـ يىلى قومۇلدا تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابچىسى نەشر قىلىنغان . بۇ تېكىست ئۇنىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

يېقىن ھەمراھى قىلىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئات بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، تارىخىدا ئاتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. شۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1000 يىللار ئىلگىرىلا «ئەر قانىتى ئات» دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر، ئاتقا باغلانغان نۇرغۇن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن. جۈملىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئۇيغۇر ئاتلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ناھايىتى ئەتىۋارلانغان. بىز تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ شائىر خۇا رۇي خانىمنىڭ ئوردا ئەھلىنىڭ دېكابىردىكى چىللە سەيلىسىگە چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «قەسىر بەزمىسى» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

شاھىمىز چىقماقچى چىللە ـ نەزرە، ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار، بەلگىلەندى ئاۋۇلى.
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
بۇ لىباستا جىلۋە قىلدى تال ـ چىۋىقتەك بەللىرى.

ئات ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە غايەت زور تەسىرلەرنى قوشۇپ كەلدى.

ئىنسانلار دەسلەپتە ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ئاتلىق ئوۋ ئوۋلاش، ئوقيا ئېتىش ئۇسۇلىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدا دەۋر بۆلگۈچ ئىش بولدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلاردا ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن قىياتاش رەسىملىرى خېلى كۆپ.

ئاتقا مىنىش ھۈنىرى كۆچمەن خەلقلەر تۇرمۇشىغا زور ئىلگىرىلەشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئاتقا مىنىپ نەچچە مىڭ تۇياق مالنى بىمالال باشقۇرالايدىغان بولدى. ئاتنىڭ ئۆزىمۇ ئۆي ھايۋانلىرى تەركىبىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر خانلىقلىرىمۇ چارۋىچىلىقتا ئات بېقىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئىدى. بۇنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

ئۆتتۈرىسىدا بىر ئەسىر ئەتراپىدا داۋاملاشقان ئات سودىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سودىدا ئۇيغۇر خانلىقى ئات، تاڭ سۇلالىسى يىپەك چىقارغان. بۇنى تاڭ دەۋرى شائىرى بەي جۈيى «چوغاي يوللىرى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

چوغاي يولى، چوغاي يولى، بۇ ئۇزۇن يوللار،
قارا دۆڭنىڭ سۈيى ئەلۋەك، بۇلاق قاينايدۇ.
ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر قېتىم،
بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالمايدۇ.

ۋاڭ يەندې يازغان «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا بېشبالىقنىڭ چارۋىچىلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، ئاتلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم رەڭ، ئايرىم - ئايرىم جىنس بويىچە توپلارغا ئايرىلىدىغانلىقىنى، ھەركىم ئۆز ئاتلىرىغا شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تامغىلارنى باسىدىغانلىقىنى، بۇ ئاتلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، تامغىغا قاراپ تونۇۋالىدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازىدۇ.

چارۋىچىلىق ئېگىلىكىدە ئاتنى كۆپلەپ بېقىش بىلەن بىللە، ئاتنىڭ ياخشى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە، ئاتنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئارغۇن، شالغۇت - ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۈزۈپ چىقىدۇ» دېگەن مەلۇمات بار. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئات باقىدىغانلار ئۈچۈن ئەمەل - مەنسەپ تەسىس قىلىنىپ، مىراخورلار مەيدانغا كەلگەن.

ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ئۆز نۆۋىتىدە دېھقانچىلىق تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى. نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىشتىن ھايۋان كۈچىگە تايىنىشقا يۈزلىنىش دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىكى غايەت زور ئىسلاھات ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە دېھقان-

چىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولدى.
گېرمانىيە ئالىمى ئا. ۋ. گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر
خانلىقى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ماددىي مەدەنىيەت» بابىدا: «ئۇيغۇرلار
ئات بېقىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنات-
تى، ئات تۇرىدىغان ئېغىللىرى بولاتتى، ئۆيلىرىنىڭ تېگى تاختايلىق
بولۇپ، گىلەم سېلىناتتى» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

ئاتقا مىنىش ماھارىتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئاتنى مىنىشكە
مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېگەر - توقۇم، يۈگەن، قامچا قاتارلىقلارنى
ياسايدىغان مەخسۇس ھۈنەر - كەسىپ مەيدانغا كەلدى. ھەركىم ئۆزد-
ىنىڭ ئېتىنى ھەشەمەتلىك جابدۇشقا تىرىشتى. كېيىنچە ھارۋىنىڭ
ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئاتنى ھارۋىغا قاتقاندا لازىم بولىدىغان بىر
بۆلەك جابدۇقلار مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئامىد-
ۋى ھۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاتنىڭ جەڭدىكى رولى تېخىمۇ قالتىس بولدى. ئىنسانلارنىڭ
ئاتلىق جەڭ قىلىشى ئىنسانلار تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.
ئاتلىق قوشۇن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ
قالدى.

ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ باتۇرانە ئۇرۇشلە-
رى، ئۇچمەس تۆھپىلىرى ھەققىدە يەنە مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن،
قولىيازما ۋە رىۋايەت، چۆچەكلەردىن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە
بولىدۇ. ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ئاجايىپ قۇدرىتى ۋە تۆھپىسىنى تونۇغان
ئۇيغۇرلار ئاتنى ئۇرۇش تەڭرىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان.

تۇمەنلىگەن قوشۇنلار نەچچە يۈز چاقىرىملىق جايلارغا بېرىپ
ئۇرۇش قىلىشتا ۋە ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇشتا يەنىلا ئاتنى
قاتناش ۋاسىتىسى قىلغان. ئامېرىكىلىق ئىساك ئاسىموۋ[1] «قاتناش
ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدە «ئاتتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پاي-

① ئىساك ئاسىموۋ (1920 — 1992) — ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئىلمىي فانتازىيە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى.

دىلىنىش مىلادىيىدىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ، بولۇپمۇ شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسىي قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى » دەپ يازغان . ئارىلىق ئۆلچەملىرىدە «بىر ئات چاپتۇرۇم» ، «ئاتلىق بىر كۈنلۈك يول» ، «ئاتلىق بىر ئايلىق يول» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر قوللىنىلىشىمۇ ئاتنىڭ ئىلگىرى ئىنتايىن مۇھىم قاتناش قورالى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ . ئات ھازىرمۇ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان قاتناش قورالى .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسى تەركىبىدە ئوقيا ئېتىش ، چېلىشىش ، دارۋازلىق ، جانبازلىق قاتارىدا ئات ئۈستى ماھارىتى ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ، ئات بەيگىسى ، چەۋگەن ، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن ھەم كەلمەكتە . «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق بايان بار :

2635 . ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى ، ئاتار بولسۇن ئوق ،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق .

«تۈرك قامۇسى»نىڭ 29 - توم 383 - بېتىدە : «بۈگۈنكى ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا كىردى . ئۇ يەردە ئىنگلىزلار كۆرۈپ ياۋروپاغا ئاپىرىشتى ، ئۇ يەردە ‹بولۇ› نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى» دەپ يېزىلغان .

ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ، ئاتنى تەسۋىرلەش ناھايىتى يىراق زاماندىن بېرى مەۋجۇت ئىدى . قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئات ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىق ھېسابلانغان . ئات ئىلاھ سۈپىتىدە ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ، چۆچەكلەردىن ، خەلق قوشاقلىرىدىن ئورۇن ئالغان .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە «دۇلدۇل» ،

«تۇلپار» ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلەر ئېقىپ يۈرمەكتە.

دۇلدۇل ۋە تۇلپار ئاتالغۇسى ئاتنى ئۇلۇغلاش مەنىسىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئاتنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتنى ئۆزىنىڭ قانىتى ھېسابلاپ، ئاتتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغان، ئاتنىڭ خۇي - پەيلىنى تولىمۇ پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تۇرمۇش شارائىتىدا ئاتلارغا ھەرخىل نام بەرگەن. ئالايلى: ئۇيغۇرلار ئاتنىڭ يېشىغا قاراپ قۇلۇن، تايچاق، تاي، ئات دېگەندەك تۈرلەرگە؛ رەڭگىگە قاراپ ئاق بوزئات، چىپارئات، چىلان تورۇق، جەدە، قاشقا دېگەن تۈرلەرگە؛ مىڭىش - تۇرۇشىغا قاراپ؛ قاشاڭ، يورغا، قېتىرغاق (سوكسوك)، ئارغىماق دېگەندەك تۈرلەرگە؛ جىنسىغا قاراپ ئايغىر، بايتالغا؛ كۆندۈرۈلگەن - كۆندۈرۈلمىگەنلىكىگە ئاساسەن، ئاساۋ، توسۇن دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ماقال - تەمسىللەر كۆپ. مەسىلەن:

△ ئىككى ئايغىر تېپىششە، ئارىدا قالغان ئېشەك ئۆلۇر.

△ ئارپىسىز ئات داۋان ئاشالماس، ياردەمسىز باتۇر جەڭدە يېڭەلمەس.

△ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.

△ بايتال بەيگىگە يارىماس.

△ ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر.

△ ئاتنىڭ سۆلىتى يالىسىدا، خورازنىڭ سۆلىتى تاجىسىدا.

بۇلاردىن باشقا مەخسۇس ئات ھەققىدىكى قوشاقلارمۇ خېلى كۆپ.

ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا ئاتنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى دورىلىق قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئاتنىڭ گۆشى، سۈتى ۋە قىمىزى قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئاتنىڭ دورىلىق قىممىتى ھەققىدە ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تەبىئىيىتى: گۆشى 2 - نىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. خۇسۇسىيىتى:

غەيرەتلىك قىلىش، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، سوغۇق مىجەز كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تەڭشەش، مۇپاسىل، لەقۋا، ئەزا تىترەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە».

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئاتنى ئۆزىنىڭ يېقىن ھەمراھى قىلىپ، ئاتنى ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىق ھېسابلاپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئات ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقىدا يەنىلا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

## ئويلىنىش . گۇمانلىنىش

1. خەلق ئارىسىدىكى ئاتقا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت، ھېكايە (جەڭنامە)لەرنى ئىگىلەپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ. ماقال – تەمسىل ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى توپلاپ كېلىڭ.

2. بۇفون يازغان «ئات» دېگەن تېكىستتە قولدا بېقىلغان ئات يېزىلغان، تەبىئىي ھالەتتىكى ياۋا ئاتمۇ يېزىلغان. تېكىستنى تەكرار ئوقۇپ، بۇ ئىككى خىل مۇھىتتىكى ئاتلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ. قايسى ئاتنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. بۇفون يازغان «ئات» دېگەن ئەسەردە ئاتنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىشتا ئات نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. بۇنداق يېزىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان ياكى كۆرگەن بىرەر كىچىك ھايۋاننى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىشنى سىناپ كۆرۈڭ.

4. بۇفوننىڭ ئەسىرىدە «تەبىئىيلىك سۈنئىيلىكتىن تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ؛ بىرەر ھايۋاننىڭ تېنىدىكى ھەرىكەت ئەركىنلىكى گۈزەل تەبىئىيلىكنى ھاسىل قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ ئاتنى كۆندۈرگەنلىكىگە قانداق قارايسىز؟

5. بۇفوننىڭ ئات توغرىسىدىكى ھېسسىيات مايىللىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ھېسسىيات مايىللىقى ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن سۆز –

جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ ھەممە بۇخىل مايىللىقنى ئىپىتىپ بېرىڭ.

6. «ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىدە ئاتنىڭ تارىخىمىزدىكى تۆرلۈك رولى بېرىلغان. سىز «ئات مەدەنىيىتى»نىڭ قىممىتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭىز؟

*7. تۈركىيە يازغۇچىسى ياشار كامالنىڭ «كور ئوغلى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئات ھەققىدىكى تەسىراتىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ.

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

1. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىڭلار. سۆزنى مۇشۇ مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ماتېرىياللار ۋە مەسىلىلەردىن باشلاپ، مۇنازىرە قىلساڭلارمۇ بولىدۇ.

2. ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر چىقىش نۇقتىسىنى تاللىۋېلىپ، ھەرخىل پايدىلىنىش كىتابلىرى ۋە ئىنتېرنېت توردىن پەنمۇ ئىلگىرىلەپ ماتېرىيال توپلاپ، ئات توغرىسىدا قىسقا ئىلمىي ماقالە ياكى ئاددىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىڭ.

تۆۋەندىكى «تېما ئۈلگىلىرى»دىن پايدىلانسىڭىزمۇ، يازغان ئەسىرىڭىزنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزىڭىز ماۋزۇ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«ئات توغرىسىدا»

«ئاتنىڭ رولىدىكى ئۆزگىرىش» (كۆرسەتمە: قاتناش ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاتلارنىڭ رولى ۋە ئورنىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقانلىقىنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ).

«ئاتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى بارمۇ؟»

ئالتىنچى بۆلەك



# شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى

شېئىر — ئادەمدىكى ئىنچىكە ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ تەبىئىيتى زىلىلىشىپ، تەسەۋۋۇرى مولىلىشىدۇ. ئېسىل شېئىرلار زامان - زامانلاردىن ئۆتۈپ، ھەربىر ئەۋلادنىڭ ھېسسىياتىنى تاۋلايدۇ، تەپەككۇرىنى بېيىتىدۇ.

شېئىرلارمۇ ئادەمدەكلا ھەرخىل بولىدۇ. سىز بۇ بۆلەكتە ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرقلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ئوقۇيسىز. دۇنياغا داڭلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قانۇن، ئادالەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك، ئەمما ساددا مىسرالىرى، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى قەدىمكى ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ تارىخىي رېئاللىق ۋە ئىنسان روھىدىكى چىنلىقنى ئەسلىتىدىغان تاتلىق شېئىرلىرى سىزنى يېڭى ئوي - خىياللارغا چۆمدۈرىدۇ.





# 21 . چەت ئەل شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

## ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى

پۇشكىن[1]

ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى ،
ھەسرەت چەكمە ، بولما پەرىشان .
تىنچلانماق لازىم قايغۇدا ،
قوۋناق كۈنلەر كېلىدۇ ھامان .

مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك ،
رازى بولماس بۈگۈندىن ئىنسان .
كېتەر ئۆتۈپ ھەممە بىر پەستە ،
ئۆتكەنلىرى بولۇر قەدىردان .

1825 - يىل

(ئىزاھ : پۇشكىن بۇ شېئىرنى ئۈچ تاغ يېزىسىنىڭ خوجايىنى ئوسىپوۋانىڭ 15 ياشلىق قىزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ قويغان .)

---

[1] پۇشكىن (1799 — 1837) — رۇس شائىرى . مەشھۇر شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن «يېۋگېنى ئونېگىن» ، «ئەركىنلىك» ، «چائادىيېفقا» قاتارلىقلار بار . ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ۋە رۇس تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن . «ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى» دېگەن بۇ شېئىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلغان ، قۇربان بارات تەرجىمە قىلغان «مىس چەۋەنداز» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# مېڭىلمىغان يول

روبېرت فروست[1]

ئىككى يول بار ئالتۇن رەڭلىك ئورماندا ،
ئەپسۇس ، پەقەت ماڭالايمەن بىرىدە .
كۆز تاشلىدىم بىر يولغا مەن دوقمۇشتا ،
باقتىم ئۇزاق ، كۆزۈم يەتكەن يېرىگە ،
كىرىپ كەتكەن ئىدى ئورمان ئىچىگە .

تاللىۋالدىم يولنىڭ يەنە بىرىنى ،
چۆپلەر باسقان ،
خىلۋەت ئىدى زىيادە ،
گوزەللىكى تارتار كۆڭۈل مەيلىنى .
شۇنداق يول بۇ يولۇچىسى بەكمۇ ئاز ،
ئاز كۆرىسەن سەيياھلارنىڭ ئىزىنى .

ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيدۇ شۇ سەھەر ،
ياتار يوللار غازاڭلارنىڭ ئاستىدا .
نىمە ئامال ، كېيىن ماڭاي بىر يولدا ،
بىلىمەنكى ، بۇ يول چەكسىز ، بىپايان ،
قالماي دېدىم يانالمىغان ئەھۋالدا .

---

[1] روبېرت فروست (1874 — 1963) — ئامېرىكىلىق شائىر . «ئۆسمۈرنىڭ ئىرادىسى» ، «تاغلار» ، «غەربكە ئاققان سۇلار» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار . بۇ تېكىست «جوڭگو ۋە چەت ئەلدىكى پەلسەپىۋى شېئىرلار» (جىجياڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى ، 1987 - يىل نەشرى )دىن ئېلىندى . ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە قىلدى .

ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ بەلكىم ، بىر جايدا ،
ياد ئېتەرمەن يېنىككىنە ئاھ ئۇرۇپ ،
ئاچا يول بار بۇك ئورماننىڭ قوينىدا ،
بېكىتتىممەن بىر ئۆمۈرلۈك يولۇمنى —
قەدەم ئىزى شالاڭ ئاشۇ بىر يولنى ،
تاللىۋالدىم ئۇزاق تۇرۇپ ، ياقتۇرۇپ .

## هېكايەت

شەيخ سەئدى[1]

بىر هۇنەرۋەن ، دانا يىگىت بار ئىدى ،
چېچەنلىكى شۆهرەت تاپقان ئەل ئارا .
ئىمانى پاك ، دىلى سۈزۈك ، خۇش مىجەز
كېلىشكەن هەم بۇرۇتلىرى قاپقارا .
ئىدى يىگىت ئىلمى تولۇق ، ئەمما ئۇ
«ش» هەرپىنى ئېيتالمايتتى جايىدا .
بىر ئاقىلغا ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلدىم :
ئۆتتۇر چىشى يوقمۇ نىمە ئاغزىدا ؟
بۇ سۆزۈمدىن ئاچچىقلاندى ئۇ ئاقىل ،
دېدى ماڭا تۇرۇپ دەرهال تەرىنى :
— پەزىلىتى تۇرسا ئۇنىڭ بىر تالاي ،
كۆرۈپسەنده پەقەت بىرلا ئەيىبىنى !

[1] شەيخ سەئدى (1209 — 1292) — تولۇق ئىسمى شەيخ مۇسلىهىددىن سەئدى شىرازى . كلاسسىك پارس شائىرى . «گۈلىستان» ، «بوستان» ناملىق ئىككى مەشهۇر كىتابى بار . بۇ ئەسەر ئۇنىڭ 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ، قۇربان بارات تەرجىمە قىلغان «بوستان» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى» دېگەن شېئىرنىڭ نەسىھەت خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ھېچقانداق كونكرېت ئوبرازغا ئىگە ئەمەس. ئۇ دۇنياغا كەڭ تارقالغان مەشھۇر شېئىر. سىز بۇ شېئىرنى ياقتۇرامسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ.

2. «مېڭىلمىغان يول» دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىڭ. ئۇنىڭدىكى «يول»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ۋە شېئىردىكى كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

3. «ھېكايەت» دېگەن شېئىرىي پارچىدا كىشىلەردىكى قانداق ئىللەتنىڭ كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىڭىز؟ بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن بىرەر ئەمەلىي مىسال ئېلىپ سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

*4. «ھېكايەت» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان ماقال ــ تەمسىللەردىن بىرنەچچىنى تاپالامسىز؟

# 22 . كلاسسىك شېئىرلاردىن نەمۇنە

## ھۆكۈمدار ۋە قانۇن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ①

2015 ئىككى نەرسە ئەلگە باغ ، ئاچقۇچ ئۆزى :
ھوشيارلىق ۋە قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزى .

2017 قايۇ بەگ يۈرۈتسە قانۇننى كۈنى ،
تۈزەتتى ئۇ ئەلنى ، تۇغۇلدى كۈنى .

2031 نېمە دەيدۇ ، ئاڭلا بىلىملىك سۆزۈن :
بولالمايدۇ زالىم ھۆكۈمران ئۆزۈن .

2032 زۇلۇم - ئوت ، يېقىنلاشسا ، ئۇ كۆيدۈرەر ،
قانۇن — سۇ ، ئۇ ئاقسا ، نېمەتلەر ئۈنەر .

2033 بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۆزۈن ھۆكۈمران ،
قانۇن تۈز يۈرۈت ، خەلقنى ئاسرا ھامان .

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە ، تۈزىلۇر جاھان ،

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 — 1085) — قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى . ئۇ پارچە ئۆلمەس دۇنياۋى كلاسسىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئىجاد قىلىپ قالدۇرغان . ماۋزۇ تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلدى .

زۇلۇم بىرلە كېمىپ ئەل ، بۇزۇلۇر جاھان .

2035 كۆپ ئۇردا بۇزدى زالىم زۇلۇم بىلە ،
تىرىك ئۆلدى ئاخىر ئۇ ئاچلىق ئىلە .

2036 تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۈرۈتسە قانۇن ،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس ، تۇرار بەك ئۇزۇن .

2037 ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىبقىران ،
ئەگەر ئاتىنىپ قالسا يالغانچى خان .

2038 سۆزى چىن بولسا بەگنىڭ ، خۇلقى گۈزەل ،
ئىشەنگەي ، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاڭا ئەل .

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر ،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇساللىق قىلۇر .

2045 يۈرەكلىك يۈرەكسىزلەر ئۇلسا بېشى ،
يۈرەكلىك بولۇر ئۇندا ھەممە كىشى .

2047 بولۇۋەرسە ئىتقا كۆر ، باش ئارسلان ،
بولۇر ھەممە ئىتلار ئارسلانسىمان .

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش ،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان .

## چېگرا ناخشىسى

دۇفۇ[1]

يانى تارتسالىڭ تارت ئۇنىڭ كۈچراقىنى ،
تاللا ھەم ئوقنىڭمۇ ئۇزۇنراقىنى .

ئادەم ئاتسالىڭ ئېتىڭنى چەنلە ئاۋۋال ،
ياۋنى تۇتسالىڭ تۇت ئاۋۋال سەردارىنى .

باركى ھەر ئەلنىڭ تېگىشلىك پاسلى ،
قوغدىماق ھەقتۇر ئۇنىڭ گىردابىنى .

كۆپ تالاپەتكە نېمە ھاجەت ئېرۇر ،
بولدىغۇ توسسا رەقىپ ئاياغىنى .

## سەۋرچانلىق ھەققىدە

ئەھمەد يۈكنەكى[2]

108 بالا كەلسە سەۋر قىل شادلىقنى كۈتۈپ ،
كۈتۈپ تۇر شادلىقنى دەردىڭنى يۇتۇپ ،
ئۆچەر جاپا ئوتى ، كېتىپ تۆۋتى ،

1 دۇفۇ (712 — 770) — تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر رېئالىست شائىر . ئۇ مەخسۇس «چېگرا ناخشىلىرى» دېگەن نامدا تۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان . بۇ شېئىر مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان ، ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلغان «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن» ئېلىندى .

2 ئەھمەد يۈكنەكى قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ، يەنى مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشىغان مەشھۇر شائىر . ئۇ ئوما ئىدى . بۇ پارچە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتنىڭ سوۋغىلار) ناملىق كىتابىنىڭ 1980 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى .

قالۇر سەۋر ئىگىسى ساۋابىن يۇدۇپ .

109 ئۇلۇغلۇققا يەتسەڭ بۇزما ئۆزۈڭنى ،
ئەتلەس كىيسەڭ ، ئۇنتۇما كىيگەن بۆزۈڭنى .
ئۇلۇغ بولغانىسىرى بولۇپ مۇلايىم ،
چوڭ - كىچىككە سىلىق قىلغىن سۆزۈڭنى .

110 ئۇقۇپ سۆزلە سۆزنى ، قىزىپ سۆزلىمە ،
سۆزۈڭ يوشۇر ، ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ يۈرمە .
مىڭ دوستۇڭ بولسا گەر ئۇنى كۆپ دىمە ،
بىر دۈشمەن بولسىمۇ ، ئۇنى ئاز دىمە .

113 ھەر ئىشقا يولۇقساڭ تېگىنى ئويلا ،
ئۇ ئىشنىڭ ئوڭىنى ، سوڭىنى ئويلا .
سۆيۈنۈش بەرسە گەر بېغىشلا كۆڭلۈڭ ،
ئۆكۈنۈش بەرسە گەر ھەم ئۇنى ئويلا .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «ھۆكۈمدار ۋە قانۇن» ماۋزۇلۇق شېئىرىي پارچىنى ئوقۇپ، زالىم، مۇستەبىت ھۆكۈمدار بىلەن قانۇن بويىچە ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمدارنىڭ پەرقى توغرىسىدا قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

2. 2047 – ۋە 2048 – بېيىتنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇنى يادلىۋېلىڭلار.

3. «چىگرا ناخشىسى» ناملىق بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قايسى نۇقتىلاردا ئىپادىلىگەن؟

4. «سەۋرچانلىق ھەققىدە» ناملىق بۇ شېئىرىي پارچىدا شائىر سەۋرچان بولۇشنى كىشىلىك ھايات پەزىلىتى سۈپىتىدە ھەر تەرەپلىمە نۇقتىلاردىن تەشەببۇس قىلغان. سىلەر سەۋرچانلىق مەسىلىسىگە قانداق قارايسىلەر؟

## 23 . ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

### ئايرىلمىغىل

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ھەممىتىڭدىن ، غەيرىتىڭدىن ئۇل ، لېكىن ئايرىلمىغىل ،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر ، قايرىلمىغىل .

مانىئىڭ كۆپ بولسىمۇ ، قورقماي ئۇزۇپ ئالدىڭغا باس ،
تاغۇ تاش ، دەريا ، ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل .

ئات ئۇزۇڭنى بەھرىگە ، يا غەرق بول ، تاپ گۆھەر ،
شىر نە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن يانمىغىل .

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇجۇلىشىپ ، سەككىز تەرەپ تىغ تەڭلىسە ،
ئېلىشىپ قانغا بويال ، نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل .

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ ،
بۇ نىچۈك بولغاي كېيىن دەپ ، يوق خىيالغا قالمىغىل .

---

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) — ۋەتەنپەرۋەر شائىر . تۇرپاندا تۇغۇلغان . «ئۇيغۇر» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى . ئۇ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش غايىسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان . مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 32 يېشىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان . ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر شائىر . بۇ شېئىر ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى .

سەن ۋەتەن ، مىللەت دېسەڭ ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى ،
بول جەسۇر ، ئالىي نىشان ، كۈلچەڭ - بۇلاقتا قانسىغىل .

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قېلىپ ،
ئۇشبۇ ۋىجداننى كېيىن پۇتمەس ئازابقا سالمىغىل .

## ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ

ئوسمانجان ساۋۇت[1]

قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ ،
كېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ .
قىلىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن ،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ .
ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا ،
مېھرىڭدىن تاشقىنمۇ بەردىڭ سەن سەزگۇ .
مەن سىينىڭ پەرۋانەڭ ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ
ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ .

[1] ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان . ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ، «تاڭ لىرىكىلىرى» ، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق تۆت شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان . «ۋەتىنىمسىز يۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ، «توزان تەسەددىسى» ، «ياغرا ، ئەجەم» قاتارلىق شېئىرلىرى مەشھۇر .

قاراپ سۇردۇڭ خىيال ، ئوغلۇم .
پەرەز قىلسام ، كىزەر ئۆسمۈر
دىلىڭدا بىر سوئال ، ئوغلۇم .

بۇگۈنكى ئەپتى ـ ئەسكەتى
سۇرەتكە ئوخشىماس راستتىن .
ئاسانمۇ ئۇن قارا قىشنى
قەيەستە ئۆتكۈزۈش باشتىن !

چاناقلارغا پېتىپ كەتكەن
كۆزىدىن قورقما ، ئەيمەنمە .
سۆڭەككە چاپلىشىپ كەتكەن
يۈزىدىن قورقما ، ئەيمەنمە .

داداڭ شۇ ، ئات ئۆزۈڭ ، ئوغلۇم ،
قۇچاقلاپ ، ئېيت سۆزۈڭ ، ئوغلۇم !

3

سېزىكلىك چاغلىرىم ... باشقا —
جۇدالىق مۆلدۈرى ياغدى .
ئاتاڭ تاشلاندى زىندانغا ،
بۇ ھىجراندىن يۈرەك ئاغدى .

تۇغۇلدۇڭ ، ئەي ئەزىز ئوغلۇم ،
ھۇۋقۇشلار ھۇۋلىغان تۈندە .
جەھەننەم ئوتلىرى بۇ جان —
تىنىمنى قورۇغان تۈندە .

«دادا ـ داد ـ داد ...» دېسەڭ ، ئوغلۇم ،

كۆزۈمدىن ئاقتى قانلىق ياش .
داداڭنىڭ لەۋزى ھەم مېھرىڭ
ماڭا بەردى چىدام ــ بەرداش .

«دادام كىم ؟» دەپ سوراپ قالدىڭ ،
ئاشۇ سۈرەتنى كۆرسەتتىم .
«دادام نەدە ؟» قىلالماي سۆز ،
ئەلەملىك تولغىنىپ كەتتىم···

دېدىڭ بىر كۈن : «ئانا ، سۆزلە
دادام قىلغان جىنايەتنى .»
دېدىم : «ئوغلۇم ، داداڭ سۆيگەن
ئەقىلنىڭ نۇرى — ھېكمەتنى .

ۋەتەننىڭ قىسمىتى ، بەختى
داداڭنىڭ شۆھرىتى ، ئوغلۇم .
گۇناھى : ئەل ئۈچۈن تۆككەن
ھالال تەر — مېھنىتى ، ئوغلۇم ! ··· »

داداڭ شۇ ، قوي يىپتىرقاشنى ،
قۇچاقلا ، شۇ گۆھەر تاشنى !

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. «ئايرىلمىغىل» دېگەن شېئىرنىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن بىلىۋېلىڭلار.

2. «ئايرىلمىغىل» دېگەن شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى قانداق ئىپادىلەنگەن؟ بۇ شېئىرنى ھېسسىياتـ

— كايىما ، بوۋاي ،سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان .
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ،
شۇنداق ناخشا بۇ ، تۈگىمەيدىغان !

1956 ـ يىل ئاۋغۇست

## تار كوچا

ياسىن مۇخپۇل[①]

كۆز ئېچىپ ئالەمگە تۆرەلگەندە مەن ،
شۇ گۈزەل ھۆسنۈڭگە باقتىم تار كوچا .
جان ئانامنىڭ باغرىدەك باغرىڭغا مەن ،
قانمىدىم ، باغرىمنى ياقتىم تار كوچا .

بويلىرىڭدىن ئۆتكۈنۈمدە ھەر قاچان ،
شۇ گۈزەل ھۆسنۈڭگە باقتىم تار كوچا .
كىم سېنى تار دەيدۇ ، قوينۇڭ بىر جاھان ،
گۈل ـ چېچەك ، رەيھان پۇرايسەن تار كوچا .

سەندە خۇشخۇي مىڭ ئانىنىڭ مېھرى جەم ،
شۇڭا مەن ئىشقىڭداياندىم تار كوچا .
مەيلى پارىژ ، مەيلى ئىستانبۇلدا مەن ،
سېغىنىش قەلبىمدە گۈلخان تار كوچا .

① ياسىن مۇخپۇل 1949 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . كومپوزىتور ، شائىر ، تەتقىقاتچى . ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ .
«بوغدا ئاتا» ، «سىرلىق تۇمان» ، «ئۇزاق يول» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر .

مېنى تۇغقان جان ئانام سەن تار كوچا ،
مېنى ئۆستۈرگەن ئانامسەن تار كوچا .
شۇنچە بەرنا قىز ـ يىگىتكە پاسىبان ،
بىر گۈزەل دىلبەر ماكان سەن تار كوچا .

## سادىر پالۋان ناخشىسى[1]

سادىر دەپ ئېتىم يامان ،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان .
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا ،
دۈڭ يامۇلغا سولانغان .

يامۇلدا ئۇزاق يېتىپ ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى .
مەن يامۇلنى تەشكەندە ،
قوۋۇرغا پىچاق بولدى .

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ ،
ئىككى چىقتىم تالاغا .
مېنى باققان بەش يايى ،
ئەمدى قالدى بالاغا .

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى ،
ئېگىز قارىغاي چەنزە .
يامۇلنى تېشىپ چىققان ،

[1] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»دىن ئېلىندى (1987 ـ يىل نەشرى) .

سادىر ئۆزى خوخەنزە .

يامۇلىنىڭ ياغاچلىرى ،
ئېگىز قارىغاي چەنزە .
سادىر ئۆزى خوخەنزە ،
قولىدا پولات - نەيزە .

## ئىزدىنىش ۋە مەشىق

1. تېكىستتىكى «تۆگمەس ناخشا» نېمىگە قارىتىلغان؟
2. ئاپتور تېكىستتە تار كوچىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە سېغىنىدۇ؟
3. بۇ تېكىستتە سادىر پالۋاننىڭ قانداق روھى ئىپادىلەنگەن؟

*4. سىز يۇقىرىقى ناخشىلار ئىچىدە قايسى ناخشىنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن شۇ ناخشىنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

# ئىختىيارىي ئەسەر يېزىش

ئىختىيارىي ئەسەر يېزىشنىڭ ئۇچرايدىغان چەكلىمىسى ئاز، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ساۋاقداشلار ئىختىيارىي ھالدا كۆزىتىپ ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئەركىن تەسەۋۋۇر ۋە بىرلەشمە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئوبيېكتىپ مۇھىتتىن قارىغاندا، بىز مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە تەبىئىي مۇھىت ئىچىدە ياشايمىز، مەكتەپ مەنزىرىسى، يۇرتىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرى، تاغ - دەريالارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرى، بارچە جانلىقلار ۋە مەۋجۇداتنىڭ ئوبرازى پۈتمەس - تۈگىمەس تېما ۋە مەزمۇنلارنىڭ مەنبەسىدۇر. بىز نېمىنى كۆرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق نېمىنى ئويلىغان بولساق، شۇنى يازساق، يازغان ئەسىرىمىز كۆپىنچە تولۇق مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

سۇبيېكتىپ دۇنيادىن قارىغاندا، بىزنىڭ چوڭقۇر قەلب قاتلىمىدىكى ئىدىيە، ھېسسىيات، قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىزھار قىلىشىمىزغا بولىدۇ. ياشلىق ھەققىدىكى سۆزلەر، كىشىلىك ھاياتتا دىلىمىزنىڭ بىردىنلا يورۇپ كېتىشى، قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببەت، يۇرت مۇھەببىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىقچىلىق مەزمۇنى قىلىشقا، ھەممىسىگە قارىتا چەكسىز سۆيگۈ ئىزھار قىلىشقا بولىدۇ. بىز نېمىنى ئويلىساق شۇنى يېزىشىمىزغا، قانداق ئويلىغان بولساق شۇنداق يېزىشىمىزغا بولىدۇ، بۇنداق

يېزىلغان ئەسەر كۆپىنچە چىن ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ.

ئىختىيارىي ئەسەر يېزىش نىشانسىز ئوق ئېتىش ئەمەس، بەلكى نىشانلىق ئوق ئېتىش؛ كېسەل بولمىسىمۇ ئىڭراش ئەمەس، بەلكى قوزغالغان ھېسسىيات ئاساسىدا يېزىش دېمەكتۇر. ئىختىيارىي ئەسەر يېزىشتىكى ئەڭ زور ئىختىيارلىق — ساۋاقداشلارنى «زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلالايدىغان» قىلىشتىن ئىبارەت. ساۋاقداشلار تۇرمۇشقا چۆكسە ۋە تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلسىلا، يېزىش «ئېھتىياجى» تۇغۇلىدۇ؛ «ئېھتىياج»نىڭ نېمىلىكىنى تولۇق بىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلار گەپنى «مۇۋاپىق قىلىش» ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئىختىيارلىق نىسپىي بولىدۇ، خۇددى قۇشلار ھاۋا بولغاچقىلا ئەركىن پەرۋاز قىلغانغا، بېلىقلار پەقەت سۇ ئىچىدىلا ئەركىن ئۈزەلىگەنگە ئوخشاش، ئىختىيارىي ئەسەرمۇ مەزمۇن جەھەتتە ساغلام بولۇشى، يېزىلىش جەھەتتە زۆرۈر قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

1. ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى تۇرمۇشنى تېما قىلغان ھالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ ياكى پاكىتلارنى خاتىرىلەڭ، ياكى ھېكايە توقۇڭ، ياكى پېرسوناژلارنى سۈرەتلەڭ، ياكى مەنزىرە تەسۋىرلەڭ. ژانىرى چەكلەنمەيدۇ، مەزمۇننى كونكرېت ئىپادىلەڭ، ھېسسىيات چىن بولسىلا بولىدۇ.

2. دادىڭىز، ئانىڭىز، بوۋىڭىز، مومىڭىز ياكى باشقا تۇغقانلىرىڭىزنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلاپ، ئىگىلىگەن خام ماتېرىياللىرىڭىز بويىچە بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. تېمىسى ۋە چىقىش نۇقتىسىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ژانىرى چەكلەنمەيدۇ.

سىنىپ بويىچە «دوستلار ھېكايە ئېيتىش يىغىنى» ئۇيۇشتۇرۇشقا بولىدۇ.

3. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق مەشقى: مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە سىزنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگەن ئادەم ۋە ئىش ھەققىدە بىر پارچە ئىختىيارىي ئەسەر يېزىپ، ئويلىغانلىرىڭىزنى بايان قىلىڭ.

# ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

## مۇشائىرە

ئۇيغۇرلار تارىختا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىكى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان سانسىز شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. نۇرغۇن شېئىرلار كىشىلەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساغلام تەربىيىلەپ كەلگەن، بۇ شېئىرلار مىللىتىمىزنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. شېئىرلارنى ئوقۇش ۋە يادلاش — ئەدەبىي ساپانى ئۆستۈرۈپ، مەنىۋى كەيپىياتنى تاۋلاشتىكى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت.

بۇ بۆلەكتىكى شېئىرلارنى ئوقۇسىڭىز، سىزنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭىز كېڭىيىپ، شېئىرغا بولغان قىزىقىشىڭىز چوقۇم تېخىمۇ ئاشىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ شېئىر ئوقۇش ئەھۋالىنى نامايان قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، سىنىپتا مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1. مۇشائىرىنىڭ باش تېمىسىنى بېكىتىش. بىر قېتىملىق مۇشائىرە يىغىلىشىدا پەقەت بىرلا باش تېما بولىدۇ. بىرەر ئاپتورنىڭ شېئىرلىرى، مەسىلەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى بويىچە مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈشكە؛ مەلۇم بىر خىلدىكى كىشىنىڭ شېئىرلىرى، مەسىلەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شېئىرلىرى بويىچە

مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈشكە؛ مەلۇم بىر پەسىل توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلار، مەسىلەن، باھار مەدھىيىلەنگەن شېئىرلار بويىچە مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈشكە؛ مەلۇم بىر بايرام توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلار، مەسىلەن، نورۇز بايرىمى شېئىرلىرى بويىچە مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈشكە؛ شۇنداقلا مەلۇم بىر شەيئى ياكى مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلار، مەسىلەن، يۇلغۇن ياكى توغراق مەدھىيىلەنگەن شېئىرلار بويىچە مۇشائىرە يىغىلىشى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. ئېنىق بىر باش تېما بولغاندىلا، مۇشائىرە دائىرىسى ئاندىن بىرقەدەر ئېنىق بولىدۇ.

2. مۇشائىرىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەش. بۇ يەردىكى مەزمۇن نېمىنى كۆزدە تۇتۇشنى بىلدۈرىدۇ. يادلىنىدىغان شېئىرلارنىڭ ھەجمىنى كۆزدە تۇتۇشنىمۇ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ماھارىتىنى كۆزدە تۇتۇشنىمۇ، شېئىرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇشنىمۇ، شۇنداقلا يەنە مەنزىرىگە قاراپ شېئىر ئېيتىشنىمۇ، شەيئىلەرنى كۆرسىتىپ شېئىر توقۇشنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مۇشائىرە ئۆز نۆۋىتىدە شېئىر ئىجادىيەت بەيگىسىدۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شېئىر ئىجادىيىتى مۇسابىقىسى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن كونكرېت تەلەپكە ئىگە بولىدۇ.

3. مۇشائىرىنىڭ شەكلىنى تاللاش. ئادەتتە قوللىنىلىدىغان شەكىللىرى مۇنۇلار: ① بەسلىشىش شەكلى. يەنى ئىككى تەرەپتىن ئوخشاش ساندىكى ماھىرلار ئايرىم ھالدا مۇنبەرگە چىقىپ، تەلەپ بويىچە ئورۇندايدۇ، باھالاش ھەيئەتلىرى باھالاپ نومۇر قويىدۇ، ئومۇمىي نومۇرغا ئاساسەن يېڭىش - يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ. ② سوئال - جاۋاب شەكلى. يەنى باھالاش ھەيئىتى ياكى قارشى تەرەپ تەلەپ قويۇپ، يەنە بىر تەرەپ تەلەپ بويىچە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدۇ ياكى جاۋابەن شېئىر ئوقۇيدۇ. بۇنى ئىككى تەرەپ نۆۋەت بىلەن ئورۇندايدۇ، باھالاش ھەيئەتلىرى نومۇر قويىدۇ، ئومۇمىي نومۇرغا ئاساسەن يېڭىش - يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ. ③ ماھارەت كۆرسىتىش شەكلى. يەنى چەك تارتىش ئارقىلىق مەلۇم بىر تەرەپنىڭ

ئالدى بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشى بەلگىلىنىپ، ئاندىن قارشى تەرەپ سوئال قويۇپ جاۋاب ئالىدۇ. بۇنى ئىككى تەرەپ نۆۋەت بىلەن ئورۇندايدۇ. باھالاش ھەيئەتلىرى نومۇر قويۇپ، ئومۇمىي نومۇرغا ئاساسەن يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ④ نومۇر جەملەش شەكلى. يەنى ئىككى تەرەپ مەلۇم تەلەپ بويىچە گۇرۇپپا بولىدۇ، ئاندىن رىياسەتچىلىك قىلغۇچى سوئال قويىدۇ، ئىككى تەرەپ بەلگىلىك شەكىلدە سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ، باھالىغۇچىلار نومۇر قويىدۇ، ئومۇمىي نومۇرغا ئاساسەن يېڭىش - يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ.

4 . مۇشائىرىدە باھالاش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ. رىياسەتچى تاللىنىدۇ. باھالاش ھەيئىتى مۇسابىقىگە نومۇر قويۇش قائىدىسىنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىقى تەلەپلەر بويىچە بىر قېتىملىق سىنىپ مۇشائىرە يىغىلىشىنى كوللېكتىپ پىلانلاش لازىم. پىلانلاش مۇشائىرە يىغىلىشىنىڭ باش تېمىسى، مەزمۇنى، شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشائىرە يىغىلىشىدىن كېيىن، ھەرقايسى گۇرۇپپىلار «مۇشائىرە يىغىلىشى مەخسۇس بېتى» بويىچە بىر سان قولىيازما گېزىت، سىنىپ «مۇشائىرە يىغىلىشى مەخسۇس بېتى» بويىچە بىر سان تام گېزىت تەييارلايدۇ. مەكتەپ ژۇرنىلى ۋە ئالاقىدار گېزىت، ئەدەبىي ژۇرناللارغا يازما ئەسەر ياكى سۈرەتلىك خەۋەر ئەۋەتىپ مۇشائىرە يىغىلىشىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىدۇ.

| | تۈرى | مەنىسى | مىسال |
| --- | --- | --- | --- |
| لوغەت تەركىبى — بىر تىلغا مەنسۇپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. | ئاساسىي لۇغەت تەركىبى | ئەڭ تۇراقلىق، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت. | تاغ، بۇرۇن، دادا، ياستۇق، دەرەخ، ئۇخلاش، ئېگىز، ئاخشام، بەش، مەن، لېكىن، پاژ – پۇژ، ۋايىيەي |
| | ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى | نىسبەتەن تۇراقسىز، ئاممىباپلىقى بىر ئاز تۆۋەن، سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولغان (ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن باشقا) سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. | بەدىئىي توقۇلما، مارس، ھۆجەيرە، ئېلېكتر بېسىمى، مۇشرىك، ياساۋۇل، پەلسەپە، ئۇچار تەخسە |

# ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي ۋە كۆچمە مەنىسى

| تۈرى | مەنىسى | مىسال |
| --- | --- | --- |
| سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى | شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ سۆزدە بىۋاسىتە ئىپادىلىنىشى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى بولىدۇ . | ① تۈلكە ئادەمسىز جايلاردا ياشايدۇ . ② داتلاشقان ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپنى ئاچقىلى بولمايدۇ . («تۈلكە» ، «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزلەر ئەسلىي مەنىسىدە كەلگەن .) |
| سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى | ئاۋۋالقى ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ، سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يېڭى مەنىسى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بولىدۇ . | ① بۇ ئادەم تازىمۇ تۈلكە ئىكەن . ② مانا بۇ مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ . («تۈلكە» ، «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسى ئاۋۋالقى مىساللارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ .) |

# تىنىش بەلگىلەر

## 1 . تىرناق (  )

① جۈملىدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز - جۈملىلەر ۋە سان - سېپىرلار تىرناق (ئىسكوپكا) ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن ، ئېلتىماس يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاخىرىغا ئىمزا (ئېلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ) ۋە يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىشى كېرەك .

دارۋىن (1809 — 1882 ) — ئەنگلىيىلىك بىئولوگ ، تەدرىجىي تەرەققىياتچىلىقنىڭ ئاساسچىسى .

② ئۆزۈپ ئېلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئاپتورىنى ياكى بولمىسا ئەسەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرناق قويۇلىدۇ .

مەسىلەن ، بىلىمسىز تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر . جاللات تىغ بىلەن ، بىلىمسىز تېۋىپ زەھەر بىلەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىلدۇر («نەۋائىي دۇردانىلىرى»دىن ) .

③ دراممىلاردا پېرسوناژلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ياندىما سۆز - جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن ، نۇرۇم : مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى . (ئۇچى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرىدۇ ) ئىسىت ئېچىلماي توزۇغان غۇنچەم .

## 2 . سىزىقچە (-)

① سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈشتە سىزىقچە قوللىنىلىدۇ .

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ . دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قوللىنىلىدۇ ۋە «ھە» ، «دە (تە)» «يۇ» ، «يا»

(ئۆزگەرگەن شەكلى «يە» ) ئۇلانمىلىرىنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلـ
دۇ .

مەسىلەن ، ئۇ ئۇپۇل - توپۇل ئالدىمغا كەلدى - دە ، «7 - چىسلاغىچە ئىشىمىزنى تۈگەتسەك بولاتتى - ھە !» دېدى .

### 3 . سىزىق (—)

① دىئالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى يېڭى قۇردىن باشـ
لانغاندا ، ئۇنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ . ئاپتور سۆزى بىلەن پېرـ
سوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە ، ئارىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

بىر كۈنى ئايالىم :

— ۋۇي ماڭا قاراڭ ، يەنە ئازراق پۇل خەجلەپ ، ئاق تاپانغىمۇ ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋەتمەيمىزمۇ ؟ — دەپ قالدى .

— نېمە دەيدىغانسەن ، ئىتقىمۇ چىش سالدۇرغان بارمۇ ؟ بۇنى ئاڭلىسا ، ھەممە ئادەم كۈلۈپ يىقىلىپ قالار ! — دېدىم .

— كۈلسە كۈلمەمدۇ ، — دېدى ئايالىم ، — چېگرىدىن سالامەت ئۆتۈپلىۋالساق ، ئۇيگە بارغاندا سۇغۇرۇپ ئېلىۋالىمىز .

② «ئۈرۈمچى — شەھەر . مەكتەپ — بىلىم بۇلىقى» دېگەندەك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە شەكلىدە ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلىدۇ .

③ «چېكىت ، پەش ، ئۈندەش ، سوئال — بۇلارنىڭ ھەممىسى تىنىش بەلگىلەردۇر . » ، «دىلنۇر ، باھادىر ، پاكزات ، ئالىپ — بۇلار 3 - سىنىپتا ئوقۇيدۇ» دېگەندەك تەڭداش بۆلەكلەردىن كېيىن كەلـ
گەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ .

### 4 . كۆپ چېكىت (…)

① پېكىرنىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى ، داۋامى بارلىقىنى بىلـ
دۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ .

مەسىلەن ، سادىر قوزغىلىپ ياخشى قىلدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھازىرچە ئۇچقۇندەك كىچىك كۆرۈنگەن بىلەن ، خەلقنىڭ غەزەپ ئوتـ
لىرى قوشۇلۇپ ئاخىر چوڭ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ…

# تىنىش بەلگىلەر

## 1 . تىرناق (   )

① جۈملىدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز ـ جۈملىلەر ۋە سان ـ سىپىرلار تىرناق (ئىسكوپكا) ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن ، ئىلتىماس يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاخىرىغا ئىمزا (ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى) ۋە يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىشى كېرەك .

دارۋىن (1809 — 1882) — ئەنگلىيىلىك بىئولوگ ، تەدرىجىي تەرەققىياتچىلىقنىڭ ئاساسچىسى .

② ئۈزۈپ ئېلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئاپتورىنى ياكى بولمىسا ئەسەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرناق قويۇلىدۇ .

مەسىلەن ، بىلىمسىز تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر . جاللات تىغ بىلەن ، بىلىمسىز تېۋىپ زەھەر بىلەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىلدۇر («نەۋائى دۇردانىلىرى»دىن) .

③ دراممىلاردا پېرسوناژلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ياندىما سۆز ـ جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .

مەسىلەن ، نۇرۇم : مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى . (ئۇچى بېشىنى تۇۋەن سېلىپ جىم تۇرىدۇ) ئىسىت ئېچىلماي توزۇغان غۇنچەم .

## 2 . سىزىقچە (ـ)

① سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈشتە سىزىقچە قوللىنىلىدۇ . جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ . دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قوللىنىلىدۇ ۋە «ھە» ، «دە (تە)» «يۇ» ، «يا»

(ئۆزگەرگەن شەكلى «يە» ) ئۇلانمىلىرىنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

مەسىلەن، ئۇ ئۇپۇل - تۇپۇل ئالدىمغا كەلدى - دە، «7 - چېسلاغىچە ئىشىمىزنى تۈگەتسەك بولاتتى - ھە!» دېدى.

### 3. سىزىق (—)

① دىئالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى يېڭى قۇردىن باشلانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. ئاپتور سۆزى بىلەن پېرسوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە، ئارىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

بىر كۈنى ئايالىم:

— ۋۇي ماڭا قاراڭ، يەنە ئازراق پۇل خەجلەپ، ئاق تاپانغىمۇ ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋەتمەيمىزمۇ؟ — دەپ قالدى.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئىتقىمۇ چىش سالدۇرغان بارمۇ؟ بۇنى ئاڭلىسا، ھەممە ئادەم كۈلۈپ يىقىلىپ قالار! — دېدىم.

— كۈلسە كۈلمەمدۇ، — دېدى ئايالىم، — چېگرىدىن سالامەت ئۆتۈپلىۋالساق، ئۆيگە بارغاندا سوغۇرۇپ ئېلىۋالىمىز.

② «ئۈرۈمچى — شەھەر. مەكتەپ — بىلىم بۇلىقى» دېگەندەك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە شەكلىدە ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلىدۇ.

③ «چېكىت، پەش، ئۈندەش، سوئال — بۇلارنىڭ ھەممىسى تىنىش بەلگىلەردۇر.»، «دىلنۇر، باھادىر، پاكىزات، ئالىپ — بۇلار 3 - سىنىپتا ئوقۇيدۇ» دېگەندەك تەڭداش بۆلەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ.

### 4. كۆپ چېكىت (…)

① پىكىرنىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى، داۋامى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن، سادىر قوزغىلىپ ياخشى قىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھازىرچە ئۇچقۇندەك كىچىك كۆرۈنگەن بىلەن، خەلقنىڭ غەزەپ ئوتلىرى قوشۇلۇپ ئاخىر چوڭ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ…

② سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى قورقۇش، جىددىيلىشىش، دۇ-دۇقلاش سەۋەبىدىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

— سەن ...سەن ... كىم سەن، بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان!؟ — دېدى دارىن بۇ ھادىسىدىن ئېسەنكىرەپ.

③ سۆز - جۈملىلەر كۆچۈرۈپ ئېلىنغاندا ياكى شېئىر مىسرالىرى تولۇق ئېلىنماي قالدۇرۇپ قويۇلغاندا، قالدۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. يەنە دىئالوگلاردا جاۋابسىز قالدۇرۇلغان ئورۇنلارغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

... شەرۋانىخاننى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئېتىڭ نېمە سېنىڭ؟

— ...

— ھەي پاخمۇ سەن، ئېتىڭ نېمە دەۋاتىمەن؟!

— ...

# ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر

| نامى | تىنىش بەلگىلەر | مىسال |
|---|---|---|
| چېكىت | . | يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانلىق . |
| پەش | ، | ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىروھىڭ سامان بولماس . |
| سوئال بەلگىسى | ؟ | — ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمىشقا قورقىمىز ؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى يېڭىلىپ قالاتتۇقمۇ !؟ تېگەيلى دېدىم . تەگدۇق ، يېڭىپ چىقتۇق . |
| ئۈندەش بەلگىسى | ! | — تۇرۇڭلار ! جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگىرەك كىرەيلى ، شۇنىڭ ئىچىدىن يول تېپىپ چىقىپ كېتىمىز . |
| چېكىتلىك پەش | ؛ | مۇلايىم سۆزلۈك ، ماھىر تېۋىپ تەن رەنجىگە شىپا ؛ بەتخۇي ، نادان تېۋىپ خەلق جېنىغا بالادۇر . |
| قوش چېكىت | : | بوۋاي يېتىش ئالدىدا : — ماۋۇ داستىخانغا «ئېچىل داستىخىنىم ، ئېچىل !» دېمەي ئوبدان قاراپ قويسىلا ، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ . |
| قوش تىرناق | « » | نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ، 1910 ـ يىلى «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئەسەر يېزىشقا باشلىغان . |

| | | |
|---|---|---|
| ياللاڭ تىرناق | ‹ › | «ئۇيغۇر بار يەردە ‹12 مۇقام› بار، ‹12 مۇقام› بار يەردە ئۇيغۇر بار» دېگەن بۇ سۆز چىن ھەقىقەتتۇر. |
| تىرناق | « » | «12 مۇقام» 242 نەغمە (مۇزىكا)، 2470 مىسرادىن تەركىب تاپقان. |
| سىزىق | — | — مانا ئەمدى ئانار پىشتى، قورققان يەردە جىن بار، دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە! |
| سىزىقچە | - | ئۇ «ئانا يۇرت» رومانىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ـ دە، دەرھال ئوقۇشقا تۇتۇندى. |
| كۆپ چېكىت | ... | «غىلاڭ ... غىلاڭ ... غىلاڭ» ئىستاتور قۇرۇق ئايلاندى. ماخمۇت شۇنچە قىلسىمۇ، ماشىنىسىنى يەنىلا ئوت ئالدۇرالمىدى. |

# قوشۇمچە I

# ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

| تۈرى | مەنىسى | مىسال |
|---|---|---|
| سۈپەتلەش | ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە، ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى، تۈرلۈك خۇسۇسىيەت، سۈپەتلىرىنى، ھالىتىنى روشەن سۈرەتلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. | ئېغىر ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالدى. قار پۈتۈن كائىناتنى ئاق پەردىگە چۈمكەپ لەپىلدەپ ياغماقتا. ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرغان مۆمىن ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ئالدىدىكى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يانقان ئوتقا قاراپ ئېغىر خىيالغا پاتتى. |
| سېلىشتۇرۇش | بىر نەرسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنى ياكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل نەرسە ياكى چۈشەنچىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئوي - پىكىرنى ئېنىق، گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. | بىلىكى چولڭ بىرنى يېڭەر،<br>بىلىمى چولڭ مىڭنى (يېڭەر).<br>(«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»دىن)<br>ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،<br>مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.<br>كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،<br>سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.<br>(ت. ئېلىيېۋ) |

## قوشۇمچە Ⅱ

# خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە

### ئىلتىماس

مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىگە :

1998 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ، بۇ مەكتەپنىڭ 7 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپىدا ئوقۇغانىدىم . يېقىندىن بېرى ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن ئۆيىمىزنى تەڭرىتاغ رايونىدىن سايباغ رايونىغا كۆچۈرۈپ كەتتۇق . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە كېلىپ ـ كېتىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم . ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇسام ، بۇ قىيىنچىلىقىم ھەل بولغان بولاتتى . مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن .

ھۆرمەت بىلەن

ئىلتىماس قىلغۇچى : ئۈ ش 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 9 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بېشارەت خالىد

2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

*ئىلتىماس يازغاندا بىرىنچى قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئىلتىماس» دەپ يېزىلىدۇ . كېيىن ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ نامى ياكى ئالاقىدار كىشىنىڭ ئىسمى ، ئاندىن ئىلتىماس مەزمۇنى ۋە سەۋەبى ئېنىق يېزىلىدۇ . ئاخىرىدا ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە يىل ، ئاي ، كۈن يېزىلىدۇ .*

## تەكلىپ قىلىش خېتى

خىزمىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قەيسەر ساتتار ئەپەندىنى مەكتىپىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق (2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە) تەكلىپ قىلدۇق.

جىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (تامغا)

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئاۋۋال باش قۇرنىڭ ئوتتۇرىغا «تەكلىپ قىلىش خېتى» دەپ يېزىلىدۇ. ئاندىن خەتنىڭ دەسلىپىدە ياكى ئوتتۇرىدا تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى يېزىلىدۇ. تەكلىپ مەزمۇنىنى يازغاندا، كىمنىڭ تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقى، نېمە ئىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇننىڭ نامى ۋە يىل، ئاي، كۈن يېزىلىپ تامغا بېسىلىدۇ.

## تەكلىپنامە

ئەسقەر مىجىت ئەپەندى:

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 دە (ئۈرۈمچى ۋاقتى) مەكتىپىمىزدە مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلمەكچى. قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى سورايمىز.

ئورنى: ئونسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇراسىم زالى.

ھۆرمەت بىلەن

ئونسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

باش قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا «تەكلىپنامە» دەپ يېزىلىدۇ. ئاندىن تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئاتىلىپ، تەكلىپ قىلىشتىكى مۇددىئا يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇننىڭ نامى ۋە يىل، ئاي، كۈن يېزىلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا تامغا بېسىلىدۇ.

## تونۇشتۇرۇش

قەشقەر شەھەرلىك گۆھەر زېمىن يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا:

مەكتىپىمىزنىڭ بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتى ئانالىز خىمىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى نەسرۇللا ئابلىمىت بىلەن ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئېزىز توختىنى شىركىتىڭلارغا بېرىپ 2004 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. زاۋۇتىڭلاردا ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ 20 كۈن پراكتىكا قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

2003 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

تونۇشتۇرۇش خېتىنىڭ يېزىلىش شەكلىمۇ باشقا خەت - چەكلەرنىڭ يېزىلىشىغا ئوخشايدۇ.

## قوشۇمچە III

# خەتتاتلىق





كۆمۈشنى ئىشلەتسە، تۈگەر يوقلۇر،
سۆزۈمنى ئىشلەتسە، كۆمۈش قازنۇر.
كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

بىلىملە پىشلىگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.
بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ تۇغرا تۇت،
ئۆگەنسەن، بىكارغا ئۆتمەسۇن بۈگۈن.

[illegible] يازغان 1982.10

ئەگەر بولسا خان، قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.
پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۆز بالاغەتتە بەك يېقىملىق.
خېتى ئۆز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.
پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن. شەرقىي يازغان


ۋەتەن ـ بەخت، ۋەتەن ـ تەخت،
ۋەتەنسىز ئامەتشى مازغاپ.
ۋەتەن قانات، ۋەتەن تۇلپار.
ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
«توي چاچقۇسى»دىن
نىياز كېرىم شەرقى يازغان

封面设计：古丽叶

ISBN 978-7-5370-5414-0

9 787537 054140 >

باھاسى : 5.89 يۈەن